www.kitaphumar.com

# بىيوگ ژارگال

**ۋېكتور ھىيوگو**

ئېلكىتاب ئىشلىگۈچى: تۇران 2013-يىلى 8-ئاي

مەنبە: ئوكيان تورى

# ئاپتور ھەققىدە

ۋىكتو گيۇگو ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەسىرى ـ «بيۇگ ـ ژارگال» نى 16 يېشىدا يېزىپ چىقىپ، دەسلەپ 1818 ـ يىلى مەكتەپتىكى بىر گۇرۇپپا دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە نەشر قىلىدىغان «ھەربىي يۇرۇشلەر ھەققىدە ھېكايىلەر» توپلىمىدا ئېلان قىلماقچى بولۇپ، كېيىن، 1820 ـ يىلى ئۆز ئۇكىسى ئابېل بىلەن ھەمكارلىشىپ نەشر قىلغان «ئەدەبىي مىراسلار» ژورنىلىدا ئېلان قىلدۇرغان. 1825 ـ يىلى «گان ئىسلاندىيىنىڭ ئاپتورى» دېگەن نام بىلەن باستۇرغان، كېيىن ئىككىنچى قېتىم تولۇقلاپ ئۆز نامىدا نەشر قىلدۇرغان.

«بيۇگ ـ ژارگال» نىڭ 1820 ـ يىلدىكى دەسلەپكى نۇسخىسى كىچىكرەك بىر ھېكايە بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاقكۆڭۈل، ئالىيجاناپ نېگىر بيۇگ ـ ژارگالنىڭ يارقىن ئوبرازى مەركەز قىلىنغان. ئەسەرنىڭ ئىككىنچى نەشرىدە بيۇگ ـ ژارگالنىڭ ئوبرازى مۇكەممەللەشتۈرۈلۈش بىلەن بىللە، ئەسەرنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى تامامەن دېگۈدەك ئۆزگەرتىلگەن، ئاددىي بىر نېگىر ھاياتىنى تەسۋىرلەيدىغان ئاددىي ھېكايە فرانسىيىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان سان ـ دومىنگودىكى قۇللارنىڭ 1791 ـ يىلىدىكى قوزغىلىڭىنى تەسۋىرلەيدىغان تارىخىي رومانغا ئايلاندۇرۇلغان. گيۇگو بۇ روماننى تارىخىي ھۆججەتلەر، ھېكايىلەر، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەرنىڭ سۆزلەپ بەرگەنلىرى ۋە گېزىت ـ ژورناللاردا چىققان خەۋەر ـ ئاخباراتلار ئاساسىدا يېزىپ چىقىپ، قوزغىلاڭ مەنزىرىسىنى نۇرغۇن تارىخىي پاكىتلار ئارقىلىق تەسۋىرلەشنى ئاساس قىلغان.

«بيۇگ ـ ژارگال» رومانى تېمىسىنىڭ ئەينى زاماندىكى مۇھىم تارىخىي ۋەقەنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى ۋە بەك قىزىقارلىق بولغانلىقى بىلەن دەسلەپتىلا جامائەتچىلىكنىڭ زور ھەۋىسىنى قوزغىغان. ئاپتور 1826 ـ يىلى بۇ رومانغا يازغان كىرىش سۆزىدە ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ھايتىدىكى نېگىرلار ۋە مۇلاتلار قوزغىلاڭلىرى 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرى ئوتتۇرىسىدا مۇستەملىكىچى ھۆكۈمرانلارنى بەكمۇ بىئارام قىلغان، بۇ ھالمۇ جامائەتچىلىكتە رومانغا نىسبەتەن زور قىزىقىش پەيدا قىلغان.

ئەسەرنىڭ 1820 ـ يىلدىكى نۇسخىسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، مەزكۇر نۇسخىسى زور دەرىجىدە پەرقلىق بولۇپ، تامامەن قايتا ئىشلەنگەن مۇكەممەل نۇسخىسى ھېسابلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ بۇ ئاخىرقى نۇسخىسىغا يېڭىدىن ـ يېڭى ئوبرازلار كىرگۈزۈلگەن، مەسىلەن، مارىنىڭ ئوبرازى، ئاق تەنلىك دوستىنىڭ مەھبۇبى بولغان مارىغا بىيۇگ ـ ژارگالنىڭ كۆڭلى چۈشۈپ قېلىشى قاتارلىقلار.

دەسلەپكى نۇسخىسىدا يۈزەكى تەسۋىرلەنگەن كاپىتان دىلمار ئاخىرقى نۇسخىسىدا خۇلق ـ مىجەز جەھەتتىن يېتىلگەن، قەھرىمان كاپىتان لېوپولددې ئوۋېرنە قىلىپ ئۆزگەرتىلگەن. يېڭىدىن ـ يېڭى ئېپىزوتلار ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك پېرسوناژلار قوشۇلغان، مەسىلەن، چاكار مەسخىرىۋاز خەبىبرانىڭ ھەجۋى ئوبرازى ۋە باشقا شەخسلەرنىڭ تىپى.

يازغۇچى «بىيۇگ ـ ژارگال» رومانىدا، ئاساسەن، مۇستەملىكىچى مۇلۇكدارلارنىڭ ۋەھشىلىكى، پەسكەشلىكى ۋە قورقۇنچاقلىقىنى، ئىنسانىيەت قېلىپىدىن چىققان زالىملىقىنى پاش قىلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان؛ ئاق تەنلىكلەرنىڭ ۋەھشىلىكىگە قارىمۇ ـ قارشى ھالدا، قارا تەنلىك نېگىرلارنىڭ پاك قەلبىگە، ئادالەتپەرۋەرلىككە ئىگە ئاقكۆڭۈل خەلق ئىكەنلىكىنى تەسۋىرلىگە؛ ئاق تەنلىك مۇستەملىكىچىلەر بىلەن قارا تەنلىك مۇستەملىكىچىلەر ۋە مۇلۇكدارلارنى بىردەك ئەيىپلىگەن؛ ئاق تەنلىك مۇلۇكدار يۇقىرى تەبىقە مۇستەملىكىچىلەر بىلەن «ئۇششاق ئاق تەنلىك» پۇقرالارنى پەرقلەندۈرگەن. نېگىر قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئەقىل ـ پاراسىتىنى ئۈستىلىق بىلەن مەدھىيىلەپ، ئاق تەنلىكلەرنىڭ نېگىرلارنى كەمسىتىشىنى ۋە ئادەم قاتارىدا كۆرمەيدىغان ئىرقچىلىق نۇقتىئىنەزىرىنى كەسكىن مەسخىرە قىلغان. يىغىپ ئېيتقاندا، ياش گيۇگونىڭ بۇ تۇنجى ئەسىرى قوزغىلاڭچى نېگىرلارغا بولغان چوڭقۇر ھېسداشلىق، مۇستەملىكىچىلىك ـ ئىرقچىلىققا بولغان چوڭقۇر نەپرەت بىلەن سۇغۇرۇلغان.

* * *

ۋىكتور گيۇگو 19 ـ ئەسىردىكى فرانسۇز ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى، تەنقىدىي رېئالىزم ۋە ئىنقىلاۋىي رومانتىزم ئۇستىلىنىڭ

ماھىر ئۇستىسى، 19-ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ ئۇلغار ئەدەبىي ئېقىمىدا ۋە جاھان ئەدەبىياتى تارىخىدا بەلگىلىك ئورۇندا تۇرىدىغان تالانتلىق يازغۇچى.

ۋىكتور گيۇگو 1802-يىلى 2-ئاينىڭ 26-كۈنى فرانسىيىنىڭ شەرقىي ئۆلكىسىدىكى بىزانسۇن شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئۇنىڭ دادىسى-سىرىسپىرگيۇگو ئاددىي فرانسۇز ئاھالىسىگە مەنسۇپ كىشى بولۇپ، فرانسىيە ئىنقىلاۋى دەۋرىدە خىزمەت قىلغان، بىر قېتىملىق قوزغىلاڭنى باستۇرۇشتا خىزمەت كۆرسەتكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ھەربىي سەپكە قاتنىشىپ، دەسلەپ كاپىتان، كېيىنچە بىرىگادا گېنېرالى ۋە ناپالىيون ئارمىيىسىنىڭ ھەربىي مۇپەتتىشى بولغان. گيۇگونىڭ ئانىسى دۆلەتمەن بايزادىنىڭ قىزى بولۇپ، ئەدەبىياتقا قىزىقىدىغان ئايال بولغان.

گيۇگونىڭ باللىق دەۋرى دائىملىق سەپەر ئۈستىدە، چەتئەللەردە ئۆتكەن. چۈنكى، ئۇنىڭ دادىسى قەيەرگە بارسا، پۈتۈن ئائىلىسىنى بىللە ئېلىپ يۈرىدىكەن. گيۇگولار ئائىلىسىنىڭ بۇنداق مۇنتىزىم سەپەرلىرى ياش گيۇگودا ناھايىتى چوڭ تەسىراتلارنى قالدۇرغان. ئۇ جەڭ مەيدانىدا، ھەربىي گازارمىلاردا، ھەربىي يۈرۈشلەردە، چەتئەلدىكى ھەرخىل خەلقلەر ئارىسىدا، چوڭ شەھەرلەردە، تاغ-دالىلاردا دادىسى بىلەن بىللە يۈرگەن، بۇ ئەھۋال بولغۇسى يازغۇچىنىڭ ئەتراپلىق تۇرمۇش بىلىمىنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بەرگەن.

ۋىكتور گيۇگو مەكتەپ بىلىمىنى پارىژ، ئىلبا ۋە مادرىد شەھەرلىرىدە ئۆگەنگەن. گيۇگولار ئائىلىسىدە ئىككى خىل سىياسىي كۆز قاراش ھۆكۈم سۈرگەن: گيۇگونىڭ دادىسى پادىشاھلىق تۈزۈمگەن (مۇنارخىيىگە) قارشى، ئانىسى پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ تەرەپدارى بولغان.

ياش گيۇگو ئانىسىنىڭ تەسىرى ئاستىدا، 19-ئەسىردىكى فرانسۇز ئەدەبىياتىدا يۇقۇرى قاتلامنىڭ مودىسىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئەكسىيەتچى رومانتىزىم ئېقىمىغا مەنسۇپ بولغان ئەسەرلەرگە قىزىققان ۋە شۇ دەۋردە بۇ ئېقىمنىڭ مەشھۇر ۋەكىلى، ئىنقىلاۋىي ھەرىكەتلەرنىڭ رىقابەتچىسى بولغان شائىر شاتوبرىئاننىڭ ئەسەرلىرىگە چوڭ ھەۋەس باغلىغان. شۇڭا گيۇگو باللىق دەۋرىدە يازغان دەسلەپكى شېئىرلىرىدا فرانسۇز مەرىپەتچىلىرىنىڭ ماترىيالىستىك نۇقتىنەزەرلىرىنى ئىنكار قىلىپ، پادىشاھلىق ۋە كاتولىك

ئىدىيىسىنى كۆيلىگەن (1822-يىلى نەشىر قىلىنغان «قەسىدىلەر ۋە باللادىلار» توپلىمى).

ۋىكتور گيۇگو 15 يېشىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەتكە كىرىشكەن ۋە شېئىرلار بىلەن بىر قاتاردا چوڭ-چوڭ نەسرىي ئەسەرلەر يازغان. 1820 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇنىڭ ئىككى رومانى-«بيۇگ-ژارگال» ۋە «گان ئىسلاندىس» نەشىر قىلىنغان. «بيۇگ-ژارگال» رومانىدا گيۇگو 1791-يىلى سان دومىنگو (هازىرقى گايتى دۆلىتىنىڭ غەربىي قىسمى) نېگىرلىرىنىڭ فرانسۇز مۇستەملىكىچىلىرىگە قارشى كۆتۈرگەن قوزغىلىڭىنى تېما قىلىپ، نېگىر قۇل بيۇگ-ژارگالنىڭ فرانسۇز خوجايىنىنىڭ قىزى مارىگە بولغان غايىۋى مۇھەببىتى ۋە بۇ مۇھەببەتنىڭ قانلىق توقۇنۇش داۋامىدىكى رولىنى ئۆتكۈر رومانتىك ۋاستىلەر بىلەن تەسۋىرلىگەن. بۇ رومان ياش گيۇگونىڭ تۇنجى ئەسىرى بولغانلىقتىن، بەدىئىي ۋە ئىدىيىۋى جەھەتتە مۇكەممەل بولمىسىمۇ، لېكىن رومانىدا ياش گيۇگو ئۆز ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان نېگىر قۇللارغا چوڭقۇر ھېسداشلىق بىلدۈرگەن. تېخى يىگىرمە ياشقا توشمىغان گيۇگونىڭ دەسلەپكى بۇ ئىجادىي مۇۋەپپەقىيىتى، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى ئاجايىپ دراماتىك خۇسۇسىيەت ئۇنى تېزلا شۆھرەتكە ئىگە قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا-بارا تونۇلغان يازغۇچى سۈپىتىدە فرانسىيە جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي-سىياسىي پائالىيەت سەھنىسىگە چىقىشقا باشلىغان.

سىياسىي پائالىيەتلەرگە ۋە ئەدەبىي ئېقىملار كۈرىشىگە قاتنىشىش ئۇنىڭ سىياسىي كۆز قارىشىدىمۇ ئۆزگىرىش پەيدا قىلغان. 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا گيۇگو ئەپسانىۋى رومانتىزم ئېقىمىدىن، سەنئەتنى تۇرمۇشتىن ئايرىپ قارايدىغان كلاسسىك بۇرژۇئازىيە ئەقىدىچىلىكىدىن ۋاز كېچىپ، رېئاللىققا، تۇرمۇشقا ۋە خەلققە تېخىمۇ يېقىن بولغان يېڭى ئەدەبىيات يارىتىش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ئىلغار ئەدەبىي ئېقىم تەرىپىگە ئۆتكەن. بۇ ئېقىم 19-ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ئىلغار ئەدەبىيات ۋەكىللىرى تەرىپىدىن ئەۋج ئالدۇرۇلغان ئىدى. گيۇگو ئۆزىنىڭ نەزەرىيىۋى ماقالىلىرى ئارقىلىق يېڭى، رېئالىستىك ئەدەبىياتنىڭ شەكىللىنىشىگە روز تۆھپە قوشقان. ئۇنىڭ بۇ دەۋردە يازغان رومانتىك، رېئالىستىك ئەسەرلىرى («شاھ كۆڭۈل ئاچماقتا») رېئالىزم ئەدەبىياتىنىڭ

قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايىش قىلغان. ئۇ بەدىئىي ئەدەبىياتتا سۇئىيلىك، تۇرمۇش ھەقىقىتىدىن چەتلەشكەن بەدىئىي توقۇلمىلارنى، ئىنسان قەلبىگە يات بولغان ئەپسانىچىلىقنىڭ ھەممىسىنى تەنقىد قىلىپ، ھەقىقىي تۇرمۇشتىن ئېلىنغان، بەدىئىيلىككە باي رومانتىكا يارىتىش لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلغان، ئەدەبىيات - سەنئەتنى خەلقچىللاشتۇرۇش ۋە تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن جانلىق ۋە ساددا خەلق تىلىدىن پايدىلىنىش لازىملىقىنى تەكىتلىگەن، ئەدەبىيات - سەنئەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن خەلقنىڭ ئۆلۈغ كەشپىياتى بولغان جانلىق تىل مەنبەسىدىن پايدىلىنىش ناھايىتى مۇھىم؛ كۆچۈرۈۋېلىنغان، رەسمىيەتچىلىككە ئايلاندۇرۇلغان ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان ساراي تىلى بىلەن ھەقىقىي گۈزەل ئەدەبىيات يارىتىش مۇمكىن ئەمەس، دەپ كۆرسەتكەن.

1830 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە گېيۇگونىڭ ئىككى شېئىرلار توپلىمى - «قەسىدىلەر ۋە باللادىلار»، «شەرق كۈيلىرى»، ئۇلارنىڭ ئارقىدىنلا يەنە «كۈز ياپراقلىرى»، «گۇگۇم ناخشىلىرى» كىتابى نەشىر قىلىنغان، 1829 - 1834 - يىللاردا ئىككى پوۋېستى - «ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغۇچىنىڭ ئاخىرقى كۈنى» ۋە «كلودگېي» نەشىر قىلىنغان. بۇ ئىككى پوۋېستتا گېيۇگو ئەڭ مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلە - جىنايەت ۋە جازا مەسىلىسىنى، فرانسۇز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ھايات - مامات مەسىلىسىنى كۆتىرىپ چىققان. «كلودگېي» رومانىدا ئۇ ئىشچى كلودگېينىڭ پاجىئەسى ئارقىلىق بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ جاللاتلىق قىياپىتىنى پاش قىلغان، كلودگېينىڭ سوت داۋامىدىكى جاراڭلىق نۇتقى - ئاپتورنىڭ غايىسى، ئۇنىڭدا يازغۇچى بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ ئەمگەكچى خەلققە نىسبەتەن يۈرگۈزگەن زۇلمىغا قارشى تۇرۇپ، ھۆكۈمەت ۋە پارلامېنتلار پەقەت قانۇن چىقىرىپ، خەلقنى باستۇرۇشنى، تۈرمىگە قاماشنىلا بىلىدۇ، خەلقنىڭ مۇھتاجلىقتا ياشاۋاتقانلىقىنى ئويلىمايدۇ، دەپ ئەيىپلىگەن. بۇرژۇئا جەمئىيىتىنىڭ ئېغىر زۇلمىنى، ئىنسانىيەتسىزلىكىنى قارىلىغان گېيۇگو پەقەت تۈرمىلەر، قەتىل قىلىشلارلا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، ئادالەت، ئادىمگەرچىلىك، رەھىمدىللىق قوللىنىلسىلا، ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ، دەپ قارىغان. ھالبۇكى، گېيۇگونىڭ بۇ نۇقتىئەنەزىرى بۇرژۇئا ئىسلاھاتچىلىرىنىڭ ۋە ئۇتوپىك سوتسىيالىستلارنىڭ نۇقتىئەنەزىرى بولۇپ، ماركىستىك دۇنيا قاراشقا زىت ئىدى.

1848 ـ يىلىدىكى پارىژ ئىنقىلاۋى گېيوگونىڭ دۇنيا قارىشىدا بىر بۇرۇلۇش ھاسىل قىلغان، ئۇ مۇنارخىزىمنىڭ ھەممە چىرىكلىكىنى، مۇتەئەسسىپلىك ۋە زۇلۇم ـ ئاسارەتلىرىنىڭ تۈپ مەنبەسى مۇنارخىيە تۈزۈمى ئىكەنلىكىنى ئۇزۇل ـ كېسىل چۈشىنىپ يەتكەن، ئىنسانىي ئەركىنلىك ۋە ئىلغارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، زۇلمەتلىك پادىشاھلىق تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش لازىملىقىنى ھېس قىلغان. ئۇنىڭ 48 ـ يىل ئىنقىلابىدىن كېيىنكى ئىجادىيىتىدە بۇ غايە ئوچۇق نامايەن بولىدۇ.

ۋىكتور گېيوگونىڭ ئىجادىي پائالىيىتىدە ئەڭ زور ۋەقە ئۇنىڭ بارلىق ئەسەرلىرى ئىچىدە ئەڭ مەشھۇر، ئەڭ نادىر ھېسابلانغان رومانى «پارىژدىكى بۈۋى مەريەم جامەئەسى» دۇر. يازغۇچى بۇ ئاجايىپ رومانىنى 1831 ـ يىلدىن 1850 ـ يىلغىچە بولغان 20 يىل داۋامىدا يېزىپ چىققان. رومانىنىڭ سيۇژىتى ۋە ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن خاراكتېرلار رومانتىزىمنىڭ ئەڭ ياخشى نەمۇنىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. روماندا پارىژنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئومۇمىي ھاياتى سۈرەتلەنگەن، ئاھالىدە تەخلىتتىكى قەھرىمانلر، ئاجايىپ تاسادىپىيلار، پاجىئەلىك سەرگۈزەشتىلەر ۋە نازۇك، پاك سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن. روماندا پارىژدىكى قەدىمىي، مەشھۇر بۈۋى مەريەم جامەئەسى ھادىسىلەرنىڭ تۈپ مەركىزى قىلىپ ئېلىنغان، سىگانلار (لوللار) تەرىپىدىن بوۋاق چېغىدىلا ئوغرىلىپ كېتىلگەن فرانسۇز قىزى ئېسمىرالدىنىڭ سەرگۈزەشتىلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارىژنىڭ تۇرمۇش ۋەقەلىرى ئېچىپ بېرىلگەن، 15 ـ ئەسىردىكى فرانسۇز خەلقىنىڭ مەنىۋى قىياپىتى، ئىجتىمائىي ئەھۋالى، ئوتتۇرا ئەسىردىكى پارىژ بىناكارچىلىقى، شۇنىڭدەك پارىژ خەلقىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى، كۈرىشى ۋە سىنىپىي ئەھۋالى گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئاساسىي پېرسوناژلارنىڭ مۇناسىۋەتلىرى ئارقىلىق ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر ئېچىپ بېرىلگەن. رومان پارىژنىڭ تار، قىستاڭ كوچىلىرىدىكى ۋەقەلەردىن تارتىپ، فرانسىيە پادىشاسى لىيۇدوۋىك XI نىڭ ساراي تۇرمۇشىغىچە، ئاددىي خەلقنىڭ كۈندىلىك ھاياتىدىن تارتىپ داشۋىي ھاياتىغىچە، كاتولىك شەرىئىتىدىن تارتىپ ئەينى زاماندىكى پۈقرالىق سودىغىچە ناھايىتى كەڭ تۇرمۇش ھادىسىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، پادىشاھلىق ھاكىمىيەتنىڭ ھەممە ئېپلاسلىقلىرىنى شەپقەتسىز ئېچىپ تاشلىغان.

روماننىڭ ناھايىتى باي ئىدىيىۋى مەزمۇنى، گۈزەل تىلى، ئوبرازلارنىڭ خىلمۇ-خىللىقى، خاراكتېرلارنىڭ ئارگىناللىقى، ھەممىدىنمۇ يازغۇچىنىڭ دېموكراتىك كۆز قارىشى كىتابخاننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدۇ. رومانىدا خەلق ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلغان. خەلق ئىرادىسىنىڭ كاتولىك ئەقىدىلىرىدىنمۇ، پادىشاھنىڭ ئەمىر-پەرمانلىرىدىنمۇ قۇدرەتلىك ئىكەنلىكى تەسۋىرلەنگەن.

«پارىژدىكى بۈۋى مەريەم جامەئەسى» رومانى-غايىۋى جەھەتتىن، ئۇسلۇب جەھەتتىن كۈچلۈك ئارگىناللىققا ئىگە ئەسەر، رومانىدا شۇنداق بىر ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەنكى، ئۇ بولسىمۇ، گيۇگونىڭ قارىشىچە، «ھەربىر ئادەم پاك، ياخشى نىيەتلىك، ئادىل ۋە سەممىي ھالدا تۇغۇلىدۇ... بىر ئادەمنىڭ قەلبىدە رەھىمسىزلىك پەيدا بولغان ئىكەن، دېمەك، كىشىلەر ئۇنىڭ يۈرىكىدىكى رەھىمدىللىق يالقۇنىنى ئۆچۈرۈپ تاشلىغان؛ ئۇنىڭ قانىتى سۇندۇرۇلغان، ئەقلى بۇلغانغان ئىكەن، دېمەك، ئۇنى كىشىلەر تار قەپەز ئىچىدە ياشاشقا مەجبۇر قىلىشقان؛ ئۇ مەيىپ ياكى تاش يۈرەك بولغان ئىكەن، دېمەك، ئۇنى كىشىلەر شۇنداق ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغانكى، ئۇ بۇ ھالەتتىن پەقەت بىرەر جىنايەت ئارقىلىقلا ياكى بىرەر پاجىئە ئارقىلىقلا قۇتۇلۇشقا مەجبۇر...» گيۇگو كىتاپخانىنى شۇنىڭغا ئىشىنىشكە دەۋەت قىلىدۇكى، ئادەملەرنى ھەرقانداق دەھشەتتىن پەقەت مۇھەببەت، ياخشى نىيەت، ۋاپادارلىق تۈيغۇلىرىلا قۇتقۇزالايدۇ، ئىنساننىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك كۈچى مۇھەببەتتە. ئۇ - گيۇگونىڭ ئۆزىگە خاس دۇنيا قارىشى. گيۇگونىڭ بۇ نۇقتىئەنەزىرى ئۇنىڭ ئۇتوپىيىك سوتسىيالىزم ئىدىيىسىگە مايىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ بۇ نۇقتىئەنەزىرى، تەبىئىي، شەيئىلەرنى كۆزىتىشنىڭ دىئالېكتىكىلىق مېتودىغا زىچ كېلىدۇ.

1840-يىلى 6-ئايدىكى پارىژ ئىنقىلابى گيۇگونىڭ سىياسى مەۋقەسىدە تۈپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى. چۈنكى، «ئىيۇن ئىنقىلاۋى» لېنىن كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، «پرولېتارىيات بىلەن بۇرژۇئازىيە ئوتتۇرىسىدىكى تۇنجى قېتىملىق ئەڭ ئۇلۇغ ئىچكى ئۇرۇش» بولغان ئىدى.

گيۇگونىڭ 1860-يىللاردا ئېلان قىلىنغان ئۈچ چوڭ ئەسىرى - «خورلانغانلار»، «دېڭىز ئەمگەكچىلىرى» ۋە «مەسخىرە قىلىنغان ئادەم» رومانلىرى گيۇگوغا ئادەتتىن تاشقىرى زور دۇنياۋى شۆھرەت كەلتۈرگەن.

ئىشەنچلىك مەنبەلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، گيۇگو «خورلانغانلار» رومانى ئۈستىدىن تەخمىنەن يىگىرمە يىل ئىشلىگەن 1847 ـ يىلدا ئۇ ئۆز دوستلىرىغا بۇ رومانىنىڭ ئايرىم باپلىرىنى ئوقۇپ بەرگەن. 1848 ـ يىل ئىنقىلابىدىن كېيىن يازغۇچى بۇ رومانىنىڭ دەسلەپكى پىلانىدىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى كېڭەيتكەن ۋە فرانسىيىنىڭ كەڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي ھاياتىنى رومانىنىڭ مەزمۇنىغا سىغدۇرغان. شۇنداق ھېسابلاشقا بولىدۇكى، «خورلانغانلار» رومانى ـ گيۇگونىڭ پۈتۈن ئىجادىي تالانتى ۋە ماھارىتىنىڭ يىغىندىسى، ھەرخىل ھادىسىلەر تىپىكلەشتۈرۈلگەن چوڭ دۇنيا.

1848 ـ يىل پرولتارىيات ئىنقىلابىنىڭ قۇدرىتىدىن قاتتىق چۆچۈگەن بۇرژۇئازىيە پەيلاسوپلىرى ۋە ئەدەبىياتچىلىرى ئىنقىلاپتىن كېيىن بىردىنلا ئوڭغا بۇرۇلۇپ، پرولتارىياتقا قارشى ئەكسىلئىنقىلابىي مەيدانغا ئۆتۈپ كەتكەن. ئەمما گيۇگو ئىزچىل ھالدا «ئىيۇن ئىنقىلابى» غايىسىدە چىڭ تۇرغان، شۇ سەۋەپتىن قاتتىق تەقىپكە ۋە سىياسىي تۆھمەتكە ئۇچرىغان، ئاخىر ۋەتىنىنى تاشلاپ، چەتكە پاناھ ئىزلەپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. چەتئەلدە 19 يىل ياشاشقا مەجبۇر بولغان گيۇگو ناپالىيوننىڭ 3 ـ ئىمپېرىيىسىگە قارشى كەسكىن كۈرەش ئېلىپ بارغان، 1852 ـ يىلى «ناپالىيوننىڭ كەنجىسى» دېگەن كىتابىنى ئېلان قىلغان. شۇ يىلى يەنە «بىر جىنايەتنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابىنى نەشىر قىلدۇرغان. بۇ ئىككى ئەسەر ـ لۇئى بۇ ناپارتنىڭ ئۆكتەبىر سۈيىقەستىنى كەسكىن ئەيىپلىگەن ھەققانىي ھۆكۈمنامە.

1872 ـ يىلى گيۇگونىڭ «دەھشەتلىك يىللار» شېئىرلار توپلىمى، ئىككى يىلدىن كېيىن، 1874 ـ يىلى ئاخىرقى چوڭ ئەسىرى ـ «توقسان ئۈچىنچى يىل» رومانى ئېلان قىلىنغان، 1880 ـ يىلى بېسىلىپ چىققان «زامانىنىڭ تۆت روھى» شېئىرلار توپلىمىدا «ئىنقىلاب» پوئېمىسى ئېلان قىلىنغان. 1883 ـ يىلى چوڭ شېئىرىي ئەسەر ـ «ئەسىرلەر ھەققىدە داستان» نىڭ 3 ـ تومى نەشر قىلىنغان.

ۋىكتور گيۇگونىڭ ئەدەبىي ـ ئىجادىي پائالىيىتى تارىخىدا، ئۇنىڭ تولۇپ سىياسىي كۆز قارىشىدا ئەڭ روشەن بىر نۇقتا ـ ئۇنىڭ ئىزچىل ھالدا مۇستەملىكىچىلىككە قارشى شەپقەتسىز كۈرەش قىلغانلىقى. 1860 ـ يىلى ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرى جۇڭگوغا تاجاۋۇز قىلىپ بېيجىڭنى

ئىشغال قىلىۋالدى ۋە گۈگۈك سارىيىدىكى تارىخىي يادىكارلىقلارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلدى، بۇ ئىككى تاجاۋۇزچىنىڭ قاراقچىلىرى ھەركەتتە گيۇگو قاتتىق غەزەپلەنگەن. ئۇ كاپىتان بوتلېرغا يازغان بىر خېتىدە ئەنگلىيە ۋە فرانسىيە مۇستەملىكىچىلىرىنى قاتتىق ئەيىپلەپ، ئۇلارنى «مەدەنىيەتلىك ئىككى قاراقچى» دەپ ئاتىغان. «بىز ياۋروپالىقلار» ، ـ دەپ يازغان بۇ خېتىدە، ـ ئۆزىمىزنى مەدەنىيەتلىك دەپ ھېسابلايمىز، جۇڭگو خەلقى بىزنىڭ ئالدىمىزدا گويا بىر ياۋايى خەلق. خوش، مەدەنىيەتلىك، ياۋروپالىقلار ياۋايى خەلقلەرگە نىملەرنى قىلدى؟... ئىككى قاراقچىنىڭ بىرى ئۆز يانچۇقىنى تولدۇرغان بولسا، يەنە بىرى ساندۇقىنى تولدۇردى... تارىخ ئالدىدا بۇ ئىككى قاراقچىنىڭ بىرى ـ فرانسىيە، يەنە بىرى ـ ئەنگلىيە»

ۋىكتور گيۇگو ئۆمۈر بويى ئىنسانپەرۋەرلىكنى، ئادالەتنى، تىنچلىق، دېموكراتىيىنى، خەلقلەر دوستلۇقىنى كۈيلىگەن، مۇستەملىكە ئەللەردىكى خەلقلەرنىڭ ئازاتلىق ھەركەتلىرىگە ھېسداشلىق قىلغان، ئەكسىيەتچى پادىشاھلىق تۈزۈمگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش ئېلىپ بارغان. 1849 ـ يىلدىن باشلاپ، گيۇگو تىنچلىق جەمئىيىتى، نوپۇزلۇق جامائەت ئەربابى سۈپىتىدە 1 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا تىنچلىق كېڭەشمىسىنىڭ رەئىسلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

ۋىكتور گيۇگونىڭ ئەدەبىي ئىجادىي ئىستىلى 19 ـ ئەسىردىكى غەرپ ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس ئىجادىي يۆنۈلۈش شەكىللەندۈرۈپ، بەدىئىي ئىجادىيەتنىڭ يېڭى ئېقىمىنى، ئىلغار رومانتىزىمنىڭ يۈكسەك ئۆلگىسىنى ياراتقان.

ۋىكتور گيۇگو 1885 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ تاۋۇتى پانتېوندىكى فرانسىيىنىڭ ئۇلۇغ ئەرباپلىرى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

ۋىكتور گيۇگونىڭ نامى ھەقلىق ھالدا جاھان ئەدەبىياتىنىڭ مەشھۇر نامايەندىلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئالدۇ. گيۇگونىڭ ئەسەرلىرى بىزنىڭ دەۋرىمىزگىچە ياشاپ كەلمەكتە ۋە دۇنيادىكى كۆپلىگەن مىللەت تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، مىليونلىغان كىتاپخانلار تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلماقتا. «تۆت كىشىلىك گورۇھ» يوقىتىلغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېت 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئۇيغۇر كىتاپخانلار بۇ

ئاجايىپ يازغۇچىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى.

ـ تەرجىماندىن

# 1

كاپىتان لېوپولددې ئۇۋېرنە ئۆزىنىڭ سۆزلەش نۆۋىتى كەلگەندە، ئېسەنكىرەش بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپىدا ئولتۇرغانلارغا نەزەر تاشلىدى ۋە كۆپچىلىكنى قىزىقتۇرالىغىدەك بىرەر ئالاھىدە سەرگۈزەشتىسى يوقلۇقىنى ئېيتتى.

ـ نىمە دېگىنىڭىز بۇ، كاپىتان، ـ دېدى لېيتنانت ئانرى ئۇنىڭغا مۇراجىئەت قىلىپ، ـ ئاڭلىساق، كۆپ ساياھەتلەردە بولۇپ، دۇنيانىڭ خېلى جايلىرىغا بارغان ئىكەنسىز، ئېهتىمال، ئانتىل ئاراللىرىدا، ئافرىقىدا، ئىتالىيە ۋە ئىسپانىيىلەردىمۇ بولغان بولغىيتتىڭىز؟... كاپىتان، قارىڭا، سىزنىڭ توكۇر ئىتىڭىز كېلىۋاتىدۇ!

ئۇۋېرنە چۆچۈپ، قولىدىكى تاماكىسىنى تاشلىدى ـ دە، بۇرۇلۇپ چېدىرىنىڭ ئىشىكى تەرەپكە قارىدى، شۇ ئەسنادا چوڭ بىر ئىت ئاسقاقلاپ يۆگۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىت كىرىپ كېلىۋېتىپ، كاپىتاننىڭ تاماكىسىنى دەسسىۋەتتى، كاپىتان بۇنىڭغا ئىرەڭ قىلمىدى.

ئىت كاپىتاننىڭ پۇتلىرىنى پۇراپ، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ قاۋاپ قويدى، خۇشاللىقىدىن ئۇياق ـ بۇياققا سەكرىدى ۋە ئاخىرى ئۇنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ياتتى. كاپىتان ھاياجانلانغان ۋە كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا، سول قولى بىلەن ئىتنى سىلىدى ۋە ئوڭ قولى بىلەن قالپىقىنىڭ بوقۇچىنى بوشاتتى. «بۇ سەنمۇ، راسىك؟ راستىنلا سەنمۇ؟» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ۋە بىردىنلا ئۈنلۈك خىتاب قىلدى:

ـ سېنى بۇ يەرگە كىم ئېپكەلدى، ھە؟

ـ سۆزلەشكە رۇخسەتمىكىن، جانابى كاپىتان...

شۇ بىر نەچچە مىنۇت مابەينىدە، سىرژانت تادىي چېدىرنىڭ ئىشىكىنى قايرىۋېتىپ، ئوڭ قولىنى قوينىغا تىققان ھالدا بوسۇغىدا تۇراتتى ۋە لىققىدە ياشقا تولغان كۆزلىرى بىلەن بۇ داستاننىڭ خاتىمىسىنى ئۇنچىقماستىن كۈتمەكتە ئىدى. ئاخىرى ئۇ «سۆزلەشكە رۇخسەتمىكىن، جانابى كاپىتان» دېيىشكە جۈرئەت قىلالىدى. ئۇۋېرنە ئۇنىڭغا قارىدى ۋە دېدى:

ـ بۇ سەنمۇ، تاد؟ ئوھو، قانداقلارچە بۇ ئىشىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقتىڭ؟ بىچارە ئىت، مەن ئۇنى ئىنگلىزلار لاگىرىدا قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم، سەن ئۇنى قەيەردىن تاپتىڭ؟

ـ خۇداغا شۈكرى، جانابى كاپىتان، كۆرۈپ تۇرۇۋېسىزكى، مەن خۇددى سىزنىڭ جىيەنىڭىزنى تېپىۋالغاندەك خوشال بولۇۋاتىمەن سىز ئۇنىڭغا لاتىنچە "cornu–pora, cornu–por" دېگەن سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشىنى ئۆگەتكەن ۋاقتىڭىزدا، ئۇ خۇددى مۇشۇنداق خوشال بولۇپ كېتەتتى...

ـ بەس، ماڭا چۈشەندۈرۈپ ئېيتقىنا، راسىت قەيەردىن تېپىلدى؟

ـ ئۇ تېپىلمىدى، جانابى كاپىتان، ئۇنى ئاللايتەن ئىزلەپ تېپىشقا توغرا كەلدى.

كاپىتان ئورنىدىن تۇرۇپ سىرژانتقا قولىنى ئۇزاتتى، ئۇ تادىينىڭ تېخىچە ئوڭ قولىنى قوينىغا تىقىپ تۇرغانلىقىنى بايقىمىغان ئىدى.

ـ بۇ مۇنداق گەپ، جانابى كاپىتان، ـ دېدى تادىي، ـ بىچارە راسىت يوقىلىپ كەتكەندىن كېيىن، جانابىڭىزنىڭ بەكمۇ بىئارام بولغانلىقىڭىزنى بايقىدىم، راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ئاشۇ كېچىسى مەن بىلەن بىللە نان يېيىشكە كەلمىگەندە، پېقىر قىرى تادىي خۇددى گۆدەك بالىدەك يىغلىۋېتىشكە تاس قالغان. شۇنداقتىمۇ، خۇداغا شۈكۈر، يىغلىمىدىم، مەن ئۆمرۈمدە ئىككى قېتىملا يىغلىغان ئىدىم، بىرىنچىسى ـ ھېلىقى كۈنى... ھېلىقى چاغدا... ـ سىرژانت تەشۋىش بىلەن باشلىقىغا قارىدى، ـ ئىككىنچىسى بولسا، يەتتىنچى پولكنىڭ كاپرالى، ھېلىقى بىكار تەلەپ بالتازار مېنى بىر باغلام پىيازنى ئاقلاشقا مەجبۇر قىلغاندا.

ـ لېكىن، تادىي، سىز بىرىنچى قېتىم نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىڭىزنى بىزگە ئېيتمىدىڭىزغا؟ ـ دېدى ئانرى كۈلۈپ.

ـ ئېھتىمال، فرانسىيىنىڭ بىرىنچى دەرىجىلىك گرېنادېيورى لاتوردي ئوۋېرن سىنى قۇچاقلىغاندا يىغلىغان بولغىيدىڭ، چال، ـ دېدى كاپىتان

ئېتىنى ئەكىلىتىپ، سىلاپ ئولتۇرۇپ.

ـ ياق، جانابى كاپىتان، ئەگەر سېرژانت تادىي يىغلىغان ئىكەن، بۇ يىغلاش پەقەت پىيىرۇ لەقەملىك بىۋگ ـ ژارگالنى ئاتىدىغان چاغدا، تادىينىڭ ئۆزى «ئات!» دەپ بۇيرۇق بەرگەندە يۈز بەرگەن، دەپ بىلىڭلار!

كاپىتان ئۇۋېرنەنىڭ چىرايى بىلىنەر ـ بىلىنمەس ئۆزگەندەك بولدى، بۇ تېز ـ تېز قەدەم تاشلاپ سېرژانتنىڭ ئالدىغا كەلدى ـ دە، ئۇنىڭ قوللىرىنى قىسماقچى بولدى، لېكىن بۇنداق چوڭ ھۆرمەتكە سازاۋەر بولۇشقا قارىماي، قېرى سېرژانت قولىنى قوينىدىن چىقارمىدى.

ـ شۇنداق، جانابى كاپىتان، ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى تادىي ۋە ئۇنىڭغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ تۇرغان كاپىتاندىن بىر نەچچە قەدەم كەينىگە داجىپ، ـ مەن ئەنە شۇ چاغدا يىغلىغان ئىدىم. راست گەپنى ئېيتسام، ئۇ ھەقىقەتەنمۇ يىغلاشقا ئەرزىيدىغان ئادەم ئىدى! توغرا، ئۇ قارا تەنلىك، ئەمما مىلتىق دورىسىمۇ قارىغۇ، ھىم... ئىسسىت، ئىسسىت!...

ئاقكۆڭۈل سېرژانت ئۆزىنىڭ بۇ غەلىتە ئوخشىتىشى بىلەن باشلىغان سۆزىنى راستچىللىق بىلەن ئاخىرىغىچە داۋاملاشتۇرۇشقا ئىنتىلىپ تۇراتتى، بۇنداق ئوخشىتىشتا ئۇنىڭ كۆڭلىگە تازا ياقىدىغان بىر نەرسىنىڭ بارلىقى كۆرۈنۈپ تۇرسىمۇ، ئۇ ئۆز پىكرىنى ئەينەن ئىپادىلىيەلمەي، ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، ئەمما، بىردەم بايىقاپ كۆرگەندىن كېيىن، گويا قەلئەنى بىرلا ھۇجۇم بىلەن ئېلىشقا كۆزى يەتمىگەن قوماندانغا ئوخشاش، بىردىنلا قامالنى بوشىتىپ، ياش ئوفىتسىرلەرنىڭ كۈلكىلىرىگە قۇلاق سالماستىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ جانابى كاپىتان، ئۇ بىچارە نېگىرنىڭ ئون نەپەر يولدىشىنى ئېتىشقا ئېلىپ چىققان پەيتتە، ئۇنىڭ ئېتىش مەيدانىغا دەل ۋاقتىدا ھاسىراپ ـ ھۆمىدەپ يۈگۈرۈپ كەلگىنى بىلەن ئۇلار ئاللىقاچان باغلاپ بولۇنغان ئىدى. شۇ چاغدا بىۇرگ ـ ژارگال يۈگۈرۈپ يېتىپ كەلدى ـ دە، بۇ ئون نەپەر يولدىشىنىڭ قوللىرىنى يەشتى ۋە ئۇنىمىغىنىغا قارىماي، ئۇلارنىڭ ئورنىغا ئۆزى كېلىپ تۇردى، قىلچە ئىككىلەنمىدى! ئاھ، نىمە دېگەن ئىنسان ـ ھە! ھەقىقىي گېبرالتارنىڭ ئۆزى! كېيىن، جانابى كاپىتان ئۇنىڭ خۇددى تانسىغا چۈشكىلىۋاتقاندەك خاتىرجەم، بىخارامان كۆكرەك كېرىپ تۇرغانلىقى، ئۇنىڭ

ئىتى-مانا بۇ راسلا ئۆز خوجايىنىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقىنى سېزىپ، بىردىنلا مېنىڭ كۆكرىكىمگە ئېسىلغىنى ئېسىڭىزدە بولسا كېرەك؟

-تاد، سەن بۇ ھەقتە سۆزلىگەندە،-دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى كاپىتان،-ھېكايەڭنى مەشەدە توختىتىپ، راسكىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ قوياتتىڭ. قارىغىنا، ئۇنىڭ ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرغىنىنى.

-دېگىنىڭىز توغرا،-دېدى تادى خىجالەت بولغان قىياپەتتە،-بىچارە راسلا ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرىدۇ. بىراق....مالاگىرىدا مومايىنىڭ ئېيتىشىچە، ئىتنى سول قول بىلەن سىلاش ياخشى ئەمەسمىش، بەختسىزلىك كەلتۈرەرمىش.

-نېمە ئۈچۈن ئوڭ قولۇڭ بىلەن سىلىمايسەن؟-دەپ سورىدى ئوۋېرنە ھەيران بولۇپ ۋە بىردىنلا ئۇنىڭ ئوڭ قولىنى قويىنىغا تىقىپ تۇرغانلىقىنى ۋە رەڭگىنىڭ ناھايىتى تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ. پىرژانت تېخىمۇ خىجىل بولدى.

-رۇخسەت قىلىڭ، جانابى كاپىتان،-دېدى تادى،-مەسىلە شۇ يەردىكى، سىز ئەمدى توكۇر ئىتتىن باشقا يەنە بىر چۇلاق سىرژانتقىمۇ ئىگە بولغانلىقىڭىزنى ئېيتىشتىن تەپ تارتىۋاتىمەن.كاپىتان ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى.

-نېمە، سەن نېمە دەۋاتىسەن، بۇرادەر؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس! قېنى، قولۇڭنى كورسەتچۇ، ئاھ، پەرۋەردىگارىم، قولۇم چولاق دەمسەنا؟ ۋۋېرنە تىترەپ كەتتى. سىرژانت ئاستا مۇندىرىنىڭ پىشنى قايرىدى، كاپىتان ئۇنىڭ قانغا بويالغان لاتا بىلەن تېڭىلغان قولىنى كۆردى.

-ئاھ، تەڭرىم!-دەپ پىچىرلىدى كاپىتان تېڭىلغان قولىنى ئاۋايلاپ كۆتىرىپ،-ئېيتقىنا، دوستۇم، قولۇڭغا نېمە بولدى؟

-بۇ ئادەتتىكىلا بىر ئىش. ئاشۇ قاغىش تەككۇر ئىنگلىزلار سىزنىڭ بۇ ئىسىل ئىتىڭىزنى، بىچارە راسكىنى ئوغرىلاپ كەتكەن كۈنىدىن باشلاپ، سىزنىڭ پەرىشان بولۇپ قالغانلىقىڭىزنى سەزگەنلىكىمنى دەپ ئۆتتۇم. بۇ بىيۇگ-ژارگالدىن سىزگە قالغان ئىت ئىدى-دە، خەير، بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى. شۇنداق قىلىپ، مەن شۇ كۈنى ئىتنى قانداق قىلىپ بولۇپ تېپىپ قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولدۇم، ئىتنى تېپىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىز بىلەن بىللە كۆڭۈللۈك غىزالىنىشنى ئويلىدىم. سىزنىڭ كىيىملىرىڭىزنى پاكىز

تازىلاپ قويۇشنى جەڭچى ماتىلىگە تاپىلاپ قويۇپ، (چۈنكى، ئەتىسى جەڭ باشلىناتتى ئەمەسمۇ)، قولۇمغا قىلىچنى ئالدىم-دە، سەزدۈرمەستىن لاگىردىن چىقتىم ۋە ئىنگلىزلارنىڭ لاگىرىغا تېزرەك يېتىپ بېرىش ئۈچۈن توساقلاردىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ ماڭدىم، ئالدىنقى ئىستىهكاملارغا يېتەر يەتمەيلا سول تەرەپتىكى توقايلىقتا بىر توپ قىزىل كىيىملىك ئەسكەرلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇلارنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇقۇش ئۈچۈن، ئاستا ئۆمىلەپ يېقىنراق باردىم، مېنى ھېچكىم سەزمىدى. شۇنداق قارىسام، راسىك ئاشۇ ئەسكەرلەر ئارىسىدا تۇرۇپتۇ، ئۇنى تېرەككە باغلاپ قويۇپتۇ. ئەتراپىدا بولسا، خۇددى ياۋايى ئادەملەردەك قىپ يالىڭاچ بولۇشىۋالغان ئىككى ئىنگلىز ئەپەندى راسا مۇشتلاشقىلى تۇرۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە ئاتقان مۇشتلىرىنىڭ ئاۋازى خۇددى تۈرك دۇمبىغىنىڭ گۈمبۈردەك ئاڭلىناتتى. كۆردىڭىزمۇ، جانابى كاپىتان، ئۇ ئىككى ئىنگلىز بايۋەچچە سىزنىڭ ئىتىڭىزنى تالىشىپ، دۇئېلغا چىقىپتۇ! دەل شۇ پەيتتە، راسىك مېنى كۆرۈپ قالدى ۋە شۇنداق كۈچىنىپ يۇلقۇندىكى، ئاغامچا ئۈزۈلۈپ كەتتى. بۇ قۇۋ ئىت ئۇقتەك يۈگۈرۈپ كەينىمدىن ئىزمۇ-ئىز ئەگىشىپ مەن بىلەن بىللە قاچتى. بۇ چاغدا باندىتلارنىڭ بىزنى قوغلىغانلىقى، ئەلۋەتتە، چۈشىنىشلىك. مەن توقايلىقتا قاراپ يۈگۈردۈم، راسىكمۇ كەينىمدىن قالمىدى. قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدىن بىر نەچچە پاي ئوق ۋىژىلداپ ئۆتۈپ كەتتى. راسىك قاۋاشقا باشلىدى. بەختكە يارىشا، ئىنگلىزلار«فرانسۇز ئىتى، فرانسۇز ئىتى» دەپ چۇقان كۆتىرىشكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار راسىكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدى. بۇ ئىت فرانسۇز ئىتى بولماستىن، بەلكى سان-دومىنگو ئىتى ئىكەنلىكىنى ئۇلار بىلمەيتتى-دە! مەيلى، بۇنىڭ ئەھمىيىتى يوق. مەن توقايلىقتىن ئەمدىلا ئوچۇقچىلىققا چىقىۋىدىم، بىردىنلا ئالدىمدا ئىككى قىزىل كىيىملىك ئەسكەر پەيدا بولۇپ قالدى. مېنىڭ قىلىچىم ئۇلارنىڭ بىرىدىن قۇتۇلۇشقا ياردەم بەردى. ئەگەر ئىككىنچىسىنىڭ قولىدىكى تاپانچا بەتلەگلىك بولمىغان بولسا، ئۇنىمۇ جايلىۋەتكەن بولاتتىم. بىراق، ئاقىۋەت، كۆرۈپ تۇرۇۋېسىزكى، مېنىڭ مانا بۇ ئوڭ قولۇم مۇشۇنداق بولۇپ قالدى. شۈكرى، ھېلىمۇ چوڭ پالاكەت يۈز بەرمىدى! راسىك ئۇنىڭ بويىنىغا ئېسىلدى-دە، خۇددى قەدىردان دوستلار قۇچاقلاشقاندەك ئۇنىڭ بويىنىنى قۇچاقلىۋالدى. ئەزبىرايى، بۇ شۇنداق قاتتىق قۇچاقلىشىش بولدىكى، ئىنگلىز شۇ ھامانلا تۇنجۇقۇپ يىقىلدى. گۇناھ

ئۆزىــدە! ئــۇ شــور پىشــانە ئىنگلىــز، بايۇەچچىنــلەك كەيــنىگە كىرىۋالغــان قەلەندەردەك، مېنى قوغلاپ نىمە قىلاتتى! مانا ئەمدى تادىمۇ، راسكمۇ لاگېرغا قايتىپ كەلدى. مېنىڭ ئىچىنىدىغىنىم بىرلا: ياراتقان ئىگەم ماڭا بۇ يارىنى نىمشقا ئەتىكى جەڭدە بەرمىدى. ئەپسۇس! گەپ شۇ، جانابى كاپىتان.

قېرى سېرژانت ئۆزىنىڭ جەڭدە يارىدار بولمىغانلىقىنى تىلغا ئالغانـدا، ئۇنىڭ چىرايى ئەلەملىك تۇس ئالدى.

ـ تادې! ـ دەپ ۋاقىرىدى كاپىتان غەزەپلىنىپ، كېيىن بىر ئاز يۇمشاپ، ـ بىر ئىتنى دەپ جاننى ئالقانغا ئېلىپ، ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟

ـ ئىت ئۈچۈن ئەمەس، جانابى كاپىتان، بەلكى راسك ئۈچۈن.

كاپىتان ئوۋېرنەنىڭ كۆڭلى يۇمشىدى، سېرژانت سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ راسك ئۈچۈن، يەنى بىيۇگ ـ ژارگالنىڭ ئىتى ئۈچۈن...

ـ بولدى، بەس، دوستۇم تاد، ـ دېدى كاپىتان كۆزىنى قولى بىلەن توساپ تۇرۇپ، ـ قېنى، يۈر، ماڭا ئەگىشىپ ماڭ، شىپاخانىغا بارىمىز.

تادې ئەدەپ يۈزىسىدىن بىر ئاز تۇرۇۋېلىپ قىلغاندىن كېيىن ماقۇل بولدى، گەپلەر تامام بولغىچە ئۆز خوجايىنىنىڭ بىر ئوبدان ئېيىق تېرىسىنى يېرىمىغىچە غاجىلاپ تاشلىغان راسك ئورنىدىن قوپۇپ بىر كېرىلدى ـ دە، ئۇلارنىڭ كەينىدىن چىقىپ كەتتى.

## 2

بۇ ۋەقە سۆھبەتداشلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلدى ۋە چوڭ قىزىقىش قوزغىدى. كاپىتان لېوپولدې ئوۋېرنە ئۆزىنىڭ شەخسى ھاياتىدا، تۈرلۈك تاساددىپىي ۋەقەلەر ۋە تۈرمۇش ھادىسىلىرى قانداق ھالغا چۈشۈرۈپ قويسۇن، ھامان باشقىلاردا ئۆزىگە نىسبەتەن ئىختىيارسىز ھۆرمەت ۋە قىزىقىش قوزغىتالايدىغان بىر كىشى ئىدى، ھالبۇكى، كىشىلەر ئۇنىڭدا ھېچقانداق ئالاھىدىلىكنى كۆرمەيتتى. ئۇ مىجەزدە تەمكىن، مۇئامىلىدە مۇلايىم ئىدى. ئىسسىق ئىقلىمنىڭ ئاپتىۋى ئۇنىڭ رەڭگىنى كۆيدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ھەركىتىگە كىرىوللارنىڭ خۇشخۇي تەبىئىتى بىلەن ئارىلاشقان ئېتىكلىكىنى سىڭدۈرەلمىگەن ئىدى. دې ئوۋېرنە كەم سۆزلەيتتى. تېز چۈشىنەتتى، ئىش ـ ھەرىكەتكە ھەر دائىم تەييار تۇراتتى، ئۇ ھەرقاچان

ھەممىدىن بۇرۇن ئاتلىنىپ، ھەممىدىن كېيىن چېدىرغا كېلەتتى. ئۇ گويا جىسمانىي ھارغىنلىق بىلەن ئۆزىدىكى تۇرلۇك خىياللارنى قاچۇرۇشنى ئىزلەيدىغاندەك تۇيۇلاتتى. لېكىن ئۇنىڭ پېشانىسىگە مەزگىلسىز قورۇق چۈشۈرەن كۆڭۈلسىز ۋە ئېغىر خىياللاردىن بىرەر ئادەم بىلەن مۇڭدىشىش ئارقىلىقمۇ قۇتۇلالمايتتى، بۇ خىياللار قۇرۇق پاراڭ سوقۇپ ئولتۇرۇش بىلەن ياكى باشقىلارنىڭ مۇلاھىزىلىرى بىلەن ئاسانلىقچە يەڭگىللىتىپ كېتىدىغان خىياللاردىن ئەمەس ئىدى.

دې ئوۋېرنە جەڭگىۋار ئىشلاردا ھېرىش-چارچاشنى بىلمىسىمۇ، «ئەقىل-پاراسەت مۇسابىقىسى» دە چەكسىز ھارغىنلىق ھېس قىلاتتى، ھەمىشە جەڭگە ئىنتىلىپ تۇرغىنىنىڭ ئەكسىچە، بىراۋ بىلەن سۆز تالىشىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى. بەزىدە سۆز تالىشىشقا توغرا كېلىپ قالسا، چوڭقۇر مەنىلىك بىر نەچچە ئېغىز سۆز بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئەگەر رەقىبى سۆزدە يېڭىلىپ قالغۇدەك بولسا، دەرھال تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ: «مۇشۇنداق گەپلەرنىڭ نىمە ھاجىتى؟» دەيتتى-دە، چىقىپ كېتەتتى ۋە كوماندىرنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ھۇجۇم باشلانغىچە ئىشلەپ تۇرىدىغان بىرەر ئىش يوقمۇ؟ دەپ سورايتتى.

ئۇ دائىم باتۇر، ئاقكۆڭۈل ۋە مېھرىبان بولغانلىقتىن، يولداشلىرى ئۇنىڭ قاپىقىنىڭ يامانلىقى، سىر ساقلىشى ۋە جىمغۇرلۇقىنى ئەپۇ قىلىشاتتى. دې ئوۋېرنە ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ-خەتىرىگە تەۋەككۈل قىلىپ، يولداشلىرى ئىچىدىن نۇرغۇنلىرىنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرۇپ قالغان. گەرچە ئۇ كەم سۆز بولسىمۇ، ئۇنىڭ مەرد، سېخى ئىكەنلىكىنى يولداشلىرى ياخشى بىلەتتى. پولك ئىچىدە ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، ھەتتا ئۇنىڭ ئالاھىدە ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغانلىقىغىمۇ ھەسەت قىلمايتتى.

ئېيتماقچى، ئۇ تېخى ياش ئىدى. قىياپىتى ئوتتۇز ياشلاردىكىدەك كۆرۈنەتتى، ئەمەلىيەتتە خېلىلا ياش ئىدى. دې ئوۋېرنە جۇمھۇرىيەتچىلەر سېپىدە، خېلى ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان، جەڭلەرگە قاتنىشىپ يۈرەتتى. شۇنىڭغا قارىماي، ھېچكىم ئۇنىڭ ئۆتمۈشى ھەققىدە ھېچنەرسە بىلمەيتتى. راسكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پەقەت ئاقكۆڭۈل قېرى سېرژانت تادېلا كاپىتاننىڭ كۆڭلىنى ئاچالايتتى. ئۇ پولكقا كاپىتان بىلەن بىللە كەلگەن ۋە شۇندىن بۇيان ئۇنىڭدىن ئايرىلمىغان، ئۇ بەزى چاغلاردا كاپىتاننىڭ ھاياتىدا

بولۇپ ئۆتكەن ئايرىم ۋەقەلەرنى ئانچە-مۇنچە سۆزلەپ قوياتتى. كاپىتاننىڭ ئامېرىكىدا ياشىغانلىقى ۋە ئۇ يەردە قانداقتۇ بىر بەختسىز ھادىسىلەرنى باشتىن كەچۈرگەنلىكى، سان-دومىنگودا ئويلىنىپ، كېيىن قىرغىنچىلىق ۋاقتىدا خوتۇنى ۋە پۇتۇن ئائىلىسىدىن ئايرىلغىنى، شۇنداقلا ئۇ باي مۇستەملىكىدە قۇللارنىڭ چوڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى تادىغا مەلۇم ئىدى. ئۇ تارىخىي دەۋردە بۇنداق بەختسىزلىك ئادەتتىكى ھادىسە قاتارىدا ئىدى. شۇڭا، بىر تەرەپتىن، بەختسىزلىككە ئۇچرىغانلارغا ئومۇمەنلا ھېسداشلىق بىلدۈرۈلسە، يەنە بىر تەرەپتىن، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن ھەر كىم ئۆزى ئۈچۈن بىرەر نەرسە ئۇنىدۇرۇۋېلىشقا ئىنتىلەتتى. كاپىتان دې ئوۋېرنەگىمۇ، ھەر ھالدا، ھېسداشلىق بىلدۈرۈشتى، ئەمما ئۇ بېشىغا كەلگەن بەختسىزلىك نەتىجىسىدە ناھايىتى چوڭقۇر ھىجران ئازابىغا، تۈگىمەس غەم-ھەسرەتكە گىرىپتار بولدى، ئاجايىپمۇ باتۇرلۇق كۆرسەتتى.

ئېيتقاندەك، ئۇنىڭ ئىغىر-بېسىق، بىپەرۋا مىجەزىدە پات-پاتلا قانداقتۇ بىر چوڭقۇر ھىجران سىزىلىپ تۇراتتى، ئەمما جەڭ باشلانغان ھامان ئۇ يايراپ ئېچىلىپ كېتەتتى، گويا گېنراللىققا كۆتىرىلىشىنى ئۈمىد قىلغان جەڭچىدەك جاسارەت بىلەن جەڭ قىلاتتى، غەلىبە قازانسا، خۇددى ئاددى ئەسكەرگە ئوخشاش، يۇۋاش ۋە كەمتەر بولۇپ قالاتتى. ئۇنىڭ بەزى يولداشلىرىنىڭ ئۇنىڭ شان-شۆھرىتىنى مەنسىتمەيدىغان مۇنداق مىجەزىگە تارلىقى كېلەتتى: نىمە ئۈچۈن جەڭگە كىرىدىغان چاغدا بىرەر نەرسىنى ئارزۇ قىلغان كىشىدەك زور غەيرەت بىلەن ھەرىكەت قىلىدۇ، نىمە ئۈچۈن جەڭ داۋامىدا ھاياتىغا يېتىشى ئېھتىمال بولغان خەۋپ-خەتەرگە قارىماي، جاسارەت كۆرسىتىدۇ؟ بۇ ئۇلار ئۈچۈن بىر تېپىشماق ئىدى.

ئارمىيىگە ئەۋەتىلگەن خەلق ۋەكىللىرى بىر قېتىم جەڭ ۋاقتىدا ئۇنى بىرىگادا قوماندانلىقىغا تەيىنلىمەكچى بولۇشقاندا، ئۇ قوبۇل قىلمىغان، چۈنكى، پوكتىن كەتسە، سېرژانت تادىدىن ئايرىلىپ كېتىشكە توغرا كېلەتتى. بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ خەتەرلىك بىر جەڭگە كىرىشنى تەلەپ قىلدى ۋە بۇ جەڭدىن يولداشلىرىنىڭ كۈتكىنىگە ۋە بەزىلەرنىڭ ئۈمىدىگە قارشى ھالدا، ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلدى، شۇ ۋاقىتتا ئۇ يۇقىرى مەنسەپتىن باش تارتقانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، «ئەپسۇسكى، دۈشمەن ئوقى مېنى دائىم ئاياپ قويىۋاتىدۇ. ئەگەر مەن باشقىلار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق

قىلىدىغان يۇقىرى مەنسەپتىن بولىدىغان بولسام، ۋاقتى كەلگەندە، كاللا كېسىدىغان جادۇ بېشىمنى ھەرگىزمۇ ئاياپ قويمىغان بولاتتى!» دەيدۇ.

## 3

لېوپولىددې ئوۋېرنە ئاشۇنداق ئادەم ئىدى. ئۇ چېدىردىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئۇنىڭ ئۈستىدە پاراڭ باشلاندى:

ـ بەسلىشىمەنكى، ـ دېدى لېيتنانت ئانرى قىزىل ئۈتۈكنى تازىلاۋېتىپ، ـ بۇ كاپىتان ئۇچۇن گېنېرالنىڭ ياسىداق مەپىسىدىكى ئون بوتۇلكا ھاراقتىن ئۆز ئىتىنىڭ بىر توكۇر پۇتى ئەۋزەل.

ـ جىم، ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ قىلىشماڭلار! ـ دېدى ئادىيۇتانت پاسكال خۇشچاخچاقلىق بىلەن، ـ بۇ سېلىشتۇرۇش ئانچىمۇ ماس كەلمەيدۇ، چۈنكى، ھاراق بوتۇلكىلىرى ئاللىقاچان بوشىتىپ بولۇنغان، ھەئە دەڭلار، مەن بۇنى بىلىمەن. ئوتتۇزلىغان قۇرۇق بوتۇلكىدىن نېمە ھاسىل بولاتتى؟ ـ ۋە جىددى ھالدا قوشۇمچە قىلدى، ئۇلار، ئەلۋەتتە، بىچارە ئىتنىڭ بىر تال پۇتىنىمۇ ئەرزىمەيدۇ ـ دە، نېمە ئۈچۈن دېسەڭلار، ئىت پۇتىدىن، ھېچبولمىغاندا، ئىشىك قوڭغۇرىقىنىڭ تۇتقۇچىنى ياساش مۇمكىن، قانداق دېدىم، لېيتنانت؟

ئادىيۇتانتنىڭ پەس، لېكىن جىددى ئاۋاز بىلەن قىلغان ئاخىرقى سوزى ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە پەقەت باسكىيىلىك ياش چەۋەنداز ئالفىرىدلا كۈلمىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن نارازىلىق ئالامىتى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ـ ئەپەندىلەر، ـ دېدى ئۇ، ـ سىلەرنىڭ بۇ يەردە نېمىنى شاڭخو قىلىۋاتقانلىقىڭلارنى ھېچ چۈشىنەلمەيۋاتىمەن. مېنىڭ بىلىشىمچە، دې ئوۋېرنەنىڭ ئەتراپىدا ئۆزۈندىن بىرى بىللە يۈرۈۋاتقان ئىت ۋە سىبرژانت ۋەقەسى چوڭ قىزىقىش پەيدا قىلىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ ۋەقە...

ئالفىرىدنىڭ نارازىلىقىدىن ئاچچىقى كەلگەن پاسكال باشقىلارنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىنى توختىتىپ شۇنداق دېدى:

ـ بۇ ۋەقەنىڭ نېمىسى تەسىرلىك؟ ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، بۇنىڭ نېمە قىزىقى بار؟ ئىتنىڭ تېپىلىشى، سىبرژانتنىڭ بىر قولىنىڭ چولاق بولۇشى، پەقەت شۇلىما؟

ـ بۇ گېپىڭىز توغرا ئەمەس، كاپىتان پاسكال،ـ دېدى ئانرى يېڭىلا بوشاتقان بوتۇلكىنى چېدىرنىڭ سىرتىغا تاشلاۋېتىپ،ـ پىيېرو دەپ لەقەم قويۇۋالغان ھېلىقى بىۋگ مېنى راستىنلا ھەيران قالدۇردى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان پاسكالنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كەلدى، ئەمما ئۇ يېڭىلا بوشىتىپ قويۇلغان ئىستاكاننىڭ يەنە تولدۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاچچىقىدىن ياندى. خۇددى شۇ پەيتتە دې ئوۋېرنە كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۈندىمەستىن ئاۋۋالقى جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ خىيالچان، شۇنداقلا خاتىرجەم كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۆز خىيالى بىلەن بەنت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىغا ئانچىمۇ قۇلاق سېلىپ كەتمىدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كىرگەن راسك قولىنى دىڭگايتىپ، خوجايىنىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ، ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلگىنىچە ياتتى.

ـ ئىستاكانىڭىزنى ئۈزىتىڭ، كاپىتان دې ئوۋېرنە. بۇ ۋىنودىن بىر يۇتۇپ بېقىڭ، تەمى قانداقكىن.

ـ خۇداغا شۈكرى، يارىسى خەتەرلىك ئەمەسكەن، قولىنىڭ ئۈستىخىنىمۇ ساق ئىكەن،ـ دېدى ئوۋېرنە خىيالچان ھالدا پاسكالنىڭ تەكلىپىگە جاۋاپ بېرىش ئورنىغا.

ئانرى پاسكالنىڭ بۇ ھالىتىگە راسا كۈلمەكچى ئىدى. بىراق يولداشلارنىڭ قورال ئىشى بويىچە كاپىتان پاسكالنى ئىختىيارسىز ھۆرمەت قىلىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، كۈلكىسىنى زورغا باستى ـ دە، دېدى:

ـ تادې ئۈچۈن ئانچىمۇ ئەنسىرەپ كەتمەڭ، كاپىتان، بىز سەپەرنىڭ بۇ ئۇزۇن كېچىلىرىنى قىسقارتىش ئۈچۈن، ھەركىم ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە كېلىشكەن ئىدۇققۇ، قەدىردان دوستۇم ۋەدىگە ۋاپا قىلىپ، بۇ توكۇر ئىت ۋە بىۋگـ ژارگال توغرىسىدىكى تارىخنى بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، دەپ ئىشىنىمەن. مەن ئىسمىنى تولۇق بىلمەيدىغان ئۇ پىيېرونى تادې «ھەقىقى جەبرالتار» دەپ ئاتىدىغۇ!

ھەم جىددى، ھەم چاخچاق ئارىلاش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بۇ تەكلىپكە دې ئوۋېرنە بىر نېمە دەپ جاۋاپ بەرمەكچى ئەمەس ئىدى. بىراق بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى لېيتنانتنىڭ بۇ تەكلىپىنى بىردەك قوللىغانلىقتىن، نائىلاج ئۇلارغا شۇنداق دېدى:

-خوپ، مەيلى، مەن سىلەرنىڭ تەلىپىڭلارنى ئورۇنلايمەن، جاناپلار. بىراق مېنىڭ سۆزلەپ بېرىدىغىنىم ئاددىيلا بىر تارىخ. ئۇنىڭدا مەن پەقەت ئىككىنچى دەرىجىلىك رول ئوينىشىم مۇمكىن. ئەگەر سىلەر مەن بىلەن تادىي ۋە راسكلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇققا قاراپ، قانداقتۇ، ئاجايىپ بىر سەرگۈزەشتىلەرنى ئاڭلايمىز دەپ ئويلىساڭلار، خاتالىشىسىلەر. ئالدىنئالا ئېيتىپ قويىمەنكى، بۇلار-ئاددى ۋەقەلەر. قىنى، ئۇنداق بولسا باشلايمەن.

ھەممەيلەن جىم بولۇشتى، پاسكال ئالدىدىكى ۋودكىنى بىر كۆتىرىپلا ئىچىۋەتتى. ئانرى كىچىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدا سوغاق تەككۈزۋالماي دەپ، ئېيىق تېرىسىگە يوگىنىۋالدى. گالىتسىيە ناخشىسى «ئىت ئۈۋچىسى» نى غىڭشىپ ئېيتىۋاتقان ئالفىرىدىمۇ جىم بولدى.

## 4

دې ئووېرنە ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بۇيان ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن ۋەقەلەرنى يادىغا كەلتۈرۈۋېلىش ئۈچۈن بىردەم ئويلاندى-دە، ئاندىن سالماق، پەس ئاۋاز بىلەن توختاپ-توختاپ سۆزلەپ كەتتى:

مەن فرانسىيەدە تۇغۇلدۇم. لېكىن بالا ۋاقتىمدىلا سان-دومىنگودىكى تاغامنىڭ يېنىغا ئەۋەتىلگەن ئىدىم. تاغام ناھايىتى باي كىشى بولۇپ، چوڭ دېھقانچىلىق مەيدانىغا ئىگە ئىدى. مېنى ئۇنىڭ قىزىغا چېتىپ قويۇشماقچى ئىدى. تاغامنىڭ ئۆي-جايى گالىفى پورتىغا تۇتاش بولۇپ، ئۇنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئاكيۇل ۋادىسىنىڭ چوڭ بىر قىسمىنى ئىگەللەيتتى.

مەن تەسۋىرلەپ بېرىۋاتقان بۇ نەس جاي ئومۇمى كۆرۈنۈشى جەھەتتىن سىلەرنى ئانچە قىزىقتۇرالماسلىقى مۇمكىن، ئەمما ئۇ يەر مېنىڭ پۈتۈن ئائىلەمنىڭ پالاكەتكە ئۇچرىشىغا زامىن بولدى.

تاغامنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى بۇ چوڭ ئىگىلىكتە سەككىز يۈز نىگىر ئىشلەيتتى. ئىقرار بولۇش كېرەككى، بۇ قۇللارنىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋالى ئۇلارنىڭ خوجايىنى تەرىپىدىن قوللىنىلغان شەپقەتسىز تەدبىرلەر نەتىجىسىدە، تېخىمۇ بەتتەر ئېغىرلىشىپ كېتەتتى. مېنىڭ تاغام بارلىق ئاز سانلىق مۇلۇكدارلارغا ئوخشاش چەكسىز ھۆكۈمرانلىققا ئادەتلەنگەن تاش يۈرەك ئادەم ئىدى. ئۇ ھەرقانداقنىڭ بىر قاراشتىنلا قورقۇپ كېتىشىنى،

سۆزىسىز ئىتائەت قىلىشنى خالايتتى. ئۇ قۇللارنى كىچىككىنە ئەيىۋى ئۈچۈن قاتتىق جازالايتتى، ئۆز بالىلىرىنىڭ قۇللارنى ياقىلغانلىقىنى كۆرسە قاتتىق غەزەپلىنىپ كېتەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قۇللار ئۈستىدىكى جەۋرى-زۇلۇمنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن دائىم يوشۇرۇن ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولاتتۇق، ئۆز ۋاقتىدا ئالدىنى ئالالمايتتۇق.

-ھە، قىزىق گەپلەر مانا ئەمدى باشلىنىدىغاندەك تۇرىدۇ،-دىدى ئانرى يېنىدا ئولتۇرغان بىرسىگە شىۋىرلاپ،-قارىماققا، كاپىتان قارا تەنلىكلەرنىڭ بەختسىزلىكى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىش ئارقىلىق بىزگە ئىنسانپەرۋەرلىك ھەققىدە، بىزنىڭ بۇ جەھەتتىكى ۋەزىپىلىرىمىز ھەققىدە بىر قېتىم ۋەز-نەسىھەت قىلماقچى بولسا كېرەك. ھېچبولمىغاندا، ماسساك كۇلۇبىغا مەنسۇپ كىشىلەر بۇ توغرىدا گەپ قىلماي ئۆتەلمەيدۇ-دە،

-رەھمەت سىزگە، ئانرى! سىز مېنى كۆلكىلىك بىر ھالغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلاپ قالدىڭىز،-دىدى دې ئوۋېرنە ئۇنىڭ سۆزىنى سوغاققىنا ئاڭلاپ بولۇپ، كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

تاغامنىڭ قۇللىرى ئىچىدە پەقەت بىرلا قۇل ياخشى شارائىتتا ياشايتتى. بۇ قۇل ئىنتايىن پاكىنەك ئادەم بولۇپ، تاغامغا يامايكا ۋالىسى ئىپفىنگىم تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنغان ئىدى. ئۇ ئىسپانلىقلار بىلەن نىگىرلار ئوتتۇرىسىدىن تۇرەلگەن زامبۇ نەسلىدىن ئىدى. تاغام برازىلىيىدە ئۇزۇن يىللار تۇرغانلىقتىن، پورتۇگالىيىلىكلەرنىڭ ھەشەمەتلىك، زىبۇ-زىننەتلىك قورا جاي سالدۇرۇپ، ئۆز بايلىقىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان ماختانچاق ئادىتىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالغان ئىدى. ياۋرۇپاچە خىزمەت قىلىشقا ئۆگىتىلگەن بىر توپ قۇللار تاغامنىڭ ئۆيلىرىنى كۆز قاماشتۇرغۇدەك ھالەتتە بېزەپ تۇراتتى. تاغام ئۆز ھەشەمىتىنى تېخىمۇ مۇكەممەل قىلىش ئۈچۈن ئىپفىنگىم تەرىپىدىن سوۋغا قىلىنغان ھېلىقى قۇلنى خۇددى فېئودالىزم دەۋرىدىكى غوجىزادىلەرگە ئوخشاش ئۆيىدە چاكار تۇتۇپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي نەۋكىرى قىلىپ تەيىنلىگەن ئىدى. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، تاغامنىڭ چاكارلىققا تاللىغان بۇ ئادىمى تازىمۇ مۇۋاپىق بوغلان. چۈنكى خەببىرا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئادەم غەلىتە يارىتىلغان بىر مەخلۇق ئىدى: بوي-تۇرقى، رەڭگى-روھى ئاجايىپ كۈلكىلىك ۋە يىرگىنىشلىك بولۇپ، ئۆزى ئىنتايىن پاكار، دىخماق، سېمىز ئىدى. پۇتلىرى ئىنچىكە ۋە قىسقا بولسىمۇ تېز ماڭاتتى. ئەگەر بىر يەردە

ئولتۇرسا، خۇددى پۇتلىرىنى يىغىۋالغان چوڭ ئۆمچۈككە ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئاجايىپ يوغان بېشى خۇددى بىر كاللەك يۇڭنى گەۋدىگە چاپلاپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى، ئىككى قولىقى لەپپەڭلەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يولداشلىرى بۇ يوغان قۇلاقلارنى تەسۋىرلىگەندە، خەببرا يىغلىسا قۇلاقلىرى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىدۇ دېيىشەتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن ھەر ۋاقىت قورۇقلار خالىي بولمايتتى. خەببرانىڭ بۇ ئاجايىپ قىياپىتى ئۇنىڭغا غەلىتە تۇس بېرىپ تۇراتتى. بۇ سۈرلۈك، بەتبەشىرە ئادەم قىزىقچى بولغانلىقتىن تاغام ئۇنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ تاغامنىڭ ئالدىدا ئەركە ئىدى، باشقا قۇللار ئېغىر ئەمگەك ئاستىدا دەرمانسىزلىنىپ يۈرسە، خەببرا مامۇق پەيلەردىن ياسالغان چوڭ يەلپۈگۈچنى ئېلىپ، سالقىن جايدا ئۆز خوجايىنىنىڭ پاشا-چىۋىنىنى قورۇشتىن باشقا ئىشنى قىلمايتتى. ئۇ تاغامنىڭ ئايىغىغا سېلىنغان پالاز ئۇستىدە ئولتۇرۇپ تاماق يەيتتى. ئۇنىڭ مەخسۇس قاچىسىغا بەزى ئاشقىنا-تاشقان مەززىلىك تائاملاردىن سېلىپ بېرىلەتتى. خەببرا بولسا، بۇنداق چوڭ مەرھەممەتتىن بەك مەمنۇن بولاتتى. خەببرا ئۆزىدە مەسخىرىۋازلىق-قىزىقچىلىق خۇسۇسىيەت بولغانلىقى ئۈچۈنلا بەزى ئىمتىيازلارغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، تاغامنىڭ ئالدىدا خالىغان چاخچاقنى قىلىش، ئۆز خوجايىنىنىڭ كەيپى كۆتىرىلىدىغان، ئۇنى كۈلدۈرىدىغان، كۆڭلىنى ئاچىدىغانلىكى قىزىقچىلىق بولسا، ھەممىنى ئىختىيارى قىلىش ھوقۇقىدىن بەھرىمەن ئىدى. ئۇ خۇددى مايمۇندەك شوخ، ئىتتەك سەگەك ئىدىكى، تاغام بىرلا ئىشارەت قىلسا، دەرھال ئۇنىڭ ئالدىدا ھازىر بولاتتى.

مەن بۇ قۇلنى ئۆچ كۆرەتتىم. ئۇنىڭ ھىيلىگەرلىك-مەككارلىق بىلەن خوشامەت قىلىپ يۈرۈشى چىشىمنى قېرىشتۇراتتى. قۇل بولۇش نومۇس ئەمەس، ئەلۋەتتە، لېكىن قۇللارچە يالاقچىلىق قىلىش-شەرمەندىلىك، يېرىم-يالىڭاچ ھالدا كۈن بويى ئېغىر ئەمگەك قىلىۋاتقان بەختسىز نىگىرلارنى كۆرگەندە، يۈرەكلىرىم ئېچىشىپ كېتەتتى. ئۇلار كىيىملىرى جۇل-جۇل، مەيدىلىرى ئوچۇق ھالدا ئىشلەيتتى. ئەمما ھېلىقى ئاق قاپتال، بىمەنە مەسخىرىۋازنىڭ ساراڭلارغا ئوخشاش، ھەرياڭزا جالدۇر-جۇلدۇر مارجانلار ئېسىلغان ئالا-بۇلماچ كىيىملەرنى كىيىپ يۈرگىنىنى كۆرسەم، يىرگىنىپ كېتەتتىم، بۇ پاپا ھەرخىل پەسكەش قىلىقلىرى بىلەن خوجايىنىنىڭ ئالدىدا بەزى تەسىرگە ئىگە بولۇۋالغان بولسىمۇ، بۇ تەسىردىن پايدىلىنىپ ئۆز

قېرىنداشلىرىنىڭ ئېغىر شارائىتىنى ئاز-تولا يەڭگىللىتىشكە زادىلا ئۇرۇنۇپ كۆرمەيتتى. خوجايىن قۇللارنى جازالاۋاتقاندا، خەببىرا ھېچقاچان قۇل يولداشلىرىنىڭ گۇناھلىرىنى تىلەپ باقمىغان. بىر كۈنى ھەتتا ئۇ قۇل يولداشلىرىنى قاتتىق باشقۇرۇش ھەققىدە تاغامغا مەسلىھەت بېرىۋاتقانلىقىنى بىرسى ئاڭلاپ قالغان ئىكەن. دەرۋەقە، باشقا قۇللار ئۇنىڭغا گۇمان ۋە ئىشەنچسىزلىك بىلەن قارىسىمۇ، ئۇلاردا خەببىراغا نىسبەتەن نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى كۈچلۈك بولمىغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى ۋە ھېيىقاتتى. ئەمما ئۇنىڭغا دۈشمەنلىك قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

خەببىرا بېشىغا قىزىل بوياق بىلەن چۈشىنىكسىز بەلگىلەر سىزىلغان، مارجانلار تاقالغان ئېگىز قالپاق كىيىپ، قۇللارنىڭ ياتىقى ئالدىدىن ئۆتكەندە، قۇللار ئۇنى كۆرۈپ بىر بىرىگە ئاستا ئەنە سېھرىگەر كېلىۋاتىدۇ دېيىشەتتى.

ئەپەندىلەر، مەن سىلەرگە سۆزلەپ بېرىۋاتقان بۇ تەپسىلاتلار ئۇ چاغدا مېنى ئانچىمۇ قىزىقتۇرمايتتى. چۈنكى، مېنىڭ پۈتۈن پىكىر-خىيالىم، ھېس-تۇيغۇم ئارامبەخش سۆيگۈ-مۇھەببەت بىلەن بەنت ئىدى. مەن كىچىككىمدىلا ماڭا بەخشەندە قىلىنماقچى بولغان قىزنىڭ پاك ئىشقىدا مەستانە بولۇپ يۈرەتتىم. ئەتراپىتىكى ھەرقانداق نەرسىنى مارىغا تەڭ قىلالمايتتىم. ئۇزاق يىللاردىن بۇيان خۇددى ئۆز سىڭلىمدەك كۆرۈپ يۈرگەن مارى كەلگۈسىدە مېنىڭ رەپىقەم بولۇشى كېرەك ئىدى. بىز ئىككىمىز بىللە ئۆسۈپ، بىللە ئويناپ-كۈلۈپ يۈرۈش جەريانىدا بىر-بىرىمىزگە شۇنچىلىك مېھرىبان، شۇنچىلىك ئىچىكىپ كەتكەن ئىدۇقكى، بۇھال بىزدە قېرىنداشلارچە مېھرى-مۇھەببەت ئورنىغا بارا-بارا ئاشىق-مەشۇقلۇق ئىشقىي مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئويغاتقان ئىدى. بىز بىر-بىرىمىزگە خۇددى ۋاپادار ئەر-خوتۇنلاردەك تۇيۇلاتتۇق. بۇ ئەھۋالنى تەسۋىرلەپ بېرىشكە سۆز تاپالمايمەن. پەقەت شۇنداق دېيىشىم مۇمكىنكى، دۇنيادا ھېچكىم مېنىڭ ياشلىق مەزگىلىمدىكىدەك بەختىيار بولمىغاندۇ! بۇ يورۇق ئالەمدە سۆيگۈ مۇھەببەتنىڭ شېرىن لەززىتىنى، ياشلىقنىڭ بەختىنى ۋە كەلگۈسىگە بولغان ئىشەنچىنى مەنچىلىك ھېس قىلمىغاندۇ! مەن بۈشۈكتىكى ۋاقتىمدىن تارتىپلا چەكسىز بايلىق، راھەت-پاراغەت ئىچىدە ئۆستۈم. مەن بۇ ئەلدە ئاق تەنلىك كىشىلەر بەھرىمەن بولالايدىغان ھەممە مەئىشەتلەردىن تولۇق بەھرىمەن

بولۇپ ياشىدىم. كۆڭلەر سۆيگۈ مۇھەببەتنىڭ شېرىن لەززىتى ئىچىدە بىلىنمەستىن ئۆتۈۋەردى. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى بۇ مۇناسىۋەتلەرگە ھېچكىم تونۇقلۇق قىلالمايتتى. چۈنكى، بىزنىڭ ئاتا-ئانىلىرىمىز بىزنىڭ ھامىلىرىمىز ئىدى. بۇنداق ۋاقىتتا، يەنە كېلىپ، مەڭگۈ ياز بولۇپ تۇرىدىغان، كىشىنى مەپتۇن قىلغۇچى گۈزەل تەبىئىي مەنزىرىلەرگە باي بولغان بۇ قۇياشلىق ئۆلكىدە ياشلىقنىڭ جۇشقۇن دەۋرلىرىنى ئۆتكۈزۈشتىنمۇ ئارتۇق بەخت بولماس! شۇنداق تۇرۇقلۇق مەن ئۆزەمنىڭ بەخت يۇلتۇزۇمغا ئىشەنمەسلىكىم مۇمكىنمىدى؟ شۇنچىۋالا بەخت-سائادەتكە مۇيەسسەر بولغىنىمدىن كېيىن، ھېچكىم مېنىڭ ياشلىق دەۋرىمدىكىدەك بەخت-سائادەتلىك بولمىغاندۇ، دېيىشكە ھەققىم يوقمىدى؟

كاپىتان جىم بولدى. ئۇ ئۆتمۈشتىكى بەختلىك مەزگىللىرىنى ئەسلەپ بىرئاز ھاياجانلانغان ئىدى. سەل ئۆتۈپ چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

-توغرا، ئەمدى مەن شۇنىمۇ قوشۇپ قويۇشقا ھەقلىقمەنكى، دۇنيادا ھېچكىم ئۆزىنىڭ ئاخىرقى ئۆمرىنى مېنىڭدەك قايغۇلۇق ئۆتكۈزمىسە كېرەك!

دې ئۇۋېرنە گويا ئۆز بەختسىزلىكى ئىچىدىن يېڭى بىر كۈچ سۈمۈرۈۋالغاندەك، كېيىنكى سۆزلىرىنى قەتئىي جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن داۋاملاشتۇردى:

مەن يىگىرمە ياشقا كەلگۈچە ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللار ۋە ھاۋايى-ھەۋەس ئىچىدە ياشىدىم. 1791-يىلى ئاۋغۇست مېنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتىم ئىدى. تاغام مارى بىلەن ئىككىمىزنىڭ تويىنى تۇغۇلغان كۈنۈمدە ئۆتكۈزۈشنى بەلگىلىدى. مەن تاقەتسىزلىنىپ كۈتكەن بۇ بەختنىڭ شۇ قەدەر يېقىنلاپ كېلىشى مېنى ئەقلى-ھوشۇمدىن ئازدۇرغانلىقى سىلەرگە بەلكى چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن كېيىنكى ئىككى يىل مابەينىدە بۇ مۇستەملىكىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن سىياسى ماجرالارنى پەقەت ھازىرلا غۇۋا ئەسلەۋاتىمەن. دەرۋەقە، مەن سىلەرگە گىراف پېنىيې، جانابى دې بلانشلارندلار توغرىسىدا ياكى پاجىئەلىك قۇربان بولغان بەختسىز پولكوۋنىك مۇددىيۇئى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرەلەمەيمەن، ياكى شىمالىي ئۆلكىلىك كېڭەش بىلەن مۇستەملىكىلىك كېڭەش ئوتتۇرىسىدىكى قارىمۇ-قارشىلىقنى تەسۋىرلەپ بەرەلمەيمەن. ئېيتماقچى،

«مۇستەملىكىلىك كېڭەش» دېگەن نامنى قوللۇق پۇراپ تۇرىدۇ. دېگەن باھانە بىلەن كېيىنچە «باش كېڭەش» دەپ ئۆزگەرتىشكەن ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا ھەممە كىشىنىڭ بېشىنى قايمۇقتۇرغان بۇ ئىككى كېڭەش ئوتتۇرىسىدىكى قۇرۇق تالاش-تارتىش بۇ ئۆلكىدىكى كۆڭۈلسىز پاجىئەلەرنىڭ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولغان ئىدى. بۇ تەرىپى سىلەرنى قىزىقتۇرۇشى مۇمكىن. ئۆزەمنىڭ پىكرىگە كەلسەم، ئەينى زاماندا كاپ بىلەن پورت-ئوپرېنسې دېگەن بۇ ئىككى جاينىڭ قايسىسىنى بىرىنچى بولۇپ قوغداش كېرەك. دېگەن مەسىلىدە مەن ئۆز كۆز قارىشىمغا ئاساسەن، ئەلۋەتتە، كاپنى بىرىنچى بولۇپ قوغداش تەرىپىدە چىڭ تۇرغان بولاتتىم. چۈنكى بىز كاپ تەۋەسىدە ياشايتتۇق. بۇ مەسىلىدە مەن ئۆلكىلىك كېڭەشنى ياقلىغان بولاتتىم، چۈنكى، تاغام ئۇنىڭ ئەزاسى ئىدى.

ئاشۇ ھەل قىلغۇچ كۈنلەردە بۇ تالاش-تارتىشقا مېنىڭمۇ بىر قېتىم قاتنىششىمغا توغرا كەلگەن ئىدى. بۇ توغرىلىق ئاز-تولا توختىلىپ ئۆتىمەن:

1791-يىلى 11-ماي فرانسىيە مىللىي كېڭىشى بىر قانۇن ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇنىڭدا باشقا رەڭدىكى كىشىلەر ئۇچۇنمۇ، ئاق تەنلىكلەرگە ئوخشاش، سىياسىي ھوقۇق بېرىش بەلگىلەنگەن. بىز تۇرغان شەھەرنىڭ ۋالىسى تەرىپىدىن بېرىلگەن بىر زىياپەتتە نۇرغۇن ياش كىشىلەر بۇ قانۇننى مۇھاكىمە قىلىشقان ئىدى. بۇ مۇھاكىمىدە ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۆزىگە تەمەننا قويۇش، باشقىلارنى مەنسىتمەسلىك ئادىتى ئاساس قىلىنغان ئىدى. مەن تېخى بۇ مۇھاكىمىگە قاتناشقۇدەك بولمىغان ئىدىم. بىر كەمدە بىز تەرەپكە قاراپ بىر مۆلۈكدار بايۋەتچىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى. ئۇنى ئاق تەنلىكلەر ئارىغا قاتمايتتى. چۈنكى، ئۇ ساپ ئاق تەنلىك بولمىغاچقا، باشقىلار ئۇنى «شالغۇت» دەپ كەمسىتەتتى. مەن دەرھال ئۇ ئادەمنىڭ ئالدىغا كەلدىم-دە، ئۇنىڭلۇك قىلىپ شۇنداق دېدىم:

-ئەپەندىم، سىز بۇ يەردىن كېتىڭ، بۇ يەردە سىزگە ئوخشاش تومۇرىدا ئارىلاش قان بار كىشىلەر ئۇچۇن كۆڭۈلسىز پاراڭلار بولۇۋاتىدۇ.

مېنىڭ بۇ گېپىم ئۇنىڭغا كەمسىتىش بولۇپ تۇيۇلدى بولغاي، ئۇ ناھايىتى غەزەپلىنىپ، مېنى دۇئېلغا چاقىردى. ھەر ئىككىمىز يارىلاندۇق. مېنىڭ ئۇنى ھاقارەتلىشىم توغرا ئەمەس ئىدى، دەپ تونۇيمەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، مېنى بۇنداق دېيىشكە دەۋەت قىلغان سەۋەب ئۇنى كەمسىتىدىغان

«ئىرقىي خۇراپاتلىق» كۆز قارىشى ئىدى، دەپمۇ ئويلىمايمەن. ئەسلىدە بۇ ئادەم خېلى ۋاقىتلاردىن بۇيان مېنىڭ مەھبۇبەمگە ئەدەپسىز قىلىقلار بىلەن كۆز تىكىپ يۈرەتتى، يەنە كېلىپ بۇ ماجرادىن بىر نەچچە مىنۇت ئىلگىرى ئۇ مەھبۇبەم بىلەن تانسا ئوينىغان ئىدى.

ئەسلىنى ئالغاندا، مەن مارى بىلەن بولىدىغان تويىمىز يېقىنلىشىپ قالدى، ئەمدى ئۇ پۈتۈنلەي مېنىڭ بولىدۇ، دەپ خۇشال بولۇپ يۈرەتتىم ۋە ئەتراپىمدىكى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدە مارىغا نىسبەتەن بولىدىغان ھەۋەسكە بېپەرۋا قارايدىغان بولۇپ قالغان ئىدىم، مېنىڭ پۈتۈن دىققىتىم ئۆز بەختىمىزنى كۈتۈۋېلىشقا قارىتىلغانلىقتىن، ئۈستىمىزدە لەيلەپ يۈرگەن قارا بۇلۇتلارنى بايقىيالمىدىم. ۋاھالەنكى، بۇ قارا بۇلۇتلار چوڭ بوران-چاپقۇن كۆتىرىپ، بىزنىڭ پۈتۈن ھاياتىمىزنى گۇمران قىلدى. ئۇ چاغدا ئەڭ قورققاق كىشىلەرنىمۇ قۇللار قوزغىلىڭىدىن قاتتىق ۋەھىمىگە چۈشىدۇ، دېيىشكە بولمايتتى. چۈنكى، ئۇلار نىگىرلارنى ناھايىتى پەس كۆرگەچكە، ئۇلاردىن ھەرگىزمۇ ئەندىشە قىلمايتتى، لېكىن ئەق تەنلىكلەر بىلەن ئەركىن قان نەسلىدىكى مۇلاتلار ئوتتۇرىسىدا شۇنداق بىر خىل ئۆچمەنلىك مەۋجۇت ئىدىكى، بۇ ئۆچمەنلىك گويا ئۇزاقتىن بۇيان ئېتىلماي تۇرغان ۋولقانغا ئوخشايتتى. بۇ ۋولقان ھە دېگەندىلا ئېتىلىپ كېتىشى ۋە پۈتۈن مۇستەملىكىنى كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتىشى مۇمكىن ئىدى.

مېنىڭ ناھايىتى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن ئاشۇ كۈنلىرىم يېتىپ كېلىدىغان چاغدا، ئاجايىپ بىر ھادىسە يۈز بەردى. بۇ ھادىسە مېنىڭ بەختلىك ھاياتىمغا كۈتۈلمىگەن قايغۇ-ئەلەم ئېلىپ كەلدى.

## 5

تاغامنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئەگىپ ئۆتىدىغان مەنزىرىلىك دەريا قىرغىقىدا ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن چىرايلىق بىر شىپاڭ ياسالغان ئىدى. بۇ شىپاڭ يېشىل نوتىلاردىن ياسالغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەتراپى بۇك-باراقسان دەل-دەرەخ بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى. يازنىڭ راسا ئىسسىق ئايلىرىدا مارى ھەركۈنى بۇ شىپاڭغا كېلىپ، سان-دومىنگوغا ئەتىگەندىن كەچكىچە دېڭىز تەرەپتىن ئۇرۇپ تۇرىدىغان سالقىن شامالدا دەم ئالاتتى. بۇ شامال ھاۋانىڭ

تەپتىگە قاراپ بەزىدە كۆچلۈك، بەزىدە سۇس چىقىپ تۇراتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەن بۇ شىپاگىنى ئالايتەن ئەڭ چىرايلىق كۈنلەر بىلەن بېزەپ قوياتتىم.

بىر كۈنى مارى ناھايىتى قورققان ھالدا مېنىڭ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى: ئۇ ئادەتتىكىچە يېشىل شىپاگىغا كىلىپ، شۇنداق قارىسا، مەن ئەتىگەن ئەكىلىپ تىزىپ قويغان گۈللەرنىڭ ھەممىسى چېچىلىپ ۋە دەسسەلگەن ھالدا يەردە تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ دائىم ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقى ئۆستىدە بولسا، يېڭىلا ئۈزۈپ كېلىنگەن بىر دەستە دالا گۈلى تىزىپ قويۇلۇپتۇ. مارى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە قورقۇپ كېتىپتۇ. بۇ ئاجايىپ ئىشقا ھاڭ-تاڭ بولۇپ تۇرغاندا، شىپاگىنى ئوراپ تۇرغان قويۇق ئورمانزارلىقتىن گېتارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. ئاندىن قانداقتۇ تونۇش بولمىغان بىر ئادەم غەيرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىپتۇ. ناخشا مارىغا خۇددى ئىسپان تىلىدا ئېيتىلغاندەك ئاڭلىنىپتۇ. ئۇ قورقۇپ كەتكەنلىكتىنمۇ ياكى قىزلارچە ئۇياتچانلىقىدىنمۇ، بۇ ناخشىنىڭ مەزمۇنىنى ياخشى تۇتۇۋالالماپتۇ. پەقەت ئۇنىڭ تۇتۇۋالغىنى ناخشىدا قايتا-قايتا تەكرارلانغان«مارى» دىگەن ئىسىملا بوپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ قورققانلىقىدىن ئارقىسىغا قاراپ قېچىپتۇ. بەختكە يارىشا، ئۇنى ھېچكىم توسىۋالماپتۇ.

مارىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاتتىق غەزەپلەندىم، يۈرۈكىمدە رەشك ئوتى ياندى. مەن دەرھال يېقىندا توقۇنۇشۇپ قالغان ھېلىقى شالغۇت بايۋەچچىدىن گۇمانلاندىم. بىراق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇنداق ئەمەستۇ، دەپمۇ ئويلىدىم ۋە ئاچچىقىنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئالدىراپ بىر ئىش قىلماي دىدىم-دە، بىچارە مارىغا تەسەللى بېرىپ، تاكى مەن ئۇنىڭدىن ئۆمۈرۋايەت ئايرىلمايدىغان ئاشۇ كۈنلەر كەلگۈچى، ئۇنىڭغا داۋاملىق كۆز-قۇلاق بولۇپ تۇرۇشقا قەسەم ئىچتىم.

بۇنداق قوپال قىلىقى بىلەن مارىنى قورقۇتقان ئادەم مارىغا پەقەت بىرقېتىملا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى بايقاپ، بۇنىڭغا بىر تەدبىر قوللانماقچى بولدۇم ۋە شۇ ئاخشىملا ئادەملەر ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن مەھبۇبەمنىڭ ياتىقى ئەتراپىدا پايلاقچىلىق قىلدىم. خەنجەرنى قولۇمغا ئېلىپ، ئىگىز ئۆسكەن شىكەر قومۇشلۇقى ئارىسىغا كىرىپ كۈتۈپ تۇردۇم. كۈتكىنىم بىكار بولمىدى. يېرىم كېچە ئەتراپىدا، مەندىن بىر

نەچچە قەدەم نېرىدا، كېچىنىڭ جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ مۇڭلۇق ۋە ئەلەملىك ناخشا ساداسى ئاڭلاندى. بۇنى ئاڭلاپ مەن خۇددى بەزگەكتەك تىترەپ كەتتىم: گىتار دەل مارىننىڭ دەرىزىسى تۈۋىدە چېلىنىۋاتاتتى! دەرغەزەپ بولۇپ خەنجەرنى قولۇمغا ئالدىم ـ دە، شىكەر قومۇشلىرىنى دەسسەپ ـ چەيلەپ ئۆتۈپ، ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئۆزەمنى ئاتتىم. بىردىنلا قانداقتۇ بىر كۈچلۈك قول مېنى تۇتۇپ، كۈچ بىلەن يەرگە يىقىتتى، خەنجەر قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى ۋە شۇ زامات خەنجەرنىڭ بېشىمنىڭ ئۈستىدە پارقىراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. تۈن قاراڭغۇسىدا چاقناپ تۇرغان كۆزلەر مېنىڭ كۆزلىرىمگە تىكىلىپ تۇراتتى. بۇ ئادەم قاراڭغۇدا ئىككى رەت ئاپپاق چىشلىرىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، دەھشەت بىلەن شۇنداق دېدى: «قولغا چۈشتۈڭ، قولغا چۈشتۈڭ» . قورقۇشتىن كۆرە ھەيرانلىق ئىچىدە مەن بۇ دەھشەتلىك رەقىپ بىلەن ئېلىشتىم، ئەمما بۇ بىھۇدە ئۇرۇنۇش بولۇپ چىقتى. گىتارنىڭ ئاۋازى ۋە قاتتىق ۋاراڭ ـ چۇرۇڭدىن ئويغىنىپ كەتكەن مارىننىڭ قىياپىتى دەرىزىدە كۆرۈنگەندە، خەنجەر ئاللىقاچان چاپىنىمنى تېشىپ كۆكرىكىمگە قاراپ كېلىۋاتاتتى. مارى مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ۋە كۆكرىكىمدە خەنجەرنىڭ پارقىراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ۋەھىمە بىلەن قاتتىق چىرقىراپ كەتتى. بۇ قايغۇلۇق چىقىراش غالىپ رەقىبىمنىڭ قولىنى خۇددى پالەچنىڭ قولىدەك پۈلەڭلىتىپ قويدى. ئۇ گويا جادۇ قىلىنغاندەك قېتىپلا قالدى. ئاندىن خەنجەرنى ئىختىيارسىز ھالدا بىر نەچچە قېتىم كۆكرىكىمگە تەگلەپ دۈمۈلەپ قويدى ـ دە، پىقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ:

ـ خەير، جۇمۇ! ـ دېدى فرانسۇز تىلىدا، ـ خەير، مارىننىڭ كۆزىدىن ياش چىقارماي!

شۇ غەلىتە سۆزنى قىلدى ـ دە، بۇ ئادەم شىكەر قومۇشلۇقى ئىچىگە كىرىپ غايىپ بولدى. مەن بۇ تەڭسىز كۆرەشتە يىقىلغان ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۆزەمنى ئوڭشىۋالغىچە، ئۇنىڭ ئىزىمۇ، شەپىسىمۇ كۆرۈنمىدى، ئەتراپ جىمجىت بولۇپ كەتتى.

مەن سۆيۈملۈك مارىننىڭ قۇچىقىدا ھوشۇمغا كەلگەندە، قانچىلىك ھەيران قالغىنىمنى سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. چۈنكى، مەن كۆتۈلمىگەندە، مەھبۇبىمنىڭ ـ ھەق مەندىن تارتىۋېلىشقا ئۇرۇنغان ئاشۇ مارىننىڭ ـ قۇچىقىدا ياتاتتىم. كېيىنرەك، ئۇ نامەلۇم رەقىپنىڭ مېنى ئۆز ھاياتىم

بىلەن قەرزدار قىلىپ قويغانلىقىنى ئويلاپ تېخىمۇ غەزىپىم قوزغالدى. بۇ مەن ئۈچۈن نومۇس ئىدى. ۋىجدانىم ماڭا شۇنداق دەيتتى: «ئەسلىدە سەن مارىنىڭ ئالدىدا ئۆز ھاياتىڭ بىلەن قەرزدار، چۈنكى، پەقەت مارىنىڭ ئاۋزىلا رەقىپنى خەنجەرنى تاشلاشقا مەجبۇر قىلدى. لېكىن، يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ نامەلۇم رەقىپنى سېنىڭ قېنىڭدىن كېچىشكە مەجبۇر قىلغان ئامىل ئۇنىڭدىكى ئالىيجانابلىق تۇيغۇسى ئىكەنلىكىنىمۇ ئېتىراپ قىل!» ئەمما، بۇ رەقىپ زادى كىم؟ بۇ مەن ئۈچۈن بىر تېپىشماق بولدى. بۇ ئادەم مەن بۇرۇن كۆنەپ يۈرگەن ھېلىقى شالغۇت بايۋەتچە بولماسلىقى مۇمكىن. چۈنكى، ئۇ ئۇنچىۋالا كۆچلۈك ئەمەس ئىدى، شۇنىڭدەك ئاۋازىمۇ ئۇنىڭكىگە ئوخشىمايتتى. مەن ئېلىشقان ئادەمنىڭ يېرىم يالىڭاچلىقى ئېسىمگە كەلدى. بۇ مۇستەملىكە ئۆلكىدە پەقەت قۇللارلا يېرىم يالىڭاچ يۈرۈشەتتى. يەنە بىر جەھەتتىن، ئۇ قۇل بولمىسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. چۈنكى، قۇللاردا بىراۋنى يىغلاتماسلىق ئۈچۈن خەنجەرنى تاشلاپ، پەيلىدىن قايتقۇدەك نازۇك ھېس-تۇيغۇنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، دېگەن خىيال مېڭەمگە كەلدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ رەقىپ قۇللاردىن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن ھاقارەتلىك پىكىر مېنى قىيناشقا باشلىدى. بۇ زادى كىمدۇ؟ ئاخىرىنى كۈتمەكچى ۋە كۆزەتمەكچى بولدۇم.

مارى تەربىيىچى مومايىنى ئويغاتتى، بۇ موماي مارىنى بوۋاق ۋاقتىدىن تارتىپ باققان ئىدى. مارىنىڭ ئۆز ئانىسى بوۋاق چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەن. مەن كېچىنىڭ قالغان قىسمىنى مارىنىڭ يېنىدا ئۆتكۈزدۈم. تاڭ ئېتىشى بىلەنلا بىز يۈز بەرگەن بۇ چۈشىنىكسىز ھادىسىنى تاغامغا ئېيتتۇق. تاغام بۇ ۋەقەگە بەكمۇ ھەيران بولدى. لېكىن ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش ئۆزىنىڭ غورۇرىنى نەزەردە تۇتۇپ، مارىنىڭ بۇ نامەلۇم «ئاشىقى» قۇللاردىن بولۇشى مۇمكىن، دېگەن تەخمىنىدىن ئۆزىنى قاچۇردى ۋە مومايغا مارىدىن نېرى كەتمەسلىكنى بۇيرۇدى. چۈنكى، تاغام ناھايىتى ئالدىراش ئىدى: ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ يىغىنلىرىغا قاتنىشىش، مۇستەملىكىدىكى بىئارامچىلىق تۈپەيلىدىن چوڭ يەر ئىگىلىرىنىڭ تەشۋىشى ئېغىر ئىدى. دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى ھەرخىل ئىشلارنىڭ تولىلىقى تاغامنىڭ بىر مىنۇت ۋاقتىنى بوش قويمايتتى. تاغام يەنە ماڭا تويىمىز بولىدىغان 8-ئاينىڭ 22-كۈنى يېتىپ كەلگىچە قىزنىڭ يېنىدا تۇرۇشۇمنى ۋە ئۇ سەيلى-ساياھەتكە چىققاندا،

ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولۇشۇمنى تاپىلىدى ھەمدە قىزنىڭ بۇ يېڭى «ئاشىقى» كېلىشى مۇمكىن بولغان تەرەپلەرگە كۆزەتچى قويۇشنى ئېيتىپ ئۆز يەر مۈلكى چېگرىسىنى كېچە ـ كۈندۈز قوغداشنى قاتتىق جېكىلىدى.

يۇقۇرىدىكى چارە ـ تەدبىرلەر قوللىنىلغاندىن كېيىن، مەن تاغامغا ئېيتىپ، بىر سىناق يۈرگۈزۈپ كۆرمەكچى بولدۇم، شىپاڭغا دەريا ئارقىلىق ئۆتتۇم ـ دە، دائىم قىلغىنىمغا ئوخشاش، مارى ئۆچۈن گۈلدەستە تىزىپ شىپاڭنى ياساپ قويدۇم.

مەھبۇبەم مارىنىڭ ئادەتتىكىدەك سەيلە قىلىش ۋاقتى كەلگەندە، مەن ئۆزى شىپاڭغا تەكلىپ قىلدىم ۋە ئوقلانغان مىلتىقنى ئېلىۋالدىم، تەربىيىچى مومايمۇ بىز بىلەن بىللە باردى.

مەن شىپاڭنىڭ مارىنى قورقۇتقان تونۇگۈنكى قالايمىقان ھالىتىنى تۈزەشتۈرۈپ قويغانلىقىمنى ئۇنىڭغان ئېيتمىغان ئىدىم. مارى بىرىنچى بولۇپ شىپاڭغا كىرى.

ـ قارىغىنا، لېوپولد، ـ دېدى ئۇ شىپاڭغا كىرىپلا، ـ شىپاڭ تېخىچە تۈنۈگۈنكى قالايمىقان ھالىتىدە تۇرۇپتۇ، سىنىڭ تۈزەشتۈرۈپ قويغان گۈللىرىڭ چېچىلغان، چەيلەنگەن پېتىچە يەردە ياتىدۇ، ئاجايىپ ئىشقۇ بۇ! ساڭا قارشى قويۇلغان مانا بۇ گۈللەر تۈنۈگۈن ئۈزۈلگەندەك ئەمەس، قارىغىنا، جېنىم دوستۇم، بۇ يېڭىلا ئۈزۈلگەن گۈللەرغۇ! ـ ئۇ چىملىق سۇپا ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان بىر دەستە دالا گۈللىرىنى قولىغا ئالدى.

مەن ھەيران قالدىم ۋە غەزەپلەندىم، ھەقىقەتەنمۇ مېنىڭ ئەتىگەن قىلغان ھەممە ئەمگىكىم بىتچىت قىلىنىپتۇ، مېنىڭ گۈللىرىم ئورنىغا ئۇيياتسىزلىق بىلەن قويۇپ قويۇلغان بۇ سۇلغۇن گۈللەرنىڭ سۇلماستىن ياشىرىپ تۇرۇشى بىچارە مارىنىمۇ ھەيران قالدۇرى.

ـ خاتىرجەم بول، ـ دېدى مارى مېنىڭ تەشۋىشىمنى سېزىپ، ـ خاتىرجەم بول، بۇ ئىش ئەمدى تەكرارلانمايدۇ، بۇ نامەلۇم ئەدەپسىز بۈندىن كېيىن بۇ يەرگە ھەرگىز كېلەلمەيدۇ، بۇ توغرىدىكى ئوي ـ خىياللارنى بۇ خۇنۇك گۈللەر بىلەن بىللە تاشلىۋېتەيلى!

مەن مارىنى ۋەھىمىگە سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، بولغان ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ ئولتۇرمىدىم، يەنە ئۇنىڭ «بۇ يەرگە ھەرگىز كېلەلمەيدۇ» دېگەن ئادىمى بۇ يەرگە ئاللىقاچان كەلگەنلىكىنى، ساددىلارچە غەزەپ بىلەن

ئۇنىڭ گۈللىرىنى دەسسەپ-چەيلىۋېتىش ئۇنىڭ يەنە كېلىشىگە توسقۇنلۇق قىلالمىغانلىقىنى ئاگاھلاندۇرۇپ ئولتۇرمىدىم.

ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە، مېنىڭ بۇ سىرلىق رىقابەتچىمنىڭ كىم ئىكەنلىكى ھامان پاش بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ جىم بولدۇم-دە، مارىنى ئاۋايلاپ موماي بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزدۇم.

بىز تېخى جايلىشىپ ئولتۇرمىغان ئىدۇقكى، مارى بارمىقى بىلەن مېنىڭ ئاغزىمنى توسىدى: ئۇ سۇنىڭ شاقىرىشى ۋە شامالنىڭ يۇرۇشى ئىچىدىن قانداقتۇر بىر ئاۋازنى ئاڭلىغان ئىكەن. مەنمۇ قۇلاق سالدىم، بۇ ئاۋاز تۇنۇگۇن كېچە مېنى غەزەپلەندۈرگەن ئاشۇ مۇڭلۇق، سوزۇق ناخشىنىڭ ساداسى ئىدى. مەن ئورنىمدىن سەكرەپ تۇرماقچى بولغاندا، مارى مېنى تۇتۇۋالدى:

-لېوپولد،-دېدى ئۇ ئاستا،-ئالدىرىما، ئېھتىمال، ئۇ ناخشىنى ئۇنۇتۇپ كېتىدۇ، ناخشىنىڭ سۆزىگە قاراپ، ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلىۋالارمىز.

راست دېگەندەك، بىردەمدىن كېيىن قېلىن ئورمانزارلىق ئىچىدىن لەرزان چېلىنغان گىتارغا تەڭكەش بولۇپ، ئەلەم-ھەسرەت بىلەن ئېيتىلغان ئىسپانچە مۇھەببەت ناخشىسىنىڭ ساداسى ئاڭلاندى. بۇ ناخشىنىڭ مەزمۇنى ئېسىمدە شۇنچىلىك مۇستەھكەم ئورنىشىپ قالغان ئىدىكى، مەن ئۇنى ھازىرمۇ سۆزمۇ-سۆز ئېيتىپ بېرەلەيمەن:

نىمشقا سەن مەندىن قاچىسەن، مارىيە؟ نىمشقا مەندىن قاچىسەن، ئەي قىز؟ نىمە ئۇچۇن مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىغاندا قورقۇپ، تىترەپ كېتىسەن؟ توغرا، مەن ناھايىتى قورقۇنچلۇق، لېكىن مەن ئازاپ چېكىشىنىمۇ، مۇھەببەت قويۇشنىمۇ ۋە ناخشا ئېيتىشنىمۇ بىلمەيمەن!

زىلۋا كوكس دەرەخزارلىقى ئارىسىدا، دەريا قىرغىقىدا تۇرۇپ، مەن سېنىڭ گۈزەل ۋە پاك ئوبرازىڭنى كۆرىمەن. ئاھ، مارىيە، ھاياتىمنى كۆز نۇرۇمنى توسىۋالسىمۇ مەن سېنىڭ ۋۇجۇدىڭنى پەقەت كۆز ئالدىمدا-ئوڭۇمدىلا كۆرگەندەك بولىمەن.

ئاھ، مارىيە، لەۋلىرىڭ ئارقىلىق چىققان شېرىن سۆزلىرىڭنى ئاڭلىغاندا، قەلبىم ساڭا قاراپ تەلپۈنىدۇ. مەن خۇددى شاراپ ئىچكەندەك

مەس بولىمەن، سېنىڭ يېقىملىق خۇش ئاۋازىڭدا پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئېرىپ كېتىدۇ!

ئاھ، مارىيە، سېنىڭ ئاۋازىڭ مەن ئۈچۈن بۇلبۇلنىڭ ئاۋازىدىنمۇ يېقىملىق، بۇلبۇل ئاسمىنىدا قانات قېقىپ، مېنىڭ ۋەتىنىم تەرەپتىن ئۇچۇپ كېلىدۇ!

ئاھ، ۋەتىنىم، مەن سەندە شاھ ئىدىم!

ئاھ، ۋەتىنىم، مەن سەندە ئازات ئىدىم! بىلەمسەن، مارىيە، مەن ئۆز ۋەتىنىمدە شاھ ئىدىم، ئازات ئىدىم! مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى پەقەت سەن ئۈچۈنلا ئۇنۇتماقتىمەن. مەن شاھلىقىمنىمۇ، ئائىلەمنىمۇ ئۇنتۇشقا تەييارمەن، بۇرچۇمنىمۇ، ئىنتىقامىمنىمۇ ئۇنتۇشقا تەييارمەن. ئەڭ مۇھىمى، ئىنتىقامىمنىمۇ ئۇنتۇشقا تەييارمەن! گەرچە ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان پىشىپ يېتىلگەن ئىنتىقام مۇئەسسىنىڭ ئېغىزغا تېگىش سائىتى شۇنچە يېقىن بولسىمۇ!

ناخشىنىڭ بۇ قۇرلىرى ئۇزۇپ-ئۇزۇپ، غەمكىن ئاۋازدا، ئاخىرقى سۆزلەر بولسا دەھشەتلىك دوق قىلىش ئاھاڭىدا ئېيتىلدى:

ئاھ، مارىيە، سەن گويا زىلۋا قەددىنى كەمتەرلىك بىلەن ئېگىپ تۇرغان گۈزەل خورما دەرىخىگە ئوخشايسەن، خورما دەرىخى ئۆز ئەكسىنى سۈزۈك بۇلاق سۈيىدە كۆرگەندەك، سەنمۇ ئۆز ئەكسىڭنى سۆيۈملۈك يارىڭنىڭ كۆزلىرىدە كۆرۈشنى ئىستەيسەن.

شۇنى بىلگىنكى، بۇ كەڭ ۋادىنىڭ قوينىدا دەھشەتلىك بوران يوشۇرۇنۇپ تۇرماقتا. بۇ بوران ئاشۇ سۈزۈك بۇلاقنىڭ بەختىنى ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. بۇ بوراننىڭ قۇدرەتلىك قانىتى ئاستىدا ھاۋا قۇم-تۇپراققا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بۇ بوران ھەربىر دەل-دەرەخقە تېگىپ ئۆتۈپ، چوڭ يالقۇنغا ئايلىنىدۇ. بۇلاقلار قۇرۇيدۇ، خورما دەرىخىمۇ يېشىل يوپۇرماقلىرىنىڭ ئۆلۈم دەھشىتى ئاستىدىكى نەپەس ئېلىپ شالدىرلاشلىرىنى، ئۆزىنىڭ تاجى-تەختىكە سەلتەنەتلىك بولسىمۇ، ئەمما زۇلپىدەك ئاجىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىدۇ.

پەخەس بول، ئەي ئىسپانىئوللارنىڭ ئاق تەنلىك قىزى! ئاگاھ بولغىنكى، پۈتۈن ئەتراپنى بوران قاپلايدۇ، ھەممە يەر دەشت-باياۋانغا ئايلىنىدۇ. شۇ چاغدا سېنى ماڭا مۇيەسسەر قىلىدىغان، خۇددى ئۇچار قۇشلارنى ئافرىقىنىڭ قاقاس چۆللىرىدىن باشلاپ ئۆتۈپ، سۈزۈك بۇلاقلار

ۋادىسىغا ئاپىرىدىغان قالغاچقا ئوخشاش، خالاسكار مۇھەببەت توغرىسىدا ئارزۇ قىلىسەن.

«نىمە ئۈچۈن سەن مىنىڭ مۇھەببىتىمدىن ئۆزەڭنى قاچۇرىسەن، مارىيە؟ مەن ـ شاھ، مىنىڭ قامىتىم ھەممىدىن يۇكسەك، سەن ئاق تەنلىك، مەن بولسام قارا تەنلىك، ئەمما، كۈندۈز كىچە بىلەن قوشۇلۇپ تۇرىدىغۇ، كىچە بىلەن كۈندۈزنىڭ قوشۇلۇشىدىن كۈندۈزدىن نەچچە ھەسسە گۈزەلرەك بولغان تاڭ سەھەر تۇغۇلىدىغۇ!»

## 6

ناخشىنىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى چوڭقۇر ھەسرەت ئىچىدە گىتارنىڭ مۇڭلۇق ساداسىغا تەڭكەش بولۇپ ئاياقلاشتى مەن دەرغەزەپ بولۇپ ئۆزەمنى يوقاتتىم. «شاھمىش، قارا قۇل!» بۇ چۈشىنىكسىز ناخشىنىڭ تەسىرى بىلەن مىڭ ياڭزا ئوي ـ خىياللار مىڭەمنى چۇلغىۋالدى، يارقىن مۇھەببەت ھەم دوق قىلىش تۇيغۇسى بىلەن ئېيتىلغان بۇ ناخشىدا مارىنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىشىغا جۈرئەت قىلغان بۇ نامەلۇم رەقىپنى ھازىرلا ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش ئارزۇسى ماڭا ئارام بەرمىدى. مەن بىر سەسكەندىم ـ دە، تىترەپ تۇرغان قولۇمغا مىلتىق ئېلىپ، شىپاڭدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتىم. قورقۇپ كەتكەن مارى مىنى تۇتىۋېلىش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتقاندا، مەن ئاللىقاچان ھېلىقى ناخشا ئاڭلانغان ئورمانزارلىققا كىرىپ بولغان ئىدىم. مەن ئورماننىڭ ھەممە تەرىپىنى ئىزلىدىم، مىلتىقنى ھەربىر باراقسانلىققا، ھەربىر قويۇق شاخ ـ پۇتاقلارغا تەڭلەپ، يوغان ـ يوغان دەرەخلەرنى ئايلىنىپ ئۆتتۇم، ئىگىز چۆپلەرنى قايرىپ قارىدىم، ھېچنەرسە يوق، ئىنسى ـ جىنمۇ كۆرۈنمىدى! ئاڭلىغان ناخشىنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدىكى پايدىسىز مۇلاھىزىلەر نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان بۇ پايدىسىز ئىزلەش غەزىپىمنىڭ ئۆستىگە تاقەتسىزلىنى قوشتى: «ئەجىبا، مەن بۇ ئەخلاقسىز رىقابەتچىنى ئىزلەپ تاپالمىسام! ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئاشكارا قىلالمىسام! مەن ئۇنى ئۇچرىتالماي، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلمەي ئۆتۈپ كېتەرمەنمۇ؟» شۇ خىياللار بىلەن تۇرغىنىمدا، تۇڭگە ـ مارجانلارنىڭ شالدۇر ـ شۇلدۇر پىكرىمنى بۆلدى، بۇرۇلۇپ قارىسام، پەتەك خەببرا يېنىمدا تۇرۇپتۇ.

ـ ياخشىمۇسىز، خوجايىن، ـ دېدى ئۇ ماڭا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ئەمما ئۇنىڭ ھېلىگەر كۆزلىرى ئاستىرتتىن مېنى كۆزىتىپ تۇراتتى. بۇ كۆزلەردە مېنىڭ چىرايىمدىكى تەشۋىشلىك ئالامەتلىرىگە نىسبەتەن تەسۋىرلىگۈسىز تەنتەنە ۋە ئىستىھزا ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ـ ئېيتقىنچۇ، بۇ ئورمانلىقتا بىرەر ئادەم كۆردۈڭمۇ؟ ـ دەپ ۋارقىرىدىم ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن.

ـ سىزدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرگىنىم يوق، تەقسىر ـ دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ خاتىرجەم ھالدا.

ـ بىرەر ئاۋازمۇ ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

قۇل جاۋاپ ئىزلەۋاتقاندەك بىردەم جىم تۇرۇپ قالدى، مېنىڭ تېخىمۇ ئوغام قايىنىدى.

ـ جاۋاپ بەرمەمسەن! ـ دەپ ۋارقىرىدىم ئۇنىڭغا، ـ جاۋاپ بەرمەمسەن، بەدبەخت! بۇ يەردە بىرەر ئاۋاز ئاڭلىمىدىڭمۇ زادى؟

ئۇ مولۇنىڭكىدەك دۈگىلەك كۆزلىرى بىلەن ماڭا دادىل تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

ـ نېمە دېمەكچىسىز خوجايىن؟ ئاۋاز دېگەن ھەممە يەردە ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ، ھەممە نەرسىدە بار، قۇشلارنىڭ سايرىشى، سۇنىڭ شارقىرىشى، يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشى ـ ھەممىسى ئاۋاز.... مەن ئۇنى قاتتىق سىلكىشلەپ سۆزىنى بۆلدۈم:

ـ لەنىتى مەسخىرىۋاز، مەن بىلەن ئوينىشىمەن دەپ ئويلىما! پىشانەڭدە ملتىق ئوقى ئوينىمىسۇن يەنە! تىلىڭنى چاينىماي تۈزۈك گەپ قىل، سەن بۇ ئورمانلىقتا ئىسپانچە ناخشا ئاڭلىمىدىڭمۇ؟

ـ ئاڭلىدىم، تەقسىر، ـ دېدى ئۇ قىلچىمۇ تەپ تارتماي، ـ ئۇ ناخشىنىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئاڭلىدىم... خوپ، مەيلى، خوجايىن، مەن سىزگە ئەھۋالنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەي: مەن ئورماننىڭ بىر چېتىدە قالپىقىمدىكى كۆمۈش قوڭغۇراقلارنىڭ ئاۋازىغا مەسىلىكىم كېلىپ تاماشا قىلىپ يۈرەتتىم. ناخشا ئېيتىلىۋاتقان تەرەپتىن چىققان شامال بىردىنلا ھېلىقى سىز ئېيتقان ئىسپانچە ناخشىنىڭ بىرنەچچە ئېغىز سۆزىنى قۇلىقىمغا يەتكەزدى. مەن تېخى ياشقا توشمىغان بىرنەچچە ئايلىق ۋاقتىمدىلا بۇ تىل بىلەن بىلجىرلاپ سۆزلەشنى ئۆگەنگەن ئىدىم، ئۇ چاغدا ئانام مېنى قىزىل - يېشىل يۇڭدىن

توقۇلغان پوتىلار بىلەن دۇمبىسىگە تېگىپ كۆتىرىپ يۈرەتتى. مەن بۇ تىلنى ياخشى كۆرىمەن. بۇ تىل ماڭا بالىلىق ۋاقتىمنى ئەسلىتىدۇ، ئۇ چاغلاردا مەن پەتەك ئەمەس ئىدىم، مەسخىرىۋازلىقنىمۇ بىلمەيتتىم. مەن ئاشۇ ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدىم ۋە ناخشىنىڭ ئاخىرىنى ئاڭلىدىم.

ـ خوش، يەنىچۇ، شۇلىما؟ ـ دەپ سورىدىم مەن تاقەتسىزلىك بىلەن.

ـ شۇلا، مۆھتىرەم چىرايلىق يىگىت، ئەگەر خالىسىڭىز، مەن ئۇ ناخشىنىڭ كىم تەرىپىدىن ئېيتىلغانلىقىنى سىزگە ئېيتىپ بېرىشىم مۇمكىن.

خۇشاللىقىمدىن بىچارە مەسخىرىۋازنى قۇچاقلاشقا ئازلا قالدىم.

ـ ھە، ئېيتقىنا، قېنى؟ ـ دەپ ۋارقىرىدىم، ـ ئېيتقىنا، خەبىرا! مانا، مەن پۇلنى ئال ـ دە، ئۇ ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەر، مە، تاراقلاپ تۇرغان ئون سوم، مە، ئال! ئۇ پۇلنى ئالدى ۋە سىلاپ كۆرۈپ كۈلدى.

ـ ئون سوم، تاراقلاپ تۇرىدىغان ئون سوم! ھەي ئەتتەنىڭ، بۇ پۇللار جادىگەر ئالتۇر نىنونىڭ ھەممە يېرىگە چىرايلىق ئەمەن دەرىخىنى تېرىۋېلىشقا يېتەتتى ـ دە! لېكىن، خوجايىن يىگىت، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، مەن جىنگەپ قىلاي، ناخشىنىڭ، «سەن ئاق تەنلىك، مەن بولسام قارا تەنلىك. ئەمما كۈندۈز ـ كېچە بىلەن قوشۇلۇپ تۇرىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ قوشۇلۇشىدىن كۈندۈزدىن نەچچە ھەسسە گۈزەلرەك بولغان تاڭ سەھەر تۇغۇلىدۇ» دېگەن ئاخىرقى سۆزلىرىنى ئەسلەپ كۆرۈڭ. غوجام ئەگەر ناخشىنىڭ بۇ سۆزلىرى توغرا بولسا، دېمەك، نېگىر بىلەن ئاق تەنلىك ئوتتۇرىسىدىن تۆرەلگەن سىزنىڭ مۆمىن قۇلىڭىز ـ پېقىر زامبو خەبىرامۇ سىزدىن گۈزەلرەك بولغان بولىدۇ. چۈنكى، مەن كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ قوشۇلۇشىدىن يارالغان! ئاشۇ ئىسپانچە ناخشىدا ئېيتىلىشىچە، كەمىنىڭىز تاڭ سەھەر ياكى سۇبھى بولۇپ، سىز پەقەت كۈندۈزلا ئىكەنسىز ـ دە! مەرھەمەت قىلسىڭىز، شۇنى ئېيتىمەنكى، مەن سىزدىن يەنى ئاق تەنلىكلەردىن گۈزەلرەك ئىكەنمەن! ھا، ھا، ھا....!

بۇ پەتەك ئۆزىنىڭ بىمەنە سەپسەتىسىنى قاقاقلىغان كۈلكە بىلەن توختاتتى.

مەن ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدىم:

ـ نېمە ئۈچۈن سەن بۇنداق ئېتىقسىز يالغان سۆزلەر بىلەن مېنى ئالدايسەن؟ بۇ گەپلىرىڭ ئورماندىكى ناخشا ئېيتقان كىشىنىڭ كىملىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيتتىمۇ؟ ـ دېدىم ئۇنى دۈشكەنلەپ.

ـ ئەلۋەتتە، چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ، غوجام، ـ دەپ سۆزىنى داۋام قىلدى مەسخىرىۋاز كۈلكىلىك ھالدا ماڭا قاراپ تۇرۇپ، ـ روشەنكى، بۇ «ئېتىقسىز» ناخشىنى ئېيتقان ئادەممۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش بىر مەسخىرىۋاز بولۇشى مۇمكىن، مانا مەن بولسام، قاراپ تۇرۇپ ئون سوم پۇلغا ئېشىلىدىم!

ماڭا بۇنداق قوپال چاخچاق قىلغان بۇ ئۇيياتسىز مەسخىرىۋازنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولۇمنى كۆتىرىشىمگە دەريا قىرغىقىدىكى شىپاڭ تەرەپتىن دەھشەتلىك بىر چىقىراش ئاڭلاندى. بۇ مارىنىڭ ئاۋازى ئىدى. مەن شىپاڭ تەرەپكە قاراپ ئۇچقاندەك چاپتىم، يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ: «بىزگە يەنە قانداق بەختسىزلىك قارا قانىتىنى ياپقاندۇ؟» دەپ سۇئال قويدۇم ئۆزەمگە.

ھاسىرىغان پېتى شىپاڭغا كىرىپ كەلدىم. بۇ يەردە مېنى قورقۇنچلۇق ھادىسە كۈتۈپ تۇرۇپتۇ: ناھايىتى دەھشەتلىك، يوغان بىر تىمساھ شىپاڭغا چىرمىشىپ كەتكەن يېشىل باراڭ ئارىسىدىن شىپاڭغا كىرىپتۇ! ئۇنىڭ گەۋدىسىنىڭ يېرىمى دەريا قىرغىقىدىكى قويۇق ئوت ـ چۆپلەر ئارىسىدا، بېشى بولسا، شىپاڭدا ئىدى. بۇ يىرتقۇچ يىرگىنىشلىك ئاغزىنى يوغان ئېچىپ، ياش ۋە بەقۇۋۋەت بىر نېگىرغا خىرس قىلىپ تۇراتتى. نېگىر بىر قولىدا ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن مارىنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، يەنە بىر قولىدىكى جوتۇنى ۋەھشى تىمساھنىڭ يوغان ۋە نەيزىدەك چىشلارغا تولغان ئېغىزىغا تىقىپ، ئۇنىڭ ھۇجۇمىدىن باتۇرلارچە قوغدىنىۋاتاتتى. تىمساھ بولسا ئۆزىنى توساپ تۇرغان بۇ قۇدرەتلىك قۇل بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ تىنىمسىز قىمىرلاۋاتاتتى. مەن شىپاڭنىڭ بوسۇغىسىدا كۆرۈنۈشۈم بىلەنلا مارى خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ كەتتى ـ دە، نېگىرنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ قۇچىقىمغا ئۆزىنى تاشلىدى ۋە «شۈكرى مەن قۇتۇلدۇم!» دەپ ۋارقىرىدى.

نېگىر مارىنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، شىددەت بىلەن بۇرۇلدى ـ دە، ئىككى قولىنى كۆكسىگە گىرەلەشتۈرگىنىچە مەھبۇبىم مارىغا غەمكىن قاراپ تۇردى. شۇ تاپتا ئۇ يىرتقۇچ تىمساھنىڭ جوتۇدىن ئازاد بولۇپ، ئۆزىگە ھۇجۇم قىلىشقا ئىنتىلىۋاتقانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى! مەن دەرھال مارىنى تەربىيىچى موماينىڭ تىزىغا

ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ (مومايمۇ يىرتقۇچتىن قورقۇپ، ئۆلۈك-تىرىك ئارىلىقىدا ئولتۇراتتى)، تىمساھنىڭ ئالدىغا كەلدىم-دە، ئاغزىغا قارىتىپ مىلتىقتىن ئوق ئۈزدۈم. مېنىڭ بۇ ھەركىتىم باتۇر نىگىرنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالدى. قاتتىق يارىلانغان ۋەھشىي ھايۋان جان تالىشىپ، قانغا تولغان ئاغزىنى بىر-ئىككى ئاچتى-دە، خۇنۇك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ سىلكىنىدى ۋە بىر تولغىنىپ، ئىغىر گەۋدىسى بىلەن پالاقشىدە ئوڭدىسىغا ئۆرۈلدى، يىرگىنىشلىك پۇتلىرى لاسسىدە يەرگە چۈشتى، تىمساھ ئۆلدى.

بەختكە يارىشا، مەن ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ھېلىقى نىگىر تىمساھقا بۇرۇلۇپ قاراپ، ئۇنىڭ ئاخىرقى جان تالىشىشىنى كۆرۈپ، ئاستا يەرگە قارىدى، ئاندىن بېشىنى كۆتىرىپ، ئاللىقاچان مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ، مەندىن پاناھ ئىزلەپ، كۆكرىكىمگە بېشىنى قويۇپ تۇرغان مارىغا نەزەر تاشلىدى-دە، ماڭا قاراپ چوڭقۇر خۇرسىنىش بىلەن:

-نىمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرىسەن؟-دەپلا، جاۋابىمنى كۈتمەي، چوڭ-چوڭ قەدەم تاشلاپ ئورمان ئىچىگە كىرىپ غايىپ بولدى.

## 7

بۇ دەھشەتلىك ھادىسىنىڭ ئاجايىپ ئاقىۋىتى ھەممە چەكسىز ھاياجان قوزغىدى. مېنىڭ ئورمان ئىچىنى ئاقتۇرۇشۇم بەھۇدە ئۇرۇنۇش بولۇپ چىقتى. ئەھۋال مېنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. مارى قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكتىن، تېخىچە ئۆزىگە كېلەلمەيۋاتاتتى. ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىلا بىز ئاندىن بۇ چىگىش ۋەقەلەر توغرىسىدىكى كۆز قاراشلىرىمىزنى ئۆزئارا ئورتاقلىشالىدۇق. مەن مارى بىلەن قول قىسىشىپ كۆرۈشتۈم ۋە ئۇنىڭدىن ھال سورىدىم-دە، بۇ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ گەپ باشلىدىم:

-بۇ يەردىن كېتەيلى، مارى،-دېدىم ئۇنىڭغا،-بۇ جاي ماڭا نىمىشقىدۇر ناھايىتى ۋەھىمىلىك تۇيۇلۇۋاتىدۇ.

مارى خۇددى مېنىڭ رۇخسىتىمنى كۈتۈپ تۇرغاندەك دەرھال ئورنىدىن قوپتى-دە، مېنىڭ قولتۇقۇمغا كىردى، بىز كەتتۇق.

مەن مارىدىن خەتەرلىك پەيتتە خۇددى مۆجىزىدەك پەيدا بولۇپ، ئۇنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزغان ئاشۇ نىگىرنىڭ قانداقلارچە كېلىپ قالغانلىقىنى، بۇ

قۇلنى تونۇيدىغان ـ تونۇمايدىغانلىقىنى سورىدىم. نېگىرنىڭ توشىنى ئارانلا يېپىپ تۇرىدىغان قوپال كىيىملىرىگە قارىغاندا، ئۇ بۇ ئارال ئاھالىسىنىڭ ئەڭ كەمبەغەل قاتلىمىغا مەنسۇپ كىشىدەك كۆرۈنەتتى.

ـ بۇ ئادەم دادامنىڭ مۇشۇ دەريا بويىدىكى يەرلىرىدە ئىشلەيدىغان نېگىر بولسا كېرەك، دېدى مارى، ـ مەن تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن تىمساھنى كۆرۈپ چىرقىراپ كەتكەندە، ئېھتىمال، ئاۋازىمنى ئاڭلىغان بولۇشى مۇمكىن، مەن پەقەت شۇنى ئېيتالايمەنكى، شۇ مىنۇتتا ئۇ ئورمانلىقتىن يۈگۈرۈپ چىقىپ مېنى قۇتقۇزدى.

ـ ئۇ قايسى تەرەپتىن يۈگۈرۈپ كىردى؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ ۋەقە يۈز بېرىشتىن ئاۋۋال ناخشا ئاڭلانغان تەرەپنىڭ قارشىسىدىن يۈگۈرۈپ كەلدى، سەن ناخشا ئاڭلانغان تەرەپكە ئىزلەپ كەتكەن ئىدىڭغۇ.

مارىنىڭ بۇ سۆزى مېنى ھېلىقى نامەلۇم رەقىبنىڭ ئېيتقان ئىسپانچە ناخشىسى بىلەن بۇ نېگىرنىڭ ماڭا دېگەن ئىسپانچە سۆزى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى ئىنكار قىلىشقا مەجبۇر قىلدى. مەن ئىختىيارسىز ھالدا بۇ ئىككى ئىش ئوتتۇرىسىدا ئوخشاشلىق بار، دەپ قارىغان ئىدىم. لېكىن مەن يەنە باشقا بىر خىل ئوخشاشلىقنىمۇ سەزدىم، بۇ نېگىر بەك كۈچلۈك ۋە تەمبەل ئىدى، بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ئۇ مەن ئۆتكەن كېچە ئېلىشقان ھېلىقى خەتەرلىك رەقىب بولۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭ يېرىم يالىڭاچ ھالىتىمۇ بۇ كۆز قارىشىمنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى. ئورماندىكى ناخشىچى «مەن قارا تەنلىك» دەپ ناخشا ئېيتقان ئىدى، بۇمۇ بىر ئوخشاشلىق، توغرا، ئۇ، ناخشىدا «مەن ـ شاھ» دەپ ئۆزىنى بىلدۈردى. بۇ ـ بىر قۇل ئىدى. ئەمما مەن ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك قامىتىنى ئەسلەپ كۆردۈم، ئۇ ئافرىقا نەسلىدىكى نېگىرلارنىڭ تەن تۈزۈلۈشىگە سېلىشتۇرغاندا بەكمۇ ئۇلۇغۋار ئىدى: ئۇنىڭ قاپ ـ قارا يۈزىدە چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى، ئاپپاق چىشلىرى، كەڭ پېشانىسى، نېگىرلاردا كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان مەنمەنلىك بىلەن ھىملەنگەن لەۋلىرى ئۇنىڭ چىرايىدا ئادەتتىن تاشقىرى مەغرۇرلۇق ۋە قەيسەرلىكنى ئىپادىلەپ تۇراتتى.

ئۇنىڭ كىلىشكەن بەستى ئېغىر ئەمگەك زەپتىدە جۇدىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەزىمەت قىياپىتىنى ساقلاپ قالغان ئىدى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىمۇ مەردانە ئىدى. بۇ قۇلنىڭ ئاشۇ ھەممە ئۇلۇغۋار تەقى ـ تۇرقىنى كۆز ئالدىمغا

كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قەددى-قامىتى ھەقىقەتەنمۇ شاھلىققا مۇناسىپ ئىكەن، دەپ بىلمەيۋاتقان بولغاي ئىلاجىم يوق ئىدى. يەنە باشقا نۇرغۇن ئوخشاشلىقلارنى بىر-بىرىگە سېلىشتۇرۇپ كۆرگەنسېرى غەزىپىم قوزغالدى ۋە ھەممە گۇمانىم ئاشۇ جەسۇر نېگىر ئۈستىگە كېلىپ توختىدى. مەن ھازىرلا ئۇنى ئىزلەپ تېپىشقا ۋە جازالاشنى جەزىم قىلدىم... بىراق، يەنە ئىككىلەندىم: مېنىڭ گۇمانىمدا قانداق ئاساس بار؟ سان-دومىنگو ئارىلىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئىسپانچە ئىدارە قىلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق زاماندىن بۇيان يەرلىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەيدىغان ياكى بۇ ئۆلكىدە تۇغۇلغان نېگىرلار ئۆز تىلىغا ئىسپان تىلىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيتتى. شۇنداق ئىكەن، بۇ قۇلنىڭ ماڭا بىر نەچچە ئېغىز ئىسپانچە سۆز قىلغانلىقىغا قاراپلا ئۇنى ئىسپانچە ناخشىنىڭ ئاپتورى دەپ ئەيىپلەشكە بولامتى؟ ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ شۇ دەرىجىدە يېتىلگەن بولۇشى بۇنىڭغا دەلىل بولالامدۇ؟ ئۇنىڭ مەن تىمساھنى ئۆلتۈرگەندە، ماڭا قىلغان تەنىسى پەقەت بۇ قۇلنىڭ تىمساھقا ئىچ ئاغرىتقانلىقىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنى چۈشىنىش ئاسان. بىر قۇلنىڭ ئۆز خوجايىنىنىڭ قىزىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلىشنى پەرەز قىلىشنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. چۈنكى، بۇنداق مۇھەببەتنىڭ ۋىسالىغا يەتكۈزۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇنىڭ شىپاڭ ئەتراپىدىكى ئورمانزالىقتا يۈرۈشى ئادەتتىكى بىر تاسادىپىيلىق بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ كۈچلۈك ۋە تەمبەل بولغانلىقى كېچىدە مەن بىلەن ئېلىشقان رەقىپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. بۇنداق تۇتامسىز خۇلاسىگە تايىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن مارىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالغان بۇ بەختسىز قۇلنى تاغامنىڭ ئالدىدا ئەيىپلەشكە ۋە ئۇنى تەكەببۇر خوجايىنىنىڭ رەھىمسىز جازاسىغا تۇتۇپ بېرىشكە قانداقمۇ قولۇم بارىدۇ؟، مېنىڭ بۇ خىيالىم غەزىپىمنى بوشاتتى. مارىمۇ تۆۋەندىكى سۆزلەر ئارقىلىق گۇمانىمنى تارقىتىۋەتتى:

-جېنىم لېوپولد، -دېدى ئۇ، -بۇ جەسۇر نېگىرغا بىز، ئەلۋەتتە، رەھمەت ئېيتىشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، مەن ئاللىقاچان ھالاك بولغان بولاتتىم. سەن، بەرىبىر، ئۈلگۈرۈپ كېلەلمەيتتىڭ.

بۇ بىر نەچچە ئېغىز سۆز مەن ئۈچۈن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. بۇ سۆزلەر مېنىڭ جىنايىتىمنى تېپىش مۇددىئايىمنى ئۆزگەرتتى، ئەمما، مارىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان قۇلنى ئىزلەش نىيىتىمنى

ئۆزگەرتكىنى يوق ئىدى. دەسلەپتە مەن ئۇنى جازالاش مەقسىتىدە ئىزلىمەكچى بولغان بولسام، ئەمدى ئۇنى مۇكاپاتلاش ئۈچۈن ئىزلىمەكچى بولدۇم.

تاغام ئۆز قىزىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن بىر قۇلغا قەرزدار بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ئەگەر مەن بۇ قۇلنى تاغامنىڭ قۇللىرى ئىچىدىن تاپالىسام، ئۇ ئۇنى تامامەن ئازاد قىلىشقا ۋەدە بەردى.

## 8

ئەزەلدىن دىلىم يۇمشاق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرقى ۋاقىتلاردىكى نېگىرلار ئىشلەيدىغان دېھقانچىلىق مەيدانىدىن ئۆزەمنى قاچۇرۇپ يۈردۈم. چۈنكى، بەختسىز كىشىلەرنىڭ جەۋرى-زۇلۇم ئاستىدا ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرسەم. يۈرۈگۈم ئېچىشىپ كېتەتتى، ۋاھالەنكى، ئۇلارغا مەدەت بەرگۈدەك ئىمكانىيەت مېنىڭدە يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، بىر كۈنى تاغام ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن مېنى ئېتىزغا بىللە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى، مەن قۇللار ئارىسىدىن سۆيۈملۈك مارىيەنى قۇتقۇزۇپ قالغان قۇلنى ئۇچرىتارمەن دېگەن ئۈمىدتە تاغامنىڭ بۇ تەكلىپىنى خوشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدىم.

بۇ ساياھەت داۋامىدا مەن خوجايىنىنىڭ ئۆز قۇللىرى ئۈستىدىن قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغانلىقىنى، قۇللارغا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى تولۇق چۈشەندىم ۋە قانداق ھۆكۈمرانلىق قانچىلىك قىممەتكە توختايدىغانلىقىنىمۇ كۆردۈم. تاغامنىڭ قارىسى كۆرۈنۈشى بىلەنلا نېگىرلار تىترىشىپ كېتەتتى، خوجايىن يېقىنلىشىپ كەلگەندە، ئۇلار ناھايىتى تىرىشىپ ئىشلەيتتى، ئەمما ئۇلارنىڭ بۇ قورقۇشىنىڭ تېگىدە چەكسىز ئۆچمەنلىك يوشۇرۇنغان ئىدى!

تاغام ئادەتتىكىچە ناھايىتى غەزەپلىك ھالدا ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرمەكتە ئىدى. ئۇ كىمگە ئاچچىقلىنىشنى بىلمەي زەردە بولۇپ يۈرگەندە، ئۇنىڭ بىلەن دائىم بىللە يۈرىدىغان چاكار خەۋەرا قاتتىق ئەمگەكتە ھالسىزلىنىپ خورما سايىسىدا ياتقان بىر نېگىرنى تاغامغا كۆرسەتتى. تاغام ئۇ بىچارىنىڭ قېشىغا باردى-دە، تاياق بىلەن تۈرتۈپ ئويغىتىپ دەرھال ئىشقا كىرىشىشنى بۇيرۇدى. نېگىر قاتتىق چۆچۈپ ئورنىدىن سەكرەپ قوپتى،

قارىساق، ئۇ بايقىماستىن بىنگال گۈللىرى ئۈستىدە ياتقان ئىكەن، بۇ گۈللەرنى تاغام ياخشى كۆرەتتى ۋە ئالايىتەن پەرۋىش قىلدۇراتتى. گۈللەر پۈتۈنلەي چەيلىنىپ كېتىپتۇ. قۇلنىڭ «ھورۇن» لۇقىغا ئاچچىقى كەلگەن تاغام گۈلنىڭ چەيلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ تېرىكىپ تېخىمۇ غەزەپلەندى-دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، بىلىدىن قىيىش قامچىنى ئالدى (قامچىنىڭ ئۇچى سىم بىلەن توقۇلغان ئىدى. ئۇ ئېتىزلارنى ئايلانغاندا دائىم ئاشۇ قامچىنى بىلىگە قىستۇرۇپ يۈرەتتى) ۋە ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان نىگىرنى ئۇرۇش ئۈچۈن قامچىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇشقا، قامچا نىگىرنىڭ بەدىنىگە تېگىش ئالدىدا، -مەن بۇ مىنۇتلارنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمەن-بىردىن كۈچلۈك بىر قول مۇلۇكدار خوجايىنىنىڭ قامچا تۇتقان قولىنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، بۇ ئىگىز بويلۇق نىگىر (ئۇ مەن ئىزلەۋاتقان نىگىرنىڭ خۇددى ئۆزى ئىدى) تاغامغا فرانسۇز تىلىدا ۋارقىراپ شۇنداق دېدى:

-قولۇڭنى تۇتۇۋالغىنىم ئۈچۈن مېنى جازالا، لېكىن بۇ قىرىندىشىمغا چېقىلما! ئۇ پەقەت سىنىڭ گۈللىرىڭنىلا چەيلىدى، خالاس!

مارىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان ئادەمنىڭ كۈتۈلمىگەن يەردە پەيدا بولۇپ قېلىشى، ئۇنىڭ جەسۇرلۇقى، ئۆتكۈر قارىشى ۋە كەسكىن ئاۋازى مېنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ جۈرئەتلىك ھەركىتىدىن تاغام خىجىل بولۇش ئورنىغا تېخىمۇ غەزەپلەندى-دە، ئەيپىكارنى تاشلاپ، ئۇنىڭغا يېپىشتى، دەرغەزەپ بولغان تاغام نىگىرنى مەيدىسىدىن ئىتتىردى، ئوت چاقناپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ، ئۇنى ئۇرۇش ئۈچۈن قولىدىكى قامچىنى ئېگىز كۆتۈردى. بىراق شۇ ھامان نىگىر قامچىنى تاغامنىڭ قولىدىن يۇلۇپ تارتىۋالدى-دە، ئۇنىڭ توم دەستىسىنى خۇددى قوراينى سۇندۇرغاندەك سۇندۇرۇپ تاشلىدى ۋە بۇ راسۋا جازا قورالىنى يەرگە تاشلاپ دەسسىدى. مەن ئۇنىڭ بۇ ماتانىتىگە ھاڭ-تاڭ قالدىم. تاغام بولسا دەر غەزەپتىن يىرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ يۈكسەك ئىناۋىتىنى ھېچقاچان، ھېچكىم بۇنچىلىك ئاياق-ئاستى قىلمىغان بولغىيدى! تاغامنىڭ كۆزلىرى چانىغىدىن چىقىپ كېتىشكە ئاران قالدى، لەۋلىرى كۆكىرىپ، تىترەپ كەتتى، بۇ قول بىردەم خاتىرجەم ھالدا تاغامغا قاراپ تۇردى-دە، ئاندىن قولىدىكى پالتىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

ـ ھەي ئـاق تەنلـىـك، ئەگەر سـەن مېنـى ئۆلتـۈرمەكچى بولسـاڭ، ئەڭ ياخشىسى، مانا بۇ پالتىنى قولۇڭغا ئال!

تاغام ئاچچىقىدىن ئۆزىنى يوقاتقان ئىدى، ئەگەر مەن ئارىلاشمىغىنىمدا، ئـۇ بەلكـى نىگىرنىـڭ تەلـىۋنى ئـورۇنلاپ، پـالتىنى قولىغـا ئېلىـپ، ئـۇنى ئۆلتۈرگەن بولاتتى. مەن دەرھال پـالتىنى تارتىۋالـدىم ـ دە، يېنىمىزدىكـى بىـر قۇدۇققا تاشلىۋەتتىم.

ـ نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟! ـ دەپ ۋارقىرىدى تاغام ماڭا.

ـ مەن قىزىڭىزنىـڭ ھايـاتىنى قۇتقـۇزۇپ قالغـان كىشـىنى ئۆلتۈرۈشـتەك بەختسىزلىكتىن سىزنى ساقلاپ قالماقچىمەن. مارىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن سىز بـۇ قۇلغا قەرزدار، بۇ ـ سىز ئازاد قىلىشنى ۋەدە قىلغان نىگىر.

تاغامنىڭ ماڭا بەرگەن ۋەدىسـىنى ئېسـىگە سېلىشقا تـالاپ ئالغـان بـۇ پەيـت مۇۋاپىـق بولمىغـان ئـىـدى، مېنىـڭ سـۆزۈم غەزەپلىنىـپ تۇرغـان مۇلۇكدارنىڭ ئۇ قۇلىقىدىن كىرىـپ، بـۇ قۇلىقىـدىن چىقىـپ كەتتـى، ئۇنىـڭ ۋەدىسىنى ئېسىگە سالالمىدى.

ـ ئازاتلىق؟ ـ دىدى تاغـام ماڭـا زەردە بىـلەن سـۇئال نەزىرىـدە قـاراپ، ـ ئازادلىقمىش! ئـۇ قۇللـۇق بىـلەن ئەمـدى خوشلىشـىدۇ، ھەربىـي سـوت ئـۇنى قانداق ئازادلىققا ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز!

مەن بـۇ دەھشـەتلىك گەپنـى ئـاڭلاپ تاتىرىـپ كەتـتىم. مـارى بىـلەن ئىككىمىز تاغامغا يالۋۇرۇپ، قارارىنى ئۆزگەرتىشنى سورىدۇق. لـېكىن نەتىـجە چىقمىـدى: بـۇ ۋەقەلەرگە سـەۋەپچى بولغـان نىگىـر كـالتەكلەش جازاسـىغا تارتىلدى، ئۇنىـڭ ھىمايىچىسـى بولسـا، ئـاق تەنلىكـلەرگە قـول ئۇزاتقـانلىق جىنـايىتى بىـلەن ئەيىپلىنىـپ، گـالىفى پورتىـدىكى تـۈرمىگە قامالـدى. قـۇل خوجايىنىغا قارشى چىقتى، دىمەك، بۇنداق جىنايەت ئۈچۈن ئۆلـۈم جازاسـى بېرىلەتتى.

## 9

بۇ ۋەقەلەرنىڭ مەندە نەقەدەر ئېچىـنىش ۋە قـىزىقىش قوزغىغـانلىقىنى ئۆزەڭلەر بىـر قىيـاس قىلىـپ كـۆرۈڭلار، ئەپەنـدىلەر. مەن قاماققا ئېلىنغـان

نېگىر ھەققىدە كۆپ نەرسىلەرنى سۆزۈشتە قىلىپ، خېلى ئاجايىپ گەپلەرنى ئاڭلىدىم.

ماڭا سۆلەپ بېرىشىلەرگە قارىغاندا، بۇ ياش نېگىرنىڭ يولداشلىرى ئۇنى بەك قەدىرلەيدىكەن. ئۇ ئادەتتىكى نېگىرلارغا ئوخشاشلا بىر قۇل بولسىمۇ، باشقا قۇللار ئۇنىڭغا سۆزسىز بويسۇنىدىكەن. ئۇ بۇ ئۆلكىدە تۇغۇلمىغانلىقتىن، ھېچكىم ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىنى بىلمەيدىكەن. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئاۋۋال قۇل سودىسى قىلىدىغان قانداقتۇ بىر كېمىدە ئۇنى سان-دومىنگو ئارىلىغا تاشلاپ كەتكەن. ئۇنىڭ تېخىمۇ ئەجەبلىنەرلىك تەرىپى شۇكى، ئۇ ئۆز يولداشلىرى ئىچىدە ھەتتا قارا تەنلىك كىرئوللا ئارىسىدىمۇ ناھايىتى چوڭ نوپۇزغا ئىگە ئىكەن. ھالبۇكى، جاناپلار، بۇ مۇستەملىكىگە ئافرىقىدىن كەلتۈرۈلگەن ۋە «كونگو» دېگەن ئومۇمىي نام بىلەن ئاتىلىدىغان نېگىرلارغا يەرلىك نېگىر چوڭقۇر نەپرەت بىلەن قاراپ، ئۇلارنى مەنسىتمەيدىغان ئادەت بار، بۇ بەلكىم، سىلەرگىمۇ مەلۇم بولسا كېرەك.

ئۇ دائىم چوڭقۇر ھەسرەت چېكىپ، غەمكىن يۈرسىمۇ، لېكىن ئادەتتىن تاشقىرى كۈچ - قۇۋۋەتلىك بولغانلىقى ھەم ئاجايىپ چەبدەس، چىۋەر بولغانلىقى ئۈچۈن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ قىممەتلىك ئىشچىسى قاتارىدا سانىلىدىكەن. ئۇ ھەتتا سۇ چىقىرىدىغان چاقپەلەكنىڭ چاقىنى ئاتتىنمۇ تېزرەك ۋە ياخشىراق ئايلاندۇرالايدىكەن. ئۇ بەزىدە ھالسىزلىنىپ كەتكەن ئونلىغان يولداشلىرىنى جازادىن ساقلاش ئۈچۈن، شۇ ئون نەچچە كىشىنىڭ ئىشىنى ئۆزى يالغۇز ئورۇنلىۋېتىدىكەن. قۇللار ئۇنى خۇددى پەيغەمبەردەك كۆرىدىكەن. ئۇلارنىڭ بۇنداق چەكسىز ئىززەت-ھۆرمىتى قۇللارنىڭ چاكار خەببىراغا نىسبەتەن سۇنئىي ئەيمىنىشكە ئوخشىمىسىمۇ، لېكىن بۇنىڭدا قانداقتۇ بىر يوشۇرۇن سىر بولۇشى كېرەك: قۇللار ئۇنىڭغا گويا ئەۋلىياغا ئېتىقاد قىلغاندەك ئەقىدە قىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئەمگەكتە ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن تەڭ-باراۋەر بولۇشى، مېھرىبان ۋە ئاددى-ساددىلىقى، يولداشلىرىنىڭ ئىتائەتمەنلىكىدىن پايدىلانماسلىقى، ئىش باشقۇرغۇچىلارغا نىسبەتەن مەغرۇر ۋە تەكەببۇرانە مۇئامىلە قىلىش كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغان. شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، قۇللار تەرىپىدىن قىلىنىۋاتقان بۇ ئىززەت-ھۆرمەت گويا قۇللۇق بىلەن ئىستىبداتلىقنى بىر-بىرىگە چېتىپ

تۇرىـــدىغان زەنجىـــرگە ئوخشىـــىمۇ يـاكى مىسـكىنلىك بىـلەن ھوقۇقسـىز ھۆكۈمرانلىـق ئوتتۇرىسـىدىكى بىـر خىـل مۇناسـىۋەتنى شـەكىللەندۈرۈپ تۇرسىمۇ، ئەمما بۇ ئىمتىيازدىن ئۇ قىلچە پايدىلانمايـدىكەن، ئەكسـىچە، بـۇ ھال ئۇنىڭغا جاپا چېكىش ۋە كۈچىنىپ ئىشلەشتىن ئىبارەت ئوڭايسىزلىقنىلا كەلتـۈرۈپ بەرگەن. قىسقىسـى، ئۇنىـڭ يولداشـلىرى ئۇنىـڭ تاغـامنى ھاقارەتلەشـكە جـۈرئەت قىلغانلىقـىدەك مۇنـداق مەردانە ھەرىكىتىنـى بەك قەدىرلەيـدىكەن، نىگىـرلار ئىچىـدە ھـېچكىم ئۇنىـڭ كەمسىتىلىشـىگە ۋە خورلىنىشقا تـاقەت قىلالمايـدىكەن، شـۇڭا ئـۇلار قاچـانلا بولسـۇن، ئۇنىڭغا بېرىلىـدىغان جـازانى ئـۆز ئۈسـتىلىرىگە ئېلىشـنى تەلەپ قىلسـىمۇ، ئـۇ رەت قىلىپ، گويا خوجايىنلار پىغاندىن چىقىۋالسۇن دېگەندەك، چىشىنى چىشىغا چىشلەپ، ئىنىدىمەستىن تاياقتا ئۆزىنى تۇتۇپ بېرىدىكەن. بۇ غەلىتە ئـادەم قۇللار ئوتتۇرىسىدا پىيېرو دېگەن ئىسىم بىلەن مەشھۇر ئىكەن.

10

مەن ئاڭلىغان بۇ تەپسىلاتلار مېنىڭ يـاش قەلبىمنـى روھلانـدۇرۇەتتى، مارى مېنىڭ بۇ جۇشقۇنلۇقۇمنى تولـۇق مىننەتـدارلىق ۋە ھېسداشـلىق بىـلەن قوللىـدى. پىيېرونىـڭ ئەھـۋالى بىزنـى خىيالغـا سـېلىپ قويـدى، شـۇڭا مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈش ۋە ئۇنىڭغا بىـرەر يـاردەم قىلىـش قارارىغا كېلىـپ، قانداق كۆرۈشۈش ئامالى ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلىدىم.

گەرچە مەن ناھـايىتى يـاش بولسـامۇ، مەزكـۇر ئارالـدىكى ئەڭ بـاي مۇلۇكدارنىڭ جىيەنى بولغـانلىقىم ئۈچـۈن ماڭـا ئـاكىيول شـەھەرلىك پىـدائىي قىسىمنىڭ كاپىتانى دېگەن ھەربىي ئۇنۋان بېرىلگەن ئىدى. گالىفى پـورتىنى قوغداش ۋەزىپىسـى يېشىـل كىيىملىـك چەۋەنـدازلار ئەترىتـى بىـلەن ئـاكىيول شەھەرلىك پىدائى قىسىمغا تاپشۇرۇلغان بولۇپ، بۇنىڭغا قىسىمنىڭ ئـۇنتېر- ئوفېتسىرى كوماندىرلىق قىلاتتى ۋە ئادەتتىكى ۋاقىتتا پورتنىڭ كومىندانتلىق ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلاتتى. بىر ئىش ئوگـىدىن كېلىـپ قالدى: ئەينـى ۋاقىتتـا پورتنىـڭ كومىنـدانتى بولـۇپ تۇرغـان كىشـى يېقىنـدا بـۇ ئـۆلكىگە كۆچـۈپ كەلگەن بىر كەمبەغەلنىڭ ئۇكىسى ئىـدى. بـۇ كەمـبەغەل مۇسـاپىرغا مەن ئـۆز

ۋاقتىدا كۆپ ياخشىلىق قىلغان ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ماڭا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلگەن ئىدى....»

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە، ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك قىزىقىپ كەتتى. تەپتىشنىڭ كۆزىدە ئۆزگىچە بىر قىزىقىش پەيدا بولدى.
ئۇۋېرنەنىڭ سۆزىنى بۆلدى. ئاردىن بىرسى، ئۇ تادىي بولسا كېرەك، دېدى.

«تاپتىڭلار، جانابلار،-دېدى كاپىتان ئۇۋېرنە،-مەن سولاقتا ياتقان نېگىر بىلەن كۆرۈشۈش ئۈچۈن كومىندانتتىن ئاسانلا ئىجازەت ئالغانلىقىمنى سىلەر ئەمدى چۈشىنىپ كېتەلەيسىلەر. پىدائىي قىسمىنىڭ كاپىتانى دىگەن سالاھىيەت بىلەن پورتقا كىرىشكە ھوقۇقلۇق ئىدىم. مەن تېپىخچە ئاچچىغىمدىن يانمىغان تاغامدا بىرەر گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن، تاغامنىڭ كەچلىك تاماق ۋاقتىدىن كېيىنكى دەم ئېلىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئاخىر پورتقا كىردىم. كۆزەتچىلەردىن باشقا بارلىق ئەسكەرلەر ئۇخلاپ كېتىشكەن ئىكەن. تادىي مېنى كامېرىغىچە باشلاپ بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ بەردى-دە، ئۆزى قايتىپ كەتتى، مەن كامىرىغا كىردىم.

نېگىر ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ ئېگىز بويى بۇ كامېرىدا ئۆرە تۇرۇشقان ئىمكان بەرمەيتتى. كامېرىدا ئۇ يالغۇز ئەمەس ئىكەن: چوڭ بىر ئىت خىرقىراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى. «راسىك!» دەپ ۋارقىرىدى نېگىر، ئىت جىم بولدى-دە، قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ، ئىگىسىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ياتتى. ئۇنىڭ ياتقان يېرىدە قانداقتۇ بىر يىمەكلىكنىڭ قالدۇقلىرى تۇراتتى.

مەن ھەربىي كىيىمدە ئىدىم. بۇ قىستاق كامېرىغا كىچىككىنە يوچۇقتىن خىرە يورۇق چۈشۈپ تۇرسىمۇ، كامېرا قاراڭغۇ ئىدى، شۇڭا پىيېرو مېنى بىر قاراشتىنلا تونۇيالمىدى.

-مەن تەييار، -دېدى ئۇ خاتىرجەم ھالدا ئورنىدىن قوپۇپ، -مەن تەييار!

مەن ئۇنىڭ شۇنچىلىك ئەركىن-تەبىئىي تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ھەيران قالغان ھالدا دېدىم:

-مەن سىزگە كىشەن سېلىپ قويۇشتىمىكىن، دەپ ئويلىغان ئىدىم.

مېنىڭ ئاۋازىم ھاياجان بىلەن تىترەپ چىقتى. شۇڭا، پەمىمچە، تۇتقۇن مېنى ئاۋازىمدىنمۇ تونۇيالمىدى، ئۇ پۈتى بىلەن قانداقتۇ بىر تۆمۈر پارچىلىرىنى تەپتى ئۇلار شاراخشىپ كەتتى.

ـ مانا بۇ ـ ماڭا سىلىنغان كىشەن، مەن ئۇنى پارچىلاپ تاشلىدىم.

ئۇنىڭ بۇ سۆزى ماڭا گويا «مەن كىشەن ئۈچۈن يارالغان ئەمەس!» دېمەكچى بولغاندەك جاراڭلىق ئاڭلاندى. مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ دېدىم:

ـ سىزنى ئىتتىڭىز بىلەن بىللە قامىغانلىقىنى ئاڭلىمىغان ئىكەنمەن.

ـ ئىتنى ئۆزۈم ئەكىرىۋالدىم، ـ دېدى ئۇ.

بۇ گەپكە مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم، كامېرىنىڭ ئىشىكى سىرتىدىن ئۈچ قوش قۇلۇپ بىلەن ئېتىكلىك ئىدى، ھاۋا كىرىش تۆڭلۈكىنىڭ چوڭلۇقى ئاران ئالتە دېيۈم كېلەتتى ۋە ئىككى تال تۆمۈر تاقاق بىلەن توسالغان ئىدى. ئۇ مېنىڭ ھەيران قالغانلىقىمنى سەزگەندەك ئورنىدىن قوپتى ـ دە، بېشى تاقاشقىچە ئۆرە تۇردى ۋە ھېچ قىينالماستىنلا تۆڭلۈكنىڭ ئەتراپىدىكى چوڭ ـ چوڭ پولات چىۋىقلىق خىشلارنى قومۇرۇپ ئالدى ـ دە، تۆڭلۈكنىڭ ئورنىدىن ئىككى ئادەم بەخۇدۇك سىققىدەك تۆشۈك ئېچىلدى. بۇ تۆشۈك ئارقىلىق توپ ـ توغرا بانانزار كوكىس ئورمانلىقىغا كىرىپ كېتىش مۇمكىن بولاتتى! بۇ ئورمانلىق تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، پورت تاغ ئېتىكىدە ئىدى.

تۆڭلۈكنىڭ چوڭ ئېچىلغانلىقىنى كۆرگەن ئىت، ئەگەم مېنى سىرتقا چىقارماقچى، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئورنىدىن قوپۇپ سەكرەپ چىقىپ كېتىشكە تەمشەلدى، لېكىن نېگىر بىر قانداق ئىشارەت قىلدى، ئۇ توختاپ، يەنە ئورنىغا كېلىپ ياتتى.

مەن بۇ ئەھۋالدىن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم، بىردىنلا يۈزۈمگە كۈن نۇرى چۈشتى تۇتقۇن خۇددى يىلان دەسسىۋالغاندەك تېز ئورنىدىن قوپقان ئىدى، بېشىنى تاش تورۇسقا ئۇرۇۋالدى. ئۇنىڭ بېشىدا مىڭ ياڭزا خىيال باردەك ئىدى: كۆزلىرىدە غەلىتە ئۈچمەنلىك ۋە خەيرىخاھلىق ھەم ئەجەپلىنىش ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتاتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ چىرايىدا سالقىن خاتىرجەملىك ئالامىتى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ ئاقكۆكۈللۈك بىلەن چاقناپ تۇرغان كۆزى مېنىڭ كۆزۈم بىلەن ئۇچراشقاندا، ئۇ ماڭا تونۇمىغان كىشىدەك نەزەر سېلىۋاتاتتى.

ـ مەن ھېچنەرسە يېمەي يەنە ئىككى كۈن ياشىيالايتتىم، ـ دېدى ئۇ.

مەن دەھشـەتتىن تىتـرەپ كەتـتىم، پەقەت شـۇ چاغـدىلا بـۇ پىچـارە نىگىرنىڭ خېلى جۇدەپ كەتكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق دېدى:

ـ مېنىڭ ئىتىم پەقەت مېنىڭ قولۇمـدىنلا بىـر نەرسە يەيدۇ. ئەگەر مەن تۆكلۈكنى كېڭەيتمىگەن بولسام، بىچارە راسـتلا ئـاچلىقتىن ئـۆلگەن بـولاتتى. ئۇنىڭ ئۆلگىنىدىن مېنىڭ ئۆلگىنىم تۈزۈك! چۈنكى، مەن، بەربىر ئۆلىمەن.

ـ ياق، ـ دېدىم مەن، ـ ياق، سـىز ئـاچلىقتىن ئۆلمەيسـىز! ئـۇ سـۆزۈمنىڭ تېگىگە چۈشەنمىدى.

ـ ئەلۋەتتە، مېنىڭغۇ تاماقسىز ئىككـى كـۈن ياشىشـىم مـۇمكىن ئـىدى، ـ دېدى ئۇ ئاچچىق تەبەسسۇم بىلەن، ـ شۇنداق بولسىمۇ، مەن تەييار، جانـابى ئوفىتسـېر، ئەتە بولغانـدىن بۇگـۈن بـولغىنى ياخشـى، پەقەت راسـكنى قىينىمىسىڭىزلا بولدى.

ئۇنىڭ «مەن تەييار» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئەمدى چۈشەندىم: ئۆلۈم جازاسى بېرىلىـدىغان جىنـايەت ئۆتكـۈزگەنلىكىنى بايقىغـان بـۇ نىگىـر مېنىـڭ كەلگەنلىكىمنـى ئېتىشـقا ئېلىـپ چىقىـش ئۈچـۈن كەلـدى، دەپ چۈشەنگەن ئىكەن.

زور كۈچكە ۋە قېچىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغـان بـۇ ئـادەم ئالدىـدا تۇرغـان مەنـدەك بىـر كىچىـك بالىغـا خـاتىرجەم ھالـدا «مەن تەييـار!» دەۋاتاتتى!

ـ راسكنى قىيناپ قويماڭلار! ـ دەپ تەكرارلىدى ئۇ.

مەن ئۆزەمنى تۇتالماي قالدىم.

ـ نىمە دېگىنىڭىز بۇ، ـ دېدىم ئۇنىڭغا، ـ سىز مېنى پەقەت جاللات دەپلا قارىماڭ، مەن كەمبەغەل بىچارىلەرنىـڭ قايغۇسـىغا ئېچىـنىمەن. گۇناھسىـز ئىتنى ھېچنىمە قىلمايمەن، بۇنىڭغا شۈبھىلەنمەڭ! ئۇ تەسىرلەندى.

ـ ئاق تەنلىك، ـ دەپ ماڭا قول ئۇزاتتى يۇمشاق ئاھاڭدا، ـ كەچۈر مېنى، مەن ئىتىمنـى ياخشـى كـۆرىمەن. ئەمما سـىلەر، ـ دېـدى ئـۇ بىـر ئـاز جىم تۇرغاندىن كېيىن، ـ ماڭا ناھايىتى كۆپ زۇلۇم قىلدىڭلار!

مەن ئۇنى قۇچاقلىدىم، قولىنى قىستىم ۋە تونۇشلۇق بېرىشكە ئۇرۇنۇپ:

ـ سىز مېنى تونۇيالمىدىڭىزمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

-مەن سىنىڭ ئاق تەنلىك ئىكەنلىكىڭنى تونۇيمەن. ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئەڭ ياخشىلىرىمۇ بىزگە ئوخشاش قارا تەنلىكلەرنى بىر تىينچىلىك كۆرمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە سەنمۇ مېنىڭ ئالدىمدا ئەيىپكار!

-نىمە ئۈچۈن؟-دەپ سورىدىم ھەيران بولۇپ،

-سەن مېنى ئىككى قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋالدىڭغۇ؟

مەن ئۇنىڭ بۇ ئاجايىپ ئەيىپلىشىنى ئاڭلاپ كۈلدۈم. بۇنى كۆرۈپ ئۇ تېخىمۇ قىزىققان ھالدا سۆلەپ كەتتى:

-ھەئە، مەن ساڭا دەل ئاشۇ قىلمىشلىرىڭ ئۈچۈن غەزەپلىنىمەن. سەن مېنى تىمساھتىن ۋە مۇلۇكدارنىڭ ئۆلتۈرۈۋېتىشىدىن قۇتقۇزدۇڭ. يامان بولغىنى شۇكى، بۇ ھەركەتلىرىڭ بىلەن مېنى ساڭا بولغان ئۆچمەنلىكتىن مەھرۇم قىلدىڭ! مەن نىمە دىگەن بەختسىز!

ئۇنىڭ سۆزىدىكى چوڭقۇر مەنىگە مەن ئانچىمۇ ھەيران بولۇپ كەتمىدىم، چۈنكى، بۇ سۆزلەر ئۇنىڭ مەنىۋى قىياپىتىگە ماس كېلىپ تۇراتتى.

-سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىز مېنىڭ سىزگە قىلغىنىمدىن نەچچە ھەسسە كۆپ،-دېدىم ئۇنىڭغا،-سىز مېنىڭ مەھبۇبەم مارىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز.

ئۇ خۇددى ئېلېكتر توكىنى تۇتۇپ سالغاندەك سىلكىنىپ كەتتى.

-مارىيە!-دېدى ئۇ بوغۇق ئاۋاز بىلەن بېشىنى ئىككى قولى بىلەن چاڭگاللاپ، ئۇنىڭ قولى تىترىدى. كەڭ كۆكرىكى ئېغىر خورسىنىشتىن يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئىقرار بولمىغىنى، ئۇنىڭ ماڭا بولغان يوشۇرۇن ئۆچمەنلىكى قايتا قوزغالدى. لېكىن ئۇ ئاچچىقلانمىدى. ئارتۇقچە قىزىققانلىق قىلىپمۇ كەتمىدى. مەن بەختكە قانچىلىك يېقىن بولسام، ئۇ ئۆلۈمگە شۇنچىلىك يېقىن ئىدى. ئەگەر بۇ بىگىر راستىنلا مېنىڭ ئاشۇ رىقابەتچىم بولسا، مەندە تەقدىرگە تەن بېرىش ۋە ئېچىنىشتىن باشقىچرەك تۇيغۇ قوزغالغان بولاتتى.

-كەت!-دېدى ئۇ بىر ئازدىن كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ،-ماڭا رەھمەت ئېيتمايلا قوي!-بىردەم جىم تۇرۇپ قوشۇپ قويدى،-شۇنى بىلگىنكى، مەن يارىلىش جەھەتتىن ھەرگىزمۇ سەندىن تۆۋەن ئەمەس!

قارىماققا، قانداقتۇ، يوشۇرۇن مەنىدە ئېيتىلغان بۇ سۆزلەر مەندە قىزىقىش قوزغىدى. مەن ئۇنىڭدىن كىم ئىكەنلىكىنى ۋە بېشىدىن قانداق سەرگۈزەشتىلەر ئۆتكەنلىكىنى سۆزلەپ بېرىشىنى سوراپ تۇرۇۋالدىم. ئۇ قاپىقىنى سېلىپ جىم تۇردى. لېكىن مېنىڭ تەقدىرىم ئۇنى قىزىقتۇردى، مېنىڭ ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشىنى ئارزۇ قىلىپ ئۇتتۇرىغا قويغان تەكلىپىم ئۇنى روھلاندۇردى. ئۇ تالاغا چىقىپ كېتىپ، بىرنەچچە تال بانان ۋە كوكس ياڭىقى ئېلىپ كىردى ـ دە، تۆگىلۈكنى قايتا بېكىتىپ قويۇپ، يېپىشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ، بۇ نېگىرنىڭ فرانسۇز تىلىنى ۋە ئىسپان تىلىنى ناھايىتى راۋان سۆزلەيدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدا ئاجايىپ روشەن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى بارلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇ كۆپلىگەن ئىسپانچە مۇھەببەت ناخشىلىرىنى بىلىدىكەن ۋە بۇ ناخشىلارنى بەك ياخشى ئېيتالايدىكەن. لېكىن بۇ ئادەمنى مەن كۆپ جەھەتلەردىن ياخشىپ چۈشىنىپ كېتەلمىدىم دەسلەپ ئۇنىڭ تىلىنىڭ ناھايىتى راۋانلىقى مېنى ھەيران قالدۇرغان بولسا، كېيىن مەن ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىشقا ھەرىكەت قىلغىنىمدا، ئۇ جىم تۇرۇۋالماقتا ئىدى. ئاخىرى ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتتىم ـ دە. ئۇنىڭغا غەمخورلۇق قىلىپ تۇرۇشىنى، ھەر جەھەتتىن ئېتىۋار بېرىشنى سادىق دوستۇم تادېغا تاپىلاپ قويدۇم.

## 11

مەن ئۇنىڭ بىلەن ھەر كۈنى خۇددى ئاشۇ ۋاقىتتا كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدۇم. ئۇنىڭ ئەنزىسى مېنى بەكمۇ تەشۋىشلەندۈرۈەتتى. قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىشىمغا قارىماي، تاغام جاھىللىق بىلەن ئۇنى جازالاش نىيىتىدىن يانمىدى. مەن پىيېروغا بۇ خەۋەپ ـ خەتەر توغرىسىدا ئۇچۇق سۆزلەپ بەردىم. ئۇ مېنىڭ سۆزلىرىمنى تامامەن خاتىرجەملىك بىلەن ئاڭلىدى.

بىر قېتىم بىز كۆرۈشۈپ تۇرغاندا، راسىك ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇنىڭ بويىنىدا يوغان خورما يوپۇرمىقى باغلاقلىق تۇراتتى. پىيېرو ئۇنىڭ بويىنىدىكى خورما يوپۇرمىقىنى ئېلىپ، ئۇنىڭدا يېزىلغان قانداقتۇ بىر نەرسىلەرنى ئوقۇدى. مەن ئۇنىڭ تونۇيالمىدىم، ئاندىن شۇ زاماتلا

يوپۇرماقنى يىرتىۋەتتى. بۇنداق پەيتلەردە ئۇنىڭدىن سۇئال سورىماسلىقنى كۆنۈكۈپ كەتكەن ئىدىم.

بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگىنىمدە، گويا ئۇ مېنى كۆرمىگەندەك كامېرىنىڭ ئىشىكىگە كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ، ئاستا غىڭشىپ، «مەن بىر ئەتكەسچى» دىگەن ئىسپانچە ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى، ناخشا تۈگىگەندە، بۇرۇلۇپ قاراپ شۇنداق دىدى:

ـ ئۇكا، ناۋادا مەندىن گۇمانلانغان پەيتىڭدە بۇ ناخشىنى ئېيتسام، ئاڭلىغان ھامان ماڭا نىسبەتەن ئۆچمەنلىكىڭنى ۋە گۇمانىڭنى كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋېتىشكە ۋەدە بېرەلەمسەن؟

ئۇ ماڭا تەنتەنىلىك ھالدا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى.

مەن شۇنداق قىلىشقا ۋەدە بەردىم، لېكىن ئۇنىڭ «ناۋادا مەندىن گۇمانلانغان پەيتىڭدە» دىگىنىنىڭ تېگىدە نىمە مەنە بارلىقىنى چۈشەنمىدىم. ئۇ مەن دەسلەپ كەلگەن كۈنى تالادىن ئەكىرگەن يوغان كوكىس ياڭىقىنىڭ يېرىم كاسىسىنى قولىغا ئالدى-دە، ئۇنىڭغا لىمۇ-لىپ خورما ۋىنوسى قويدى ۋە ماڭا تەڭلىدى. مەن ئۇنى ئېلىپ بىر يۇتۇم ئىچتىم، قالغىنىنى ئۆزى بىر كۆتىرىپلا ئىچىۋەتتى. شۇندىن باشلاپ مېنى ھەر دائىم «ئۇكا» دەپ ئاتايدىغان بولدى.

شۇ ئارىدا مەندە، قانداقتۇ بىر ئىشەنچ پەيدا بولۇشقا باشلىغان ئىدى: تاغامنىڭ ئاز-تولا ئاچچىقى ياندى، پات يېقىندا قىزى بىلەن ئىككىمىزنىڭ تەنتەنىلىك تويىمىز بولىدىغانلىقى ئۈچۈن تاغام ناھايىتى مۇلايىم بولۇپ قالغان ئىدى. مارىمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش، دادىسىغا كۆپ يىلىنىپ، پىيېرونىڭ «گۇناھى» نى تىلىمەكتە ئىدى. مەن ھەر كۈنى دېگۈدەك تاغامغا پىيېرونىڭ ھەرگىزمۇ ئۇنى ھاقارەتلەش نىيىتى يوقلۇقىنى، بەلكى ئۇ مەسىلىدە تاغامنىڭ كۆپ قان تۆكۈپ قوغۇشىنى توسىماقچى بولغانلىقىنى، ئەگەر پىيېرو ئارىلاشمىغان بولسا، ئۇ ھېلىقى نېگىرنى ھەقىقەتەنمۇ قاتتىقراق جازالىۋېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، تاغامنى يۇمشىتىشقا ھەرىكەت قىلىپ تۇردۇم، شۇنداقلا بۇ باتۇر نېگىرنىڭ ئىمساھ بىلەن قاتتىق ئېلىشىپ، مارىنى كۆرۈنۈپ تۇرغان ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇۋالغانلىقىنى، مارىنىڭ ھاياتى ئۈچۈن تاغام ئۇ نېگىرغا قەرزدار ئىكەنلىكىنى، مەنمۇ مەھبۇبەم ئۈچۈن ئۇنىڭغا قەرزدار ئىكەنلىكىمنى، شۇڭا پىيېرونى ئەپۇ قىلىش لازىملىقىنى سوراپ تۇردۇم

(دەرۋەقە، بۇ تاپتا ئۇنى ئازاد قىلىۋېتىش توغرىسىدا خىيال قىلغىلى بولمايتتى، چۈنكى، مەسىلە ئۇنىڭ ھاياتىغا تاقىلىپ تۇراتتى).

شۇنىڭدەك پىيېرو قۇللار ئىچىدە ئەڭ قاۋۇل ئىكەنلىكىنى، ئۇ ئۆزى يالغۇز ئونلىغان قۇلنىڭ ئىشىنى قىلالايدىغانلىقىنى، شېكەر تۈگمىنىنىڭ چاقىنى بىر ئۆزى يالغۇز چۆرىيەلەيدىغانلىقىنىمۇ تاغامغا ئەسكەرتتىم. تاغام ئەمدى بۇ سۆزلىرىمگە بىر ئاز قايىل بولۇپ، كەچۈرۈم قىلىش تەرىپىگىمۇ ئۆتۈپ قالغان ئىدى. مەن ئۇنىڭ بۇنچىلىك يۇمشاپ قالغانلىقى ۋە يېقىندا پىيېرونىڭ ئازاد بولۇش مۇمكىنلىكى توغرىسىدىكى بۇ خۇشخەۋەرنى ئۇنىڭغا ھازىرچە ئېيتماي تۇردۇم. مەن شۇ ئىشقا بەكمۇ ھەيران ئىدىمكى، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يېقىندا ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ۋە قېچىپ كېتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە نىمە ئۈچۈن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇشقا ھەرىكەت قىلمايدۇ؟ بۇ توغرىدا مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم.

-ياق، مەن ئۇنداق قىلمايمەن،-دىدى ئۇ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن،-ئەگەر مەن قاچسام، باشقىلار، مېنى قورقتى، دەپ ئويلاشلىرى مۇمكىن.

## 12

بىر كۈنى ئەتىگەندىلا مارى قېشىمغا كەلدى. ئۇنىڭ گۈزەل چىرايىدىن پاك مۇھەببەت تۇيغۇلىرىدىنمۇ يۇكسەك شاد-خۇراملىق چاقناپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ قىياپىتى ياخشىلىقتىن دېرەك بېرەتتى.

-ماڭا قارا،-دىدى ئۇ،-يەنە ئۈچ كۈندىن كېيىن ئاۋغۇستقا يىگىرمە ئىككى بولىدۇ. بىز ئەنە شۇ كۈنى توي قىلىمىز، بىز پات يېقىندا....

-مارى،-دىدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بولۇپ،- پات-يېقىندا دىگەن گەپنى ھازىرچە قىلما، ئارىدا تېخى تولۇق ئۈچ كۈن بارغۇ!

مارى كۈلۈپ، قىزىرىپ كەتتى.

-ھە، بوپتۇ، كىشىنى ئىزا تارتقۇزمىغىنا، لېوپولد،-دىدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،-مېنىڭ كۆڭلۈمگە بىر پىكىر كەلدى، بۇ ساڭىمۇ ياقىدىغان پىكىر، تۈنۈگۈن مەن دادام بىلەن بىللە تويغا كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئېلىش ئۈچۈن شەھەرگە بارغىنىمنى بىلىسەن، نىمە دىيىشىمنى بىلمەي

قالدىم، قىممەتلىك بىرلىيانت ۋە مەرۋايىتلارنى شۇنچە ياخشى كۆرسەممۇ، بەربىر، ئۇلار مېنى سىنىڭ ئالدىڭدا چىرايلىق كۆرستىش قىممىتىگە ئىگە ئەمەس. مەن پۈتۈن دۇنيادىكى ھەممە گۆھەر-ياقۇتلارنى سىنىڭ ھېلىقى رىقابەتچى شىپاڭدا چەيلەپ تاشلىغان بىر تال گۈلۈڭگە تېگىشىمگەن بولاتتىم. ئەمما، گەپ بۇنىڭدا ئەمەس. دادام مېنى ھەرخىل قىممەت باھالىق سوۋغىلار بىلەن كۆمۈۋەتمەكچى بولدى. مەنمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى دەپ، ئەتەي ئۆزەمنى بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىگە زوقلىنىۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسەتتىم. تۆنۈگۈن بىرگە بازاردا چوڭ گۈللۈك ئېسىل جۇگگو شايىسىدىن تىكىلگەن ۋە خۇشبۇي ئىپار ساندۇقچىغا قاچىلانغان كۆينەكنىمۇ كۆرستىشتى، كۆينەكنى قولۇمغا ئېلىپ كۆردۇم، بۇ ئادەتتىن تاشقىرى قىممەت باھالىق كۆينەك ئىكەن. دادام بۇ كۆينەككە قىزىقىۋاتقانلىقىمنى بايقىدى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، دادامدىن تويۇمغا قەدىمقى بەگزادىلەرگە ئوخشاش داغدۇغىلىق ھەدىيە تەقدىم قىلىشنى سورىدىم، دادام ئۆزىنى دائىم قەدىمقى بەگزادىلەرگە ئوخشىتىشقا خۇشتار ئىكەنلىكىنى بىلسەڭغۇ؟ دادام، ماقۇل، دېدى. ئۇ مېنى ھېلىقى قىممەت باھالىق كۆينەكنى ئېلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ، دەپ ئويلىغان ئىدى. ئەمما مەن باشقىچە نەرسىنى تەلەپ قىلدىم. بۇ نىمە، بىلەمسەن؟ بۇ-پيېرونىڭ ھاياتى! كۆردۈڭمۇ، لېوپولد، مەن تويۇمغا ئەنە شۇنداق سوۋغا تەلەپ قىلدىم!

مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي، بۇ پەرىشتەمنى مەھكەم قۇچاقلىدىم. تاغامنىڭ ۋەدىسى مۇقەددەس ئىدى. مارى تاغامنىڭ ئالدىغا ئۆز ۋەدىسىنى ئورۇنلاشنى تەلەپ قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتكەندە، مەن پيېرونىڭ قۇتۇلۇشى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن، گالىپفى پورتىغا قاراپ چاپتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ ئازاد بولۇشى ئەمدى شۈبھىسىز ئىدى.

- ئاكا، - دەپ ۋارقىرىدىم مەن ئۇنىڭ ئالدىغا كىرگەن ھامان، - ئاكا، خۇشخەۋەر، سەن قۇتۇلدۇڭ! مارى تويىغا قىلىنىدىغان سوۋغا سۈپىتىدە دادىسىدىن سىنىڭ ھاياتىڭنى قۇتۇلدۇرۇپ، سېنى ئەپۇ قىلىشنى سورىدى!

تۇتقۇن تىترەپ كەتتى:

-مارىيە! توي! مېنىڭ ئامان قېلىشىم!-بۇ ئىشلارنىڭ بىر-بىرىگە نىمە ئالاقىسى بار؟

ـ بۇ چۈشىنىشلىك ئىشقۇ، ـ دېدىم مەن، ـ سەن ئۆلۈمدىن قۇتقۇزغان ھېلىقى مارى ياتلىق بولماقچى.

ـ ھە، ياتلىق بولماقچى؟ كىمگە؟ ـ دەپ ۋارقىراپ كەتتى پىيېرو. ئۇنىڭ كۆزلىرى دەھشەتلىك چاقنىدى.

ـ بۇنى تېخىچە بىلمەمسەن! ئۇ ماڭا ياتلىق بولىدىغۇ! ـ دېدىم ئاستا.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ غەمكىن چىرايى ئېچىلدى.

ـ ئاھ، راست ساڭا ياتلىق بولامتىكەن ـ دە! توي قاچان؟

ـ يىگىرمە ئىككىنچى ئاۋغۇست كۈنى.

ـ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنى؟ نىمە، سەن ئەقلىڭدىن ئازدىڭمۇ؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى پىيېرو. ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدا جىددىي خەۋپ ـ خەتەرنىڭ دېرىكى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ئۇ سۆز تاپالماي، بىردەم دۇدۇقلىدى، مەن ھەيرەتتە ئۇنىڭغا قاراپ تۇردۇم. بىردەم شۇ ھالدا تۇرغاندىن كېيىن، ئۇ قولۇمنى مەھكەم قىسىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

ـ ئۇكا، سەن ماڭا كۆپ ياخشىلىق قىلدىڭ، شۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا مەسلىھەت بېرىشىم كېرەك. سۆزۈمگە ئىشەنسەڭ، سىلەر كاپىقا كېتىڭلار، تويۇڭلارنى يىگىرمە ئىككىنچى ئاۋغۇستتىن بۇرۇن ئۆتكۈزۈڭلار!

بۇ تېپىشماقتەك گەپنىڭ مەنىسى نىمە ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭدىن سورىشىم بىكار ئاۋارىچىلىق بولدى.

ـ خەير ـ خوش ـ دېدى ئۇ تەنتەنىلىك ھالدا، مەن ساڭا خېلى كۆپ گەپ قىلدىم، بىراق مەن ئۆز قەدرىمنى بىلمەسلىكنى ۋاپاسىزلىقتىنمۇ يامان كۆرىمەن.

كۆڭلۈمدە، قانداقتۇ، ئەندىشە ۋە خەۋپ بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقتىم. لېكىن بەختلىك سائەتلەرنىڭ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خىيال بىر ئازدىن كېيىن ئەندىشىلەرنى كۆڭلۈمدىن سىقىپ چىقارغان ئىدى.

شۇ كۈنى تاغام سوتتىن ئۆزىنىڭ شىكايەت ئەرزىسىنى قايتۇرۇۋالدى. مەن پىيېرونى تۈرمىدىن بوشىتىش ئۈچۈن يەنە پورتقا كەلدىم. تادىيمۇ ئۇنىڭ بوشىتىلىدىغانلىقىنى بىلىپ كامېرىغا مەن بىلەن بىللە كىردى. پىيېرو كامېرىدا يوق ئىدى. كامېرىدا يالغۇز تاشلاپ كېتىلگەن راسىك قۇيرۇقىنى

شىپاڭلىتىپ ئالدىمغا كەلدى. ئۇنىڭ بويندا خورما يوپۇرمىقى ئېسىقلىق تۇراتتى. مەن يوپۇرماقنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا يېزىلغان تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇدۇم: «رەھمەت ساڭا! سەن مىنى بۇنىڭ بىلەن ئۈچ قېتىم ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قالدىڭ. ئۇكا، ماڭا بەرگەن ۋەدەڭنى ئۇنتۇپ قالما! تۆۋەن تەرەپتە ئىسمى ئورنىغا ئىسپانچە ناخشىنىڭ (مەن ئەتكەسچى) دېگەن سۆزلىرى يېزىلغان ئىدى.

بۇ ھادىسىگە تادى مەندىنمۇ بەكرەك ھەيران قالدى. چۈنكى، ئۇ تۆگىلۆكنىڭ سىرىنى بىلمەيتتى، شۇڭا نېگىر بىر دوملاپلا ئىتقا ئايلىنىپ قالغان بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ قاپتۇ. مەن ئۇنىڭغا: نىمە دەپ ئويلىساڭمۇ مەيلى، لېكىن بۇ سىر ھەققىدە ھېچكىمگە ئىندىمە، دەپ بۇيرۇق قىلدىم.

مەن راسكىنى بىللە ئېلىپ كەتمەكچى ئىدىم، لېكىن بىز پورتتىن چىقىشىمىز بىلەنلا ئۇ ئورمان تەرەپكە قاراپ قېچىپ كەتتى ۋە ئورماننىڭ ئىچىگە كىرىپ غايىپ بولدى.

## 13

تاغام پىيرونىڭ قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ غەزەپلەندى ۋە ئۇنى ئىزلەپ تېپىش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. تاغام ۋالىغا خەت يېزىپ، ئەگەر پىيىرو تۇتۇلسا، ئۇنى تامامەن ۋالىنىڭ جازالىنىشىغا تاپشۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

سەككىزىنچى ئاينىڭ يىگىرمە ئىككىنچى كۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. بىزنىڭ نىكاھ مۇراسىمىمىز ئاكىيول چېركاۋىدا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. ھاياتىمدىكى پۈتۈن بەختسىزلىك باشلانغان بۇ كۈن قالتىس بەختىيار ئۆتكەن ئىدى. مىنىڭ شات-خۇراملىقتىن قانچىلىك مەس بولغانلىقىمنى پەقەت ئاشۇنداق كۈننى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن كىشىلا چۈشىنەلەيدۇ. مەن پىيرونى ۋە ئۇنىڭ ۋەھىمىلىك گەپلىرىنى تامامەن ئۇنتۇپ كەتكەن ئىدىم.

مانا تەقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن كېچىمۇ يېتىپ كەلدى. مىنىڭ تۇنجى خوتۇنۇم نىكاھدىن كېيىن ھۇجرىمىزغا ئېلىپ كېتىلگەن ئىدى. مەن

ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولىدىغان ھۇجرىمىزغا تېزرەك يېتىپ بېرىشنى شۇنچە ئارزۇ قىلساممۇ، ئەپسۇسكى، يېتىپ بارالمىدىم: پىدائىي قىسمىنىڭ كاپىتانى بولغانلىقىم ئۈچۈن شۇ كۈنى ماڭا ئاكيۇل پورتىنىڭ كىچىلىك قاراۋۇللۇقىنى تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلدى. ئۇ ۋاقىتلاردا بۇنىداق ئېھتىياتچانلىق بەكمۇ زۆرۈر ئىدى، چۈنكى، بۇ مۇستەملىكىنىڭ ۋەزىيىتى ناھايىتى داۋالغۇپ تۇراتتى، قۇللارنىڭ ئانچە چوڭ بولمىغان قوزغىلاڭلىرى گەرچە ئۇز ۋاقتىدا باستۇرۇلۇپ تۇرۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئىيۇن، ئىيۇل ۋە ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ بېشىدا تىبو ۋە لاگۇسپىتا رايونلىرىدا يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن ئىدى. بولۇپمۇ يېقىندا قوزغىلاڭچىلار باشلىقى ئوژىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈش سەۋەبىدىن ئەركىن مۇلاتلارنىڭ دۈشمەنلىك كەيپىياتى كۈچىيىپ كەتكەن ئىدى. بىرىنچى بولۇپ تاغام ماڭا ئۆز ۋەزىپەمنى ياخشى ئادا قىلىشنى جېكىدى. مەن ۋەزىپىنى ئادا قىلىش مەجبۇرىيىتىنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالدىم-دە، ھەربىي كىيىملەرنى كىيىپ خىزمەتكە كەتتىم. بىرىنچى قاراۋۇللۇقنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، ھېچقانداق ئەندىشىلىك ھالەت يوق دەپ ھېسابلىدىم. لېكىن، يېرىم كېچە ئەتراپىدا قالغان قاراۋۇللۇقنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، توپچى قىسىم جايلاشقان يەرنىڭ نېرىسىدا، قولتۇق تەرەپتە قىپ-قىزىل يالقۇن شولىسىنى كۆرۈپ قالدىم، يالقۇن بارغانسېرى لاۋۇلداپ كۈچەيدى ۋە لىمونادى، سېن لۇي، دىيۇمورىن تەرەپلەرگە قاراپ سۈرۈلۈشكە باشلىدى. بىز ئەسكەرلەر بىلەن دەسلەپتە قانداقتۇ بىر يەرگە ئوت كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىدۇق. لېكىن يالقۇن بارغانسېرى كۆرۈنەرلىك ھالدا كېڭىيىشكە باشلىدى. دۇت پۇراقلىرىنى شامال ھەيدەپ كېلىپ دىماققا ئۇراتتى. يالقۇن تېخىمۇ ئۇلغايدى. مەن جىددىي ھالەت يۈرگۈزۈش ۋە كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىرىش ئۈچۈن ئالدىراش پورتقا قايتتىم. بىزنىڭ قۇللىرىمىزنىڭ ياتىقى ئالدىدىن ئۆتكەندە، بۇ يەردە ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان چوڭ مالىمانچىلىقنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. نېگىرلارنىڭ كۆپچىلىكى ئۇخلىمىغان ئىكەن. ئۇلار بىر-بىرى بىلەن قىزغىن پاراڭلىشىۋاتاتتى ۋە مەن چۈشەنمەيدىغان تىلدا بىرنىمىلەرنى دېيىشىپ ۋارقىرىشىۋاتاتتى. ئۇلار ھە دېسىلا، قانداقتۇ «بيۇگ-ژارگال» دېگەن غەلىتە ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئېلىشىۋاتاتتى. مەن ئۇلارنىڭ سۆزىدىن بىر نەچچە ئېغىزنى تۇتۇۋالدىم. بۇ سۆزلەرگە قارىغاندا، شىمالىي رايونلاردىكى نېگىرلار بىردەك

قوزغىلىپ، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى، قورغانلارنى پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈپ تاشلىغان. مەن ساسلىقتىن ئايلىنىپ كېلىۋېتىپ، قومۇشلۇق ۋە ئوت-چۆپلەر ئارىسىغا يوشۇرۇپ قويۇلغان نۇرغۇن پالتا، جوتۇلارنى ئۇچراتتىم. بۇ ئەھۋالدىن قاتتىق ۋەھىمىدە چۈشەنلىگىمدىن شۇ زامان ئاكيۇل پەيدائىيلىرىغا تەييار بولۇپ تۇرۇشنى ۋە قۇللارنى قاتتىق نازارەت قىلىشنى بۇيرۇدۇم. ئەھۋال ۋاقتىنچە تىنجىپ قالغاندەك بولدى.

## 14

بىراق، قاتتىق يانغىن مىنۇتسېرى كۈچىيىشكە باشلىدى ۋە لىمبېي تەرەپكە يېقىنلىشىپ كەلدى. تۇيۇقسىز لىمبېي تەرەپتىن گۈمبۈرلىگەن توپ ئاۋازى ۋە مىلتىق ئۈنى ئاڭلاندى. كېچە سائەت ئىككىلەردە مەن تاغامنى ئويغاتتىم. تاغام قاتتىق ۋەزىمە ئىچىدە غال-غال تىترەپ تۇرۇپ، ئاكيۇلدا لېيتنانت قوماندانلىقىدا بىر بۆلۈم ئەسكەر قالدۇرۇپ مېنىڭ قايتىپ كېلىشىمنى بۇيرۇدى. شۇ تاپتا، بەلكىم، مارى ئۇخلاپ قالغان ياكى مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى. مەن بولسام، ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزاسى بولغان تاغامنىڭ بۇيرۇقى بويىچە قالغان ئەسكەرلىرىمنى ئېلىپ كاپقا جوندىم.

بىز كاپقا يېتىپ كەلدۇق، بۇ شەھەرنىڭ مۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى زادىلا ئۇنتۇيالمايمەن. مول ھوسۇللۇق ئېتىزلارنى قاپلىغان دەھشەتلىك يانغىننىڭ بۇرۇقسىغان قاپ-قارا ئىسى پۈتۈن شەھەر كوچىلىرىنى قاپلاپ كەتكەن ئىدى، شەھەر گويا قىپ-قىزىل چوققا ئايلانغان، قۇترىغان ئوتتا كۆيۈپ چۈچۈلە بولۇپ كەتكەن شېكەر قومۇشلىرىنىڭ ئۇچقۇنلىرى شەھەر ئاسمىنىدا بۇلۇتتەك لەيلەپ يۈرەتتى، قار-يامغۇردەك ۋال-ۋۇل قىلىپ چۈشۈۋاتقان ئۇچقۇنلار ئۆگزىلەرنى، دېڭىزدا ئۈزۈشكە تەييارلىنىۋاتقان كېمىلەرنى كۆمۈۋەتكەن ئىدى. شەھەر ئەتراپىدا كۆيۈۋاتقان ھەيۋەتلىك يانغىن ھە دېگەندە پۈتۈن شەھەرنى ئوت دېڭىزىغا ئايلاندۇرۇۋېتىش خەۋپىنى تۇغدۇرۇپ تۇراتتى. شەھەرنىڭ بۇ كۆرۈنۈشى دەھشەتلىك ۋە ئۇلۇغۋار ئىدى.

شەھەردىكى ئاق تەنلىك ئاھالە ئۆز ھاياتىنىڭ خەۋپ ئاستىدا قېلىشىغا قارىماي، بۇ دەھشەتلىك بالا ـ قازاغا قارشى كۆرۈشۈپ، ئامان قالغان بىردىن ـ بىر بايلىقى بولغان ئۆز جېنىنى ساقلاپ قېلىشقا تىرىشىۋاتاتتى، دېڭىزدا تۇرغان كېمىلەر ئۆز تەقدىرىنىڭ يامان ئەھۋالدا قېلىشىدىن قورقۇپ، ئوڭۇشلۇق چىققان شامالنىڭ ياردىمى بىلەن تېزرەك يولغان راۋان بولۇشىغا ئالدىراۋاتاتتى. كۆتۈلمىگەن پالاكەتكە يولۇققان شور پېشانە مۇستەملىكىچىلەر ئالدىراپ ـ تېنەپ كېمىلەرنىڭ يەلكەنلىرىنى كۆتىرىپ، چەكسىز يانغىننىڭ قىپ ـ قىزىل شولىسىدا پارقىراپ تۇرغان دېڭىز ئارقىلىق قېيىرۇقىنى تىكىشمەكتە ئىدى.

پورت تەرەپتىن ئېتىلىۋاتقان زەمبىرەكنىڭ قاتتىق گۈمبۈرلىشى، قېچىۋاتقان ئادەملەرنىڭ قىيا ـ چىياسى، ئۆرۈلۈۋاتقان ئىمارەتلەرنىڭ گۈرسۈلدەشلىرى ئاستىدا تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاخىر بىزگە يول باشلىغۇچى قىلىپ تەيىنلەنگەن يېشىل كىيىملىك چەۋەندازلار كاپىتانىنى مەشىق مەيدانىدىن تاپقىچە ئەسكەرلىرىمنى قاياققا ئېلىپ بېرىشنى بىلمەي قالدىم.

جاناپلار، مەن بۇ يەردە كۆيۈۋاتقان دىھقانچىلىق مەيدانلىرىنىڭ قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ ئولتۇرمايمەن، كاپىتان يۈز بەرگەن بۇ يىگانە بالايى ـ ئاپەت توغرىسىدا باشقىلار نۇرغۇن ھېكايىلەرنى قالدۇرۇپ كەتتى، مەن بۇ قانلىق ۋەقەلەر توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى قايتا تەكرارلىماقچى ئەمەسمەن، سىلەرگە پەقەت شۇنى سۆزلەپ بېرىمەنكى، ئىسيان كۆتۈرگەن قۇللار ئاللىقاچان دونىدون، تىرىپ ـ روژ تەرەپلەرنى ۋە ئۇئانامېنت شەھەرچىسىنى، ھەتتا لىمبېيىدىكى قاغىش تەككەن دىھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئىگەللەپ بوپتۇ، دېگەن خەۋەرلەر تارقىلىۋاتقان ئىدى. بۇ جايلارنىڭ ئاكيۇلغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكى مېنى تەشۋىشلەندۇرمەكتە.

مەن ۋالىي دې بلانشلاندنىڭ ئۆيىگە بېرىشقا ئالدىرىدىم. بۇ يەرگە توپلانغانلارنىڭ ھەممىسى، ھەتتا ئەڭ چوڭ خوجايىن ھېسابلىنىدىغان ۋالىمۇ قاتتىق ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئولتۇراتتى. مەن ئۇنىڭ قانداق بۇيرۇقلىرى بارلىقىنى سورىدىم. ئاكيۇلنى قوغداش توغرىلىق تېزدىن بىرەر تەدبىر قوللىنىلسا كېرەك، دەپ ئىشكەنگەن ئىدىم. ھەممە كىشىنىڭ ئاغزىدا ئاكيۇل ئاللىقاچان خەۋپ ئاستىدا قالدى، دەپ ھېسابلانماقتا ئىدى. ۋالىنىڭ ئۆيىدە مەن بۇ ئارالدىكى ئەڭ كاتتا يەر ئىگىسى بولغان گېنېرال ـ مايوردې رۇۋرې،

كاپ پولكىنىڭ قوماندانى پود پولكوۋنىك دې تۇزار ۋە مۇستەملىكە كېڭەش، ئۆلكىلىك كېڭەشلەرنىڭ باشقا بىر نەچچە ئەزالىرىنى ھەمدە مەشھۇر يەر ئىگىلىرىنى ئۇچراتتىم.

مەن ئۆيگە كىرگەن ۋاقتىمدا كېڭەش ئەزالىرى ۋاڭ-چۇڭ كۆتىرىپ تالاش-تارتىش قىلىشىۋاتاتتى.

جانابى ۋالى، -دېدى ئۆلكىلىك كېڭەش ئەزالىرىدىن بىرى، -مەسىلە شۇكى، ئىسيان كۆتىرىۋاتقانلار ئەركىن مۇلاتلار بولماستىن، بەلكى قۇللار، بىز مۇنداق بولۇشنى خىيلى بۇرۇنلا بايقىغان ۋە ئالدىنئالا ئېيتىپ كەلگەن ئىدۇق، ئەپسۇسكى....

توغرا، ئالدىنئالا ئېيتىپ كەلگەن ئىدىڭلار، لېكىن ئۆزەڭلار دېگەن گەپكە ئۆزەڭلار ئىشەنمىگەن ئىدىڭلار، -دەپ كەسكىن رەددىيە بەردى ئۆزىنى مۇستەملىك كېڭەشنىڭ «باش ئەزاسى» دەپ ئاتىغان بىر كىشى، -سىلەر پەقەت بىزنىڭ ئالدىمىزدا ئىناۋىتىڭلارنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈنلا بۇ گەپنى قىلغان ئىدىڭلار، سىلەرنىڭ كاللاڭلار ھەقىقىي ئىسياننىڭ كۆتىرىلىش ئېھتىمالى توغرىسىدىكى پىكىرلەردىن خىيلىلا يىراق ئىدى. ئالايلۇق، 1789-يىلى سىلەرنىڭ كېڭىشىڭلارنىڭ ھەرخىل ھىيلە-نەيرەڭلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىشى-ئىغۋا پەيدا قىلىش نەتىجىسىدە ئۈچ مىڭ نىگىرنىڭ كاپ ئىگىزلىكىدىكى مەشھۇر ۋە كۈلكىلىك ئىسيانى كېلىپ چىققان ئىدى. بۇ كۈلكىلىك ئىسيان جەريانىدا بار-يوقى بىرلا تۇپىلاڭچىلار باشلىقى ۋە ئۇنىڭ يولداشلىرى ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى، خالاس!

لېكىن، مەن سىزگە تەكرار شۇنى ئېيتىمەنكى، -دەپ ئۆز پىكىرىنى قۇۋۋەتلىدى ھېلىقى ئۆلكىلىك ۋەكىل، -بىز سىزگە قارىغاندا ئەھۋالنى ياخشىراق پەرق قىلالايمىز، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، سىزنىڭ كېڭىشىڭىز مىللىي ھۆكۈمەت تەرىپىدىن مەسخىرىلىك گۈلدۈرۈس ئالقىشلار ئاستىدا، پۈتۈن تەركىبى بىلەن فرانسىيىگە جۆنۈپ كەتكەندە، بىز بۇ مۇستەملىكىنىڭ ھاياتىنى كۆزىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن بۇ يەردە قالغان ئىدۇق، سىلەر مىللىي ھۆكۈمەت ئالدىدا بەئەينى «قارىغۇ چاشقان» بولغان ئىدىڭلار.

مۇستەملىكىلىك كېڭەكشنىڭ ئەزاسى بۇ گەپلەرگە ناھايىتى نەپرەتلىك ھالدا جاۋاپ بېرىپ مۇنداق دېدى:

بىزنىڭ پۇقرالىرىمىز بىزنى بىر ئېغىزدىن قايتا سايلىدى!

شۇنداق، لېكىن ھېچبىر ئامال-چارەڭلار قالمىغاندا، ئۆچ خىل رەڭدىكى ھەربىي بەلگىنى تاقىماي، قەھۋەخانىغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن بىر بىچارە ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كالىلىسىنى كوچىمۇ-كوچا سازايى قىلغان ھەمدە مۇلاتلوكۇمبانى «ئاتىمىزنىڭ ۋە ئوغۇللىرىمىزنىڭ شەنى ئۈچۈن، مۇقەددەس روھىمىز ئۈچۈن» دېگەن «غەلىتە» سۆزلەرنى ئىشلىتىپ تەلەپنامە يازغانلىقى ئۈچۈن دارغا ئاسقان خۇددى سىلەر ئىدىڭلار! -دېدى ھېلىقى ۋەكىل رەددىيە بېرىپ.

توغرا ئەمەس، -دەپ ۋارقىرىدى مۇستەملىكىلىك كېڭەش ئەزاسى، -بۇ -پىرىنسىپلىق كۆرەش، ئىمتىيازلار كۆرىشى، بۇ «قەددى ئىگىلگەنلەر» نىڭ ھەقىقىي دوكلارغا قارشى كۆرىشى ئىدى!

سىز مەمەدانە ئىكەنسىز، تەقسىر، مەن دائىم سىزنى شۇنداق ئويلاپ يۈرەتتىم! ئۆلكىلىك كېڭەش ۋەكىلىنىڭ بۇ تەنىسىگە ئۇنىڭ رىقابەتچىسى تەنتەنىلىك قىياپەتتە رەددىيە بېرىپ شۇنداق دېدى:

ھە، بارىكاللا، مانا سىز بۇ سۆزىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ «ئاق تەنلىك كۆلەڭگە» ئىكەنلىكىڭىزنى ئاشكارىلاپ بەردىڭىز. ئۆزىڭىزنىڭ بۇ «ئىقرارى» غا تامامەن ئىگە بولۇشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمەن.

ئەگەر ۋالى ئارىلاشمىغىنىدا، بۇ جېدەل، ئېھتىمال، ئۇزاققا سوزۇلغان بولاتتى.

قويۇۋېڭلار جانابلار، بۇنداق جېدەلنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ ھازىر ھەممىدىن مۇھىم ئىش-بىزنىڭ ئۇستىمىزدىكى خەۋپ ماجىرانى توختىتىپ، ماڭا نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىلىق مەسلىھەت بېرىڭلار! مانا، مەن ئالغان مەلۇماتتا شۇنداق دېيىلگەن: بۈگۈن كېچە سائەت ئونلاردا تىيورىپىن ئەتراپىدا قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلگەن. ئەنگلىيىلىك نىگىر بوكمان قوماندانلىقى ئاستىدىكى قۇللار كىلىمان، تىرېمىس، فلاۋېل ۋە توئىدىكى كارخانىلاردا ئىشلەۋاتقان قۇللارنى ئۆزىگە جەلب قىلىپ، بارلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى كۆيدۈرۈپ، مۇستەملىكىچىلەرگە مىسلى كۆرۈلمىگەن شەپقەتسىزلىك بىلەن زەربە بەرگەن. تۆۋەندىكى ئەھۋالدىن سىلەر ۋەقەنىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايسىلەر: نەيزىگە سانچىپ كۆتىرىلگەن بىر بالىنىڭ جەسىدى ئۇلارغا بايراق بولۇپ خىزمەت قىلغان.

ۋالىنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ۋەكىللەرنىڭ ھەممىسى تىترىشىپ كەتتى.

شــەھەر ئەتراپىــدا ئەنە شــۇنداق ۋەقەلەر يــۈز بەرگەن، ـ دەپ ســۆزىنى داۋاملاشــتۇردى ۋالىــي ـ شــەھەردە بولســا، ئومــۇمىي تەرتىپســىزلىك ھۆكــۈم سۈرمەكتە. كاپىنىك نۇرغۇن ئاھالىسى ئۆز قۇللىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن، قاتتىق ۋەھىــمە ئــۇلارنى شەپقەتســىز بولۇشــقا مەجبــۇر قىلغــان. شــەھەر ئاھالىســى ئىچىدىكى ئەك رەھىمــدىل، ئەڭ قورقۇمســىز كىشــىلەر بولســا، ئــۆز قــۇللىرىنى كىشەنلەپ قويۇشقان، «ئۇششاق ئاق تەنلىكلەر» بۇ بالا ـ قازا ئۈچۈن ئەركىن مۇلاتلارنى ئەيىپلىمەكتە. كۆپلىگەن مۇلاتلار خەلق غەزىپىنىڭ قۇربانى بولۇشقا ئاز قالغان. مەن ئۇلارغا چېركاۋدىن باشپاناھ بېرىشكە ۋە ئەسكەرلەر بىلەن ئــۇلارنى قوغــداپ تۇرۇشــقا بــۇيرۇق بەردىــم. ھــازىر ئۆزلىرىنىــڭ نىگىــرلار قوزغىلىڭىغا ئالاقىسى يوقلۇقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇلاتلار قورال بېرىشنى ۋە بىرەر قورغاننى قوغداش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرۇشنى تەلەپ قىلىشماقتا.

ھەرگىز بۇنداق قىلماڭ، ـ دەپ ۋارقىرىــدى مــاك تونــۇش بىــر ئــاۋاز، ئــۇ مەن ماجرالىشــىپ دۇئېلغــا چۈشــكەن ۋە «شــالغۇت» دەپ كەمســىتىدىغان ھىلىقــى بــايۋەچچە ئىــدى، ـ ھەرگىــز ئۇنــداق قىلمــاڭ، ۋالىــي جانــاپلىرى! مۇلاتلارغا قۇرال بەرمەڭ!

سىز ئۇرۇش قىلىشنى خالىمامسىز، نېمە؟ ـ دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن باشقا بىــر مۇســتەملىكىچى. ئــۇ بــۇ ســۇئالنى ئاڭلىمىغانغــا ســېلىپ، ســۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

مۇلاتلار بىزنىڭ ئەشەددى دۈشمىنىمىز. ئۇلارمۇ بىز ئۈچــۈن بىــر خەۋپ. مەن قــوزغىلاڭ قــۇللار تەرىپىــدىن ئەمەس، بەلكــى مــۇلاتلار تەرىپىــدىن كۆتىرىلىشى مۇمكىن دېگەن كۆز قاراشقا قوشۇلىمەن. قۇللارنىڭ قولىدىن نىمە كېلەتتى؟

بۇ بىچارە بەنــدە مۇلاتلارغــا قارشــى ئېيتقــان بــۇ ســۆزى بىــلەن ئۆزىنىــڭ مــۇلات ئەمەســلىكىنى ئىســپاتلاپ، ئــۇنى مــۇلاتلار تائىپىســىگە قوشــۇپ نەپــرەت بىلەن قارايدىغان ئــاق تەنلىكلەرنىــڭ كــۆڭلىگە ياقمــاقچى ئىــدى. ئۇنىــڭ بــۇ پەســكەش خىيــالى ئەمەلــگە ئاشــمىدى، بــۇ توغرىلــىق ئومــۇمىي نــارازىلىق كۆتىرىلدى.

بۇ گېپىڭىز توغرا ئەمەس، ئەپەنــدىم، ـ دېــدى ئۇنىڭغــا جــاۋابەن قېرى گېنىرال رۇۋرى، ـ توغرا ئەمەس! قۇللارنىڭ قولىدىن نۇرغۇن ئىشلار كېلىــدۇ. بىزنىڭ ھەر ئۈچ كىشىمىزگە ئۇلارنىڭ قىرىق ئادىمى توغرا كېلىدۇ. نىگىرلارغا

ۋە مۇلاتلارغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن سىزگە ئوخشاش ئاق تەنلىكلەرنى ئەۋەتىدىغان بولساق، بىزنىڭ كۈنىمىز تازىمۇ يامان ئەھۋالدا قالغان بولاتتى. مۇلۇكدار لېۋىنى چىشلىدى.

سىزچۇ، جانابى گېنېرال، مۇلاتلارنىڭ تەلىپى توغرىسىدا نىمە دەيسىز! ـ دەپ سورىدى ۋالىي.

ئۇلارغا قورال بېرىڭ، جانابىي ۋالىي! ـ دەپ جاۋاب بەردى گېنېرال، ـ ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، ـ ئۇ ھېلىقى گۇمانخور مۇستەملىكىچىگە بىر قاراپ قويدى ـ دە، ئاڭلىدىڭىزمۇ، ئەپەندىم؟ قوراللىنىشقا تەييارلىنىڭ! ـ دەپ سۆزىنى تۈگەتتى.

رەسۋا بولغان مۇستەملىكىچى غەزىپىنى يۇتۇپ نېرى كەتتى. شۇ ئارىدا شەھەر تەرەپتىن دات ـ پەريات ئاۋازى ئاڭلاندى ۋە بۇ دەھشەتلىك ۋاڭ ـ چۇڭ بۇ كېڭەشنىڭ نىمە مەقسەتتە چاقىرىلغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم بۇ يەردە ئولتۇرغانلارنىڭ ئېسىگە سالدى. جانابىي دې بلانشلاند قېرىنداش بىلەن تەستىق سېلىنغان بۇيرۇقنى ئادىيۇتانتقا بېرىۋېتىپ، سىرتتىن ئاڭلىنىۋاتقان ۋاي ـ داتلاردىن ئالاقزادە بولۇشۇپ، تۈنجۇقۇپ ئولتۇرۇشقان كېڭەش قانتاشقۇچىلىرىغا قاراپ شۇنداق دېدى:

شۇنداق قىلىپ مۇلاتلار قوراللاندۇرۇلىدۇ، جانابلار، ئەمما بىز يەنە باشقا تەدبىرلەرنىمۇ قوللىنىشىمىز لازىم. ئۆلكىلىك كېڭەش يىغىنىنى چاقىرىش كېرەك، ـ دېدى ھېلىقى مەن كىرگەندە سۆزلەۋاتقان «ئۆلكىلىك ۋەكىل».

ئۆلكىلىك كېڭەشنى دەمسىز؟ ـ دەپ سۆزىنى ئېلىۋالدى ئۇنىڭ رىقابەتچىسى بولغان ھېلىقى مۇستەملىكىلىك كېڭەش ئەزاسى، ـ ئۆلكىلىك كېڭەش دېگىنىڭىز ئۆزى نىمە؟

سىز مۇستەملىكىچىلىك كېڭەش ئەزاسى بولغانلىقىڭىز ئۈچۈنلا بۇ گەپنى قىلىۋاتىسىز، ـ دەپ نارازى بولدى «ئاق تەنلىك كۆلەڭگە».

«مەمەدانە» ئادەم ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ:

مەن «مۇستەملىكىلىك»، «ئۆلكىلىك» دېگەن كېڭەشلەرنىڭ ھېچقايسىسىنى ئېتىراپ قىلمايمەن، پەقەت بىرلا كېڭەش بار، ئۇ بولسىمۇ باش كېڭەش، چۈشەندىڭىزمۇ ئەپەندىم؟

ھە؟ ئەگەر ئۇنداق بولسا، پارىژدا پەقەت بىرلا كېڭەش ـ مىللىي كېڭەش مەۋجۇتلۇقىنى سىزنىڭ ئېسىڭىزگە سېلىپ قوياي! ـ دېدى سۆزىنى

داۋاملاشتۇرۇپ «ئاق تەنلىك كۆلەڭگە» ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ يىغىنىنى چاقىرىش ئۇخلاپ چۈشىڭىز!-دېدى «تەكەببۇر ئادەم» مەسخىرە كۈلكىسى بىلەن، -تېخى يېڭىلا بۇ يەردە ئۆتكۈزۈلگەن باش كېڭەشنىڭ قاراي بويىچە ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ تارقىتىۋېتىلگەنلىكىنى بىلمەيدىغان ئوخشايسىز!

شۇ ۋاقىتتا بۇ قۇرۇق تالاش-تارتىشتىن زېرىككەن بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى غۇلغۇلا كۆتىرىپ قارشى چىقىشقا باشلىدى.

ۋەكىل ئەپەندىلەر، -دەپ ۋارقىرىدى بىر مۆلۈكدار، -سىلەر قۇرۇق گەپلەر بىلەن ۋاقىتنى زايا قىلىۋاتىسىلەر، مېنىڭ پاختا ئېتىزلىرىم ۋە ھاشارەتلەر مەيدانىمنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

مېنىڭ لىمبىيىدىكى تۆت يۈزمىڭ تۈپ نىل بويىقى كۆچەتلىرىمچۇ؟-دېدى يەنە بىرسى. مەن ھەربىرىنى ئوتتۇز دوللاردىن سېتىۋالغان نېگىر قۇللىرىمنى قانداق قىلىمەن؟-دەپ ۋارقىرىدى قۇل سودىسى قىلىدىغان كېمە كاپىتانى.

سىلەر قۇرۇق گەپلەر بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ھەربىر مىنۇت ماڭا، ئاز دېگەندە ئون سېنتىنېر شېكەر زىيان كەلتۈرىدۇ، -دېدى يەنە بىر مۇستەملىكىچى، -بۇ، بىزنىڭ ھېسابىمىز بويىچە، ئەگەر بىر سېنتىنېر شېكەرنى ئون يەتتە سومدىن ھېسابلىنىغاندا، جەمئىي بىر يۈز يەتمىش سوم، يەنى فرانسىيە پۇلىغا سۇندۇرغاندا توققۇز يۈز ئوتتۇز سوم ئون تىيىن زىيان دېگەن سۆز!

سىلەر باش كېڭەش دەپ ئاتىغان مۇستەملىكىلىك كېڭەش خۇددى بىر مۇشتۇمزورغا ئوخشاش ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ، -دەپ ۋارقىرىدى دەسلەپكى جېدەلچى باشقىلارنىڭ يارىسىغا تۇز سەپمەكچى بولۇپ، -سىلەرنىڭ بۇ كېڭەشچىلەر پورت-ئوپرېنسىدا ئولتۇرۇپ، كەڭلىكى ئىككى گەز كېلىدىغان ئوبلاستلار ئۈچۈن ئىككىلا كۈن ئۆتىدىغان قارارلارنى چىقىرىۋەتمىسۇن، بىزنى بىئارام قىلمىسۇن، كاپ شىمالىي ئۆلكىلىك كېڭەشكە قارايدۇ. ئۇنى بۇ كېڭەش ئۆزى باشقۇرىدۇ!

مەن شۇنداق ھېسابلايمەنكى، -دېدى نارازىلىق بىلەن ۋارقىراپ «تەكەببۇر ئادەم»-ۋالىي جانابىي ئالىيلىرىنىڭ جانابى دې كادىيوش رەئىسلىكىدىكى مۇستەملىكە ۋەكىللىرى باش كېڭەشنىڭ يىغىنىدىن باشقا ھەرقانداق بىر كېڭەشنىڭ يىغىنىنى چاقىرىشقا ھەققى يوق!

خــوش، ســـىزنىڭ رەئىســـىڭىز ئــۆزى قەيەردە؟ دې كـــادىيوش دىـــگەن كىشىنىڭ ئۆزى قەيەردە؟ــ دەپ سورىدى «ئــاق تەنلــك كــۆلەڭگە» ــ ســىزنىڭ يىغىنلىرىڭىزچــۇ؟ ســىلەردىن بــۇ يەرگە ئــارانلا تــۆت ئــادەم كەلــدى، بىــزدىن بولسا، ھەممىسى تولۇق قاتنىشىۋاتىدۇ. سىز ئۆزىڭىزنى ئالاھىــدە كۆرســىتىپ، بۇ يىغىننى ۋە پۈتۈن مۇستەملىكىنى ئۆز چاڭگىلىڭىزغا ئېلىۋالماقچىمۇ؟

ئىككى قارىمۇ ـ قارشى كېڭەشنىڭ ھەقىقىي كــانىيى بولغــان بــۇ ئىككــى ۋەكىلنىڭ ماجىراسىغا ۋالىي يەنە بىر قېتىم ئارىلاشماي تۇرالمىدى:

سىلەر بۇ ئۆلكىلىك كېڭەش، مۇستەملىكىلىك كېڭەش، باش كــېڭەش، مىللىي كېڭەش دىگەن چەكسىز كېڭەشلەرنىڭ يىغىنى ئــارقىلىق نىمىنــى ھەل قىلماقچى، جانابلار؟ سىلەر بۇنداق كېڭەشلەردىن يەنە ئۈچ ـ تۆتنى چاقىرىش بىلەنمۇ مەسىلىنى ھەل قىلالامسىلەر، زادى؟

قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق لەنىتــى يىغىــن!ــ دەپ ۋارقىرىــدى گېنېــرال دې رۇۋرى مۇشتۇمى بىلەن جوزىنى ئۇرۇپ، ــ مەن بۇنداق ئالا ـ توپىلاڭدىن كــۆرە، يىگىرمە تۆت ديۇملۇق زەمبىرەكتىن ئــوق ئۈزۈشــنى ئەۋزەل كــۆرگەن بــولاتتىم! خۇددى ئىككى چەۋەنداز بەسلىشىپ ئــات چاپتۇرغانــدەك، بىــر ـ بىــرى بىــلەن بەس ـ بەســـتە گەپ تالىشـــىدىغان، رىقابەتلىشـــىدىغان بۇنـــداق يىغىنىنـــى ئېچىشنىڭ نىمە ھاجىتى بــار؟ نىمــگە قــاراپ تۇرىســىز، جانــابىي ۋالــىي، ھەر ئىككىلا كېڭەشــنىڭ يىغىنىنــى چاقىرىۋېرىــڭ. مەن ئــۇلاردىن ئىككــى ئەتــرەت ئەسكەر تۈزۈپ نىگىرلارغا قارشــى جەڭــگە ئەۋەتەي، قېنــى، كــۆرۈپ باقــايلى. ئۇلارنىڭ مىلتىقلىرى ھازىرقى ۋارقىراش ـ جاقىراشلىرىدەك جاراڭلامدىكىن!

بــۇ قــاتتىق رەددىــيە ســۆزىدىن كېــيىن، گېنېــرال يېنىــدا ئولتۇرغــان كىشــگە قارىدى (بۇ مەن ئىدىم) ۋە ئاستا شۇنداق دىدى:

سان ـ دومىنگوغا فرانسىيە پادىشاسى تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بــۇ ۋالىيغــا ۋە بىر ـ بىرىنى ئالىي ھاكىمىيەت دەپ ھېسابلىشىۋاتقان بــۇ ئىككــى كېڭەشــكە نىمە قىلىشنى تاپشۇرىسىز؟ بۇ مەمەدانىلەر خۇددى فرانســىيىدىكىگە ئوخشــاش بۇ يەردىمۇ ھەممە ئىشنىڭ بېلىگە تېپىدىغان ئوخشايدۇ. ئەگەر مەن پادىشــاھ ۋارىســى بولــۇش شــەرىپىگە ئــىگەن بولغــان بولســام، بــۇ بىكــار تەلەپلەرنىــڭ كــۆتىگە تەپــكەن بــولاتتىم! ئۇلارغــا شــۇنداق دىــگەن بــولاتتىمكى، «پادىشــاھ تەختىـــدە ئولتۇرىۋېرىـــدۇ، مەن بولســـام ھەممىنـــى باشـــقۇرۇۋېرىمەن!» بـــۇ شــەيتانلارنى، ئــالا ـ تــوپىلاڭچىلارنى خەلــق ۋەكىللىــرى ئالدىــدا جاۋابكارلىققا

تارتىپ، بۇلارنى ئۆتمۈشتە مۇشۇنداق قاراقچىلار ياشىغان تاشپاقا ئارىلىغا قوغلىۋېتىشكە ئۇلۇغ ليۇدۋىك نامىدىن قەسەم ئىچكەن بولاتتىم! مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئەستە تۇتۇڭ. ياش يىگىت. «پەيلاسوپلار»، «فلانتروپلار» نىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى. ئۇلار بولسا، «نېگىر نەسلى» دېگەن ئۇقۇمنى يەر يۈزىگە يامرىتىۋەتتى. بۇ ئۇقۇم هازىرغا قەدەر «ئاق تەنلىك» دەپ ئاتىلىپ كەلگەن ۋە لاتىنچە ياكى يۇنانچە سۆزلەر ئىچىدىن ئۆزلىرى ئۇچۇن باشقا بىرەر ياخشىراق ئاتالما تاپالماي يۈرگەن كىشىلەرنىڭ تويمىغۇر نەپسىنى كېڭەيتىۋەتتى. فرانسىيەدە ھەممىنى مەستانە قىلغان لىبراللىق كۆز قاراشلار ـ بۇ ئىسسىق ئىقلىم ئۇچۇن بىر زەھەر. نېگىرلارغا ئېھتىياتلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش كېرەك ئىدى. شۇنداق قىلغاندىلا، ئۇلار ھازىرلا ئازاتلىقنى تەلەپ قىلىشقا تەقەززا بولمىغان بولاتتى. بۇگۈنكى كۈندە ـ سىلەر سان ـ دومىنگودا ئۇچرىغان بۇ پاجىئەلەرنىڭ ھەممىسى «ماسساك» لار كۆلۈبى تەرىپىدىن بىخ سۈرۈپ چىققان، قۇللارنىڭ قوزغىلاڭلىرىمۇ باستىلىيە تەسلىمچىلىكىنىڭ ئەكس ساداسى.

بۇ پىشقەدەم جەڭچى قىسقا بولسىمۇ ئۆزىنىڭ سىياسىي كۆز قارىشى توغرىلىق ماڭا قەتئىي ۋە سەممىي ھالدا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا، كەسكىن جاڭجاللار داۋام قىلىۋاتاتتى. مۇستەملىكىچىلەرنىڭ كىچىكرەك بىر گۇرۇھىغا مەنسۇپ بولغان بىر مۇلۇكدار «ئىنقىلابىي قىزغىنلىق» بىلەن سۆزلەپ، بىر نەچچە قېتىملىق قانلىق باستۇرۇشلارغا رەھبەرلىك قىلغانلىقىنى ۋە شۇندىن بۇيان ئۇنى «پەخرى گېنىرال» دەپ ئاتىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇنداق دېدى:

ئولتۇرۇش ـ جەڭ قىلىشتىنمۇ مۇھىم! خەلق قانلىق باستۇرۇشنىڭ ئۆلگىسىنى كۈتمەكتە. نېگىرلارنى قورقۇشقا مەجبۇر قىلىش كېرەك. مەن ئەللىك نەپەر قۇلنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئۆيۈمگە كىرىدىغان يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى خورمىلارغا ئېسىپ قويۇش ئارقىلىق ئىيۇن، ئىيۇل ئايلىرىدىكى قوزغىلاڭنى تىنجىتقان ئىدىم. ھەممەيلەننىڭ مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. كېلىڭلار، قولىمىزدىكى ھەممە نېگىرنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، قالغانلارنىڭ شەھەرگە باستۇرۇپ كىرىشىدىن مۇداپىئە كۆرەيلى!

قانداق ئادەم سىز! نىمە دېگەن ئېھتىياتسىزلىق بۇ! ـ دېگەن ئاۋاز ھەممە تەرەپتىن ئاڭلاندى.

سىلەر مېنى چۆشەنمەيۋاتىسىلەر، ئەپەندىلەر، ـ دېدى «پەخرى گېنېرال» ـ بىز پىكۇلى پورتىدىن تارتىپ قاراكول تۇمشۇقىغىچە بولغان جايلارغا نېگىرلارنىڭ كاللىسىدىن قورغان سوقماق، ئۇلارنىڭ قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن يولداشلىرى قورقۇپ بىزگە چېقىلالمايدۇ. بۇنداق جىددىي ۋاقىتلاردا ئومۇمىي مەنپەئەت ئۈچۈن ئاز ـ تولا قۇربان بەرمەي بولمايدۇ! مانا، بىرىنچى بولۇپ مەن قۇربان بېرىمەن: مېنىڭ قولۇمدا قوزغىلاڭغا قاتناشمىغان بەش يۈز نېگىر بار. مەن ئۇلارنىڭ جېنىنى قۇربانلىققا ئاتىدىم!

ھەممەيلەن بۇ قەبىھ تەكلىپتىن سەسكىنىپ كەتتى، «نىمە دېگەن رەزىللىك بۇ! نىمە دېگەن ئىنساپسىزلىق بۇ ـ ھە!» دېگەن ئاۋازلار ئاڭلاندى.

بۇنداق چارە ـ تەدبىر ھەممە ئىشنى ۋەيران قىلىدۇ! ـ دېدى باشقا بىر مۇستەملىكىچى، ـ ئەگەر سىز ئېيۇن، ئېيۇل ئايلىرىدىكى ئىسيانىنى باشقۇرۇشتا ئانچە قىينالمىغان بولسىڭىز، دېمەك، سىز پالتا بىلەن باش كېسەلەيدىغان ئۇستا جاللات ئىكەنسىز!

«پەخرى گېنېرال» رەنجىگەندەك بىر نەچچە مىنۇت جىم بولۇپ قالدى ـ دە، كېيىن زەردە بىلەن سۆزگە كىرىشىپ شۇنداق دېدى:

ئەمما، لېكىن مەن شۈبھىلىك ئادەم ئەمەس. مېنىڭ نۇرغۇنلىغان نېگىر نەسلى تەرەپدارلىرى بىلەن مۇناسىۋىتىم بار، مەن فرانسىيەدىكى برىبىسو ۋە دې پوم ـ گۆز بىلەن، ئەنگلىيەدىكى گانىس سىلا ئۇن بىلەن، ئامېرىكىدىكى مىگىۋۋو بىلەن، گېرمانىيەدىكى پېتسىلىم، دانىيەدىكى ئالىۋاررىئۇس، شۋېتسىيەدىكى ۋادىستىرېم، گوللاندىيەدىكى پېتىر، پاۋىلىيۇس ئىسپانىيىلىك ئاۋنىدانئو ۋە ئىتالىيىلىك پېتروتامبورنى ھەزرەت قاتارلىقلار بىلەن خەت ـ ئالاقە قىلىشىپ تۇرىمەن!

يۇقۇرىدىكى نېگىر نەسلى تەرەپدارلىرى بولغان مەشھۇر شەخسلەرنىڭ نامىنى ئاتىغانسىرى ئۇنىڭ ئاۋازى تېخىمۇ كۆتۈرىلىشكە باشلىدى، ئاخىرى:

ئەمما، بۇ يەردە پەيلاسوپلار يوق! ـ دەپ ۋارقىراپ سۆزىنى تۈگەتتى.

ۋالىي ئۈچىنچى قېتىم سۆزلەپ، ھەركىمنىڭ ئۆز پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشىنى تەلەپ قىلدى.

مۆھتەرەم ۋالىي، ـ دېدى كىمدۇر بىرى، ـ مېنىڭ مەسلىھەتىم مۇنداق: ھەممىمىز مېڭىش ئالدىدا تۇرغان «لېوپارد»ناملىق كېمىگە چۈشەيلى ـ دە، كېتەيلى!

بۇكماننىڭ كاللىسى ئۇچۇن مۇكاپات بەلگىلەيلى، ـ دەپ تەكلىپ قىلدى يەنە بىرى.

ھەممە ئەھۋال توغرىسىدا يامايكا ۋالىيسىغا خەۋەر قىلايلى، ـ دېدى ئۈچىنچى بىرى.

خەۋەر قىلساق، ئۇ يەنە بىزنى زاڭلىق قىلىپ، قوغدىنىش ئۈچۈن بەش يۈز مىلتىق ئەۋەتىپ بەرگەن بولاتتى، ـ دەپ قىستۇردى ئۆلكىلىك كېڭەشنىڭ بىر ۋەكىلى، ـ جانابى ۋالىي، فرانسىيىگە خەۋەرچى كېمە ماڭغۇزۇڭ، جاۋاب كەلگۈچە كۈتۈپ تۇرايلى!

كۈتۈپ تۇرايلى؟ شۇمۇ گەپمۇ! ـ دەپ كەسكىن رەت قىلدى بۇ پىكىرلەرنى جانابى دې رۇۋرى، ـ نېگىرلارمۇ كۈتۈپ تۇرامدۇ؟ ئاللىقاچان شەھەرگە تۇتاشقان يانغىنمۇ كۈتۈپ تۇرامدۇ؟ جانابى دې تۇزار، ھەربىي ھالەت ئېلان قىلىشقا بۇيرۇق بېرىڭ، زەمبىرەكلەرنى ئېلىپ، چەۋەندازلارنى ۋە ئوقچىلارنى باشلاپ، قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئاساسىي كۈچلىرىگە قارشى جەڭ قىلىڭ! جانابىي ۋالىي، شەرقىي رايونلاردىكى لاگىرلارنى بۇزۇپ تاشلاشقا بۇيرۇق بېرىڭ. تېررو ھەم ۋالىيىرلاردىكى پوسىلارنى تولۇقلاڭ. مەن دوفېن پورتى ئەتراپىدىكى ۋادىلارنى قوغداشنى ئۆز ئۈستۈمگە ئالىمەن. ئۇ يەرگە ئىستىھكام ياسىتىمەن. مېنىڭ بوۋام نورماند پولكىنىڭ پولكوۋنىكى بولۇپ، مارشال ۋوبانىنىڭ قول ئاستىدا ئىشلىگەن. مەن ئۆزەممۇ قۇللار ۋە بىزولارنىڭ ھەربىي تەلىماتىنى ئۆگەنگەن. بۇ ئەلنى مۇداپىئە قىلىش جەھەتتە مەلۇم تەجرىبەممۇ بار. بۇنىڭ ئۈستىگە بىر تەرىپى دېڭىزغا، يەنە بىر تەرىپى ئىسپانىيە تەۋەسى چېگرىسىغا تۇتىشىدىغان دوفېن ۋادىسى خۇددى يېرىم ئارالغا ئوخشايدۇ. بۇ جاي تەبىئىي تۈزۈلۈشى جەھەتتىن مۇداپىئەگە ناھايىتى قولاي، مول بېرىم ئارىلىمۇ شۇنداق، بۇ قولاي شارائىتلاردىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت بېرىپ بارىمىز!

**15**

بۇ پىشقەدەم جەڭچىنىڭ ئاقىلانە ۋە ئىشەنچلىك نۇتقى بارلىق تارتىش ـ تارتىشنى بىردىنلا جىمىقتۇرۇۋەتتى. گېنېراللىنىڭ ئېيتقىنى ناھايىتى توغرا ئىدى. بۇ پاراسەتلىك كىشىنىڭ ياخشى مەسلىھەتى ھەممەيلەننى قايىل

قىلدى. ۋەلىي مىننەتدارلىق بىلەن جانابىي رووزىنىڭ قولىنى قىستى ۋە بۇ باتۇر گېنېرالنىڭ مەسلىھەتى گەرچە بۇيرۇق تەرىقىسىدە بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇنى ئۇلۇغۋار ياردەم، قىممەتلىك مەسلىھەت دەپ چۈشىنىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. قالغان مۇستەملىكىچىلەر گېنېرال تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان تەكلىپنى دەرھال ئىجرا قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى.

پەقەت بىر-بىرىگە دۈشمەن بولغان ئىككى كېڭەشنىڭ ئىككى ۋەكىلى كۆپچىلىكنىڭ پىكرىگە قوشۇلمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇلار ئۆز ئورۇنلىرىدا جىم ئولتۇرۇپ «بۇ ھۆكۈمەت ئىشىغا چات كىرىۋېلىش»، «ئويلىماي قارار چىقىرىش»، «بۇ قالتىس نازۇك ئىش» دېيىشىپ، غۇدۇڭشىپ قېلىشتى.

مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، جانابىي دې بلانشلاندىن تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتكەن بۇيرۇقنى ئالدىم-دە، ئۆز ئەسكەرلىرىمنى باشلاپ، دەرھال ئاكيۇلغا قايتىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتىم. مەندىن باشقا ھەممىسى ناھايىتى چارچىغان ئىدى، مەن تېخى تىمەن ئىدىم.

تاڭ يورۇشقا باشلىدى. مەن مەشق مەيدانىغا بېرىپ، يېشىل ۋە قىزىل كىيىملىك چەۋەندازلار بىلەن ئارىلىشىپ ئۇخلاۋاتقان ئۆز ئەسكەرلىرىمنى ئويغىتىشقا كىرىشتىم. بۇ يەردە شەھەر ئەتراپىدىن قېچىپ يۈرگەن مۇستەملىكىچىلەر ھەرخىل يۈك - تاقلىرى ۋە مال - ۋارانلىرى ئارىسىدا ئۇخلىشىۋاتاتتى. مال-ۋارانلار مەرىشىپ-مۆرىشىپ تۇراتتى.

شاۋقۇن-سۈرەن ئىچىدە ئۆز ئەسكەرلىرىمنى بىر - بىرلەپ ئويغىتىپ بىر جايغا توپلاۋاتاتتىم. تۇيۇقسىز بىر يېشىل كىيىملىك چەۋەندازنىڭ بىزگە قاراپ بولۇشىچە ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ چىلىق-چىلىق تەرگە چۆمگەن، ئۈستى-بېشى توپا-چاڭغا كۆمۈلگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ يۈگۈردۈم. ئۇنىڭ ھاسىراپ تۇرۇپ ئېيتقان بىرنەچچە ئېغىز سۆزىدىن شۇنداق بىر دەھشەتنى چۈشەندىمكى، مېنىڭ ئەندىشىلىرىم ئورۇنلۇق بولۇپ چىقتى: قوزغىلاڭ ئاكيۇل ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەن. نېگىرلار گالبىفى پورتىنى قورشىۋالغان. پىدائىيلار بىلەن مۇستەملىكىچىلەر بۇ يەردە سولىنىپ قالغان. سىلەرگە شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، گالبىفى پورتى ئەتراپىغا سوقۇلغان سېپىل ئۇنى زادىلا قوغداپ قالالمايتتى. سان-دومىنگودا ھەربىر توپىلىك «پورت» دەپ ئاتىلاتتى.

دىــــمەك، بىـــر مىنۇتنىمـــۇ بوشـــقا ئۆتكۈزۈشـــكە بولمـــايتتى. مەن ئەسكەرلىرىمنىڭ ھەممىسىنى ئاتلاندۇردۇم (ئۇلار ئۈچۈن يېتەرلىك ئاتلارمۇ تېپىلغان ئىدى) ۋە ئاتلارنى يۈرتۈپ، ئەتىگەن سائەت ئۈندا تاغامنىڭ يەر - مۈلكىگە يېتىپ كەلدۇق.

كۆزۈمگە ئىشىنەلمەي قالدىم: پايانسىز مۇنبەت ئېتىزلار چەكسىز ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان، قويۇق ئىس پۈتۈن يەر-جاھاننى قاپلاپ كەتكەن، ئىگىز دەرەخلەر تاكى ئۈچىغىچە چۇچۇلا بولۇپ كۆيۈپ، ئوت ئۇچقۇنلىرى شامالدا پۈتۈن ئەتراپقا ئۇچقۇن چاچماقتا ئىدى. يانغىننىڭ دەھشەتلىك گۈركىرىشى، پاراسلىغان ئاۋازلار گويا ئۇزاق سەپەرگە كېتىۋاتقان نىگىرلار توپىنىڭ ھۆكىرىگەن ئاۋازىدەك تۇيۇلاتتى. گەرچە بىز ئۇلارنى كۆرمىگەن بولساقمۇ، ئۇلار بۇ يەرلەرنى خانىۋەيران قىلىۋەتكەن ئىدى. ماڭا تەئەللۇق مال-دۇنيانىڭ ۋەيران بولغانلىقى زادىلا خىيالىمغا كىرىپ چىققىنى يوق. مېنىڭ پىكىرىمنى پەقەت بىرلا نەرسە ئىگەللىگەن ئىدى. ئۇ بولسىمۇ مارىنى قۇتقۇزۇش، نىمە بولسا بولسۇن، مارىنى قۇتقۇزۇۋالالىسىلا بولاتتى. مەن ئۇنىڭ پورتتا ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ بېرىشقا نىسىپ قىلىشنى خۇدادىن تىلەپ يولغا راۋان بولدۇم. ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈمىدى مېنىڭ ئەندىشىلىك كۆڭلۈمگە مەدەت بېرىپ، ماڭا خۇددى شىردەك كۈچ-غەيرەت بېغىشلىدى.

ناھايەت، يولنىڭ بۇرۇلۇشىدىن ئۆتكەندە گالىفى پورتى كۆرۈندى. ئۇنىڭ ئۈستىدە ئۈچ خىل رەڭلىك بايراق لەپىلدەپ تۇراتتى. پورتنىڭ تاملىرى مىلتىق ئوقلىرىدىن ئۆتمە-تۆشۈك بولۇپ كەتكەن. مەن خۇشاللىقىمدىن ۋارقىرىۋەتتىم، «ئاتلار چاپتۇرۇلسۇن!»، «تىزگىنىنى قويۇۋېتىپ ئاتلارنى دېۋىتىڭلار!» دەپ ۋارقىرىدىم يولداشلىرىمغا.

بىز ئېتىزلار ئارقىلىق ئاتلارنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، پورتقا قاراپ ماڭدۇق. ئېتىزلىقلارنىڭ بىر چېتىدە تاغامنىڭ ئۆيى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆي تېخى تامامەن بۇزۇلۇپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قىپ-قىزىل يانغىن شولىسىدا پارقىراپ تۇراتتى. ئىشىك-دېرىزىلىرى بۇزۇلغان ئىدى.

شامال دېڭىز تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقانلىقى ۋە ئۆي ئېتىزدىن چەترەك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆيگە ئوت يېتىپ كېلەلمىگەن ئىدى.

ئۆيدە ئىستىهكام قۇرۇۋالغان نۇرغۇن نېگىرلار ھەممە دەرىزىلەردىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەزىلىرى ئۆگزىگە چىقىۋېلىشقان. يانغىن شولىسىدا پالتا، جوتۇ، نەيزىلەر پارقىراپ كۆرۈنەتتى. پۈتۈن ئەتراپتىن ملتىق ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى ـ نېگىرلار پورتقا قارىتىپ توختىماي ئوق ئېتىۋاتاتتى. شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقتتا، ئۇلاردىن پورتنى قورشاپ تۇرغان بىر قىسمى تاملارغا يامىشىپ كۆرۈپ، چىقالمىغاندىن كېيىن، شوتىلارنى قويۇپ، ئۆملەپ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە تىرىشىۋاتاتتى. سېرىق توپىلىق تاملارغا يامىشىپ چىقىۋاتقان نېگىرلار يىراقتىن خۇددى تاشپاقىغا ئولاشقان چۈمۈلىلەرگە ئوخشاش كۆرۈنەتتى. قارىماققا، بىردەك قىمىرلاۋاتقان بۇ «چۈمۈلە» لەر بىر ئامال قىلىپ ئۇنى تەۋرىتىشى، زىلزىلىگە كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى.

مانا، بىز پورت ئەتراپىدىكى بىرىنچى تۆپىلىككە يېتىپ كەلدۇق. مەن پورت ئۈستىدە لەپىلدەپ تۇرغان بايراقتىن كۆزۈمنى ئۈزمىدىم ۋە ئۆز ئەسكەرلىرىمگە مۇھاسىرىدە قالغان ئائىلىنى قۇتقۇلدۇرۇش ئىزنىڭ بۇرچىمىز ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، رىغبەتلەندۈردۈم. ئەسكەرلەر مېنىڭ سۆزۈمگە بىر ئېغىزدىن قوشۇلۇپ ۋارقىراپ جاۋاب بېرىشتى. مەن ئۆزەمنىڭ بۇ كىچىك ئەترىتىمدىن سەپكە تۇرغۇزۇپ پورتنى قورشىۋالغان نېگىرلار توپىغا قاراپ ھۇجۇم قىلىش ئۈچۈن سىگنال بېرىشكە تەييارلاندىم.

شۇ پەيتتە پورت ئىچىدىن دەھشەتلىك چىقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى: پۈتۈن قورغاننى قويۇق ئىس ـ تۈتەك قاپلىدى. بۇقسۇپ چىققان تۈتۈن بىرئاز ۋاقىت تامنى تورىۋالدى ۋە خۇددى چوڭ مەشتە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. تۈتۈن تارالغاندىن كېيىن بىز گالىپقى پورتنى ئۈستىدە قىزىل بايراقنىڭ لەپىلدەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق! ئەمدى ھەممە ئىش تۈگىگەن ئىدى.

بۇ پاجىئەلىك كۆرۈنۈش مېنى قانداق ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى سىلەرگە تەسۋىرلەپ بېرەلمەيمەن. پورت قولدىن كەتكەن. ئۇنىڭ قوغدىغۇچىلىرى مەغلۇپ بولغان. يىگىرمە ئائىلىلىك بوغۇزلاپ تاشلانغان ئىدى! ئەمما، ئوچۇغىنى ئېيتسام، بۇ بالا ـ قازالار ماڭا قىلچە تەسىر قىلمىدى. پەقەت مارىنى يوقىتىش مەن ئۈچۈن ئازاپ ئىدى! ماڭا بەكمۇ ئەلەم قىلغىنى شۇ ئىشكى، مەن مارى بىلەن توي قىلىپ، ئارىدىن بىرنەچچە سائەت ئۆتە ـ

ئـۆتمەيلا ئـۇنى يوقتتـىپ قويغـان ئـىدىم! ئـۇنى يوقتتـىپ قويۇشـقا ئـۆزەم سەۋەبچى بولدۇم، ئەگەر مەن ئۆتكەن كېچە تاغامنىـڭ بـۇيرۇقىنى ئـورۇنلاش ئۈچـۈن مـارىنى تاشـلاپ كاپقا كەتمـىگەن بولسـام، بـىر ئامـال قىلىـپ ئـۇنى ساقلاپ قالالايتتىم، ھېچبولمىغانـدا، ئۇنىـڭ ئالدىـدا ئـۆلگەن بـولاتتىم ياكى ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆلگەن بولاتتىم-دە، بۇنداق ھىجرانغا يولۇقماس ئىدىم! بۇ ئاچچىق ھەسرەت مېنى ھوشۇمدىن كەتكۈزدى. قايغۇ-ئەلەمـگە ۋىجـدان ئازابى كېلىپ قوشۇلدى.

شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ غەزەپلەنگەن يولداشلىرىم شىددەت بىلەن «ئىنتىقام! ئىنتىقام!» دەپ ۋارقىراشتى. بىز قىلىچلىرىمىزنى چىشلەپ، تاپانچىلىرىمىزنى قولغا ئېلىپ، غەلىبە قازانغان تويلاڭچىلار تويىغا قـاراپ ئېتىلـدۇق. گەرچە نىگىرلار بىزگە قارىغاندا خېلـى نۇرغـۇن بولسـىمۇ، بـىز يېقىـنلاپ كېلىشـىمىز بىلەنـلا قېچىشـقا باشـلىدى. شـۇنداق بولســىمۇ، بــىز ھەمــمە تەرەپــتىن-ئـارقىمىزدىمۇ، ئالـدىمىزدىمۇ ئۇلارنىـڭ ئـاق تەنلىكلەرنـى قىرىـپ، پـورتنى كۆيدۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇراتتۇق. بۇ رەزىللىك ئالدىدا غەزىپىمىز تېخىمۇ ئۆرلىدى.

پورتتىن چىقىدىغان مەخپىي ئىشىك ئالدىغا كەلگەندە، تادې يولۇقتى، ئۇ تامامەن يارىلانغان ئىدى.

جانـابىي كاپىتـان،-دېـدى ئـۇ،-ھېلىقـى پېپىـرو دېـگەن ھەقىقـىي جادىگەر، سېھرىگەر ئىكەن. ئۇ نەق شـەيتاننىڭ ئـۆزى ئىـكەن! بـىز پـورتنى جان تىكىپ مۇداپىئە قىلدۇق-دە، سىلەر ۋاقتىدا يېتىپ كەلگەن بولساڭلار، بەلكى، قۇتۇلۇپ قالاتتۇق، تۇيۇقسىز پېپىرو پورتتا پەيدا بولۇپ قالدى. نىمە بولغىننىنى بىلمەي قالدىم، كۆردىڭىزمۇ، پۇرسەت قولدىن كەتتى! سىزنىڭ تاغىڭىز، ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە مارى خېنىم....

مـارى!-دەپ ۋارقىـراپ سـالدىم مەن ئۇنىـڭ سـۆزىنى بۆلـۈپ، - مـارى قەيەردە؟

شۇ ئەسنادا كۆيۈۋاتقان قاشا تەرەپتىن ئېگىز بويلۇق بىر نىگىر يۈگۈرۈپ چىقتـى، ئـۇ بـىر قولـىدا يـاش ئايـالنى يېـتىلەپ كېتىۋاتـاتتى. ئايـال بولسـا ۋارقىراپ تارتىشىپ تۇراتتى. بۇ ياش ئايال مارى، نىگىر بولسا پېپىرو ئىدى!

خائىن!-دەپ ۋارقىرىدىم مەن ۋە ناگاننى ئۇنىڭغا قاراتتىم. شۇ پەيتتە بىر قوزغىلاڭچى يۈگۈرۈپ كېلىپ پېپىرونى توسىۋالدى. ئـوق ئـۇنى يىقىتتـى.

پىيىرو ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى-دە، بىر نىمىلەرنى دەپ ۋارقىرىغاندەك بولدى. كېيىن ئۇلجىسىنى يېتىلەپ، كۆيۈۋاتقان شىكەر قومۇشلۇققا كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چوڭ بىر ئىت ئاغزىدا بۆشۈكنى چىشلەپ، يۈگۈرگەن پېتى قومۇشلۇققا كىرىپ كەتتى. بۇ بۆشۈكتە تاغامنىڭ بوۋاق ئوغلى بۆلەكلىك ئىدى. مەن ئىتنىمۇ تونىدىم. بۇ ئاشۇ راسك ئىدى! دەرغەزەپ بولۇپ، ئۇنىڭغا قارىتىپ ئىككىنچى قېتىم ئوق ئۈزدۈم، ئەپسۇسكى، ئوق تەگمىدى.

مەن ئۆزەمنى يوقاتقان هالدا ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدىم. لېكىن، ئىككى كېچە ئۇيقۇسىز، ئاچ-زارىن يۈگۈرۈپ يۈرۈش، مارىنىڭ قايغۇسى، ئەمدىلا يېتىشكەن بەختتىن بىردىنلا بەختسىزلىككە دۇچ كېلىش نەتىجىسىدە تارتقان چەكسىز روهىي ئازاپ مېنىڭ دەرمانىمنى قۇرۇتقان ئىدى! مەن هەم روهىي هەم جىسمانىي جەهەتتىن قاتتىق هالسىزلانغان ئىدىم، بىر نەچچە قەدەمدىن كېيىن دەلدەڭشىپ، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى-دە، بىهۇش بولۇپ يىقىلدىم!

مەن تاغامنىڭ ۋەيران بولغان ئۆيىدە، سابىق دوستۇم تادىپنىڭ قولىدا هوشۇمغا كەلدىم. تادىي بىئارام بولۇپ ماڭا قاراپ تۇراتتى.

-غەلىتە!-دەپ ۋارقىرىدى ئۇ مېنىڭ نەپەس ئېلىۋاتقىنىمنى كۆرۈپ،-نىگىرلار قاچماقتا، كاپىتان هايات!

مەن ئۇنىڭ بۇ خۇشال ۋارقىرىشىنى بۆلۈپ، ئۇنىڭدىن يەنە سورىدىم: مارى قەيەردە!

مەن تېخى پۈتۈنلەي ئۆزەمگە كېلەلمىگەن ئىدىم. ئاز-تولا هوشۇم بولسىمۇ، لېكىن بېشىمغا چۈشكەن بۇ چوڭ كۈلپەتنى ئېنىق تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. تادىي بېشىنى تۆۋەن ئەگدى، ئۇنىڭ بۇ هالىتى يۈز بەرگەن هادىسىلەرنى ئېسىمگە چۈشۈردى: مەن تويىمىز بولغان ئاشۇ دەهشەتلىك كېچىنى، مارىنى قۇچاقلاپ ئوت دېڭىزى ئىچىگە ئەكىرىپ كەتكەن هېلىقى ئېگىز بويلۇق نىگىرنى ئەسلىدىم. كۆز ئالدىمدا مۇدهىش بىر مەنزىرە گەۋدىلەندى.

پۈتۈن مۇستەملىكىنى ئوت يانغىنغا ئايلاندۇرۇپ، بىردىنلا پارتلاپ چىققان ۋە ئاق تەنلىكلەرگە ئۆزلىرىنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى كۆرسەتكەن بۇ مۇدهىش قۇللار دۇنياسى ئىچىدە مەن ئۈچ قېتىم

ئۆلۈمىدىن قۇتقۇزۇپ قالغان ئاشۇ ئالىيجاناپ، ئاقكۆڭۈل ھەم سەممىي پىيرونى كۆردۈم، ئۇ ماڭا ئەمدى ئەشەددىي خائىن، ياۋۇز رەقىپ ئىدى، تويىمىز بولغان بىرىنچى كېچىسىلا سۆيۈملۈك رەپىقەمنىڭ ئوغرىلاپ كېتىلىشى ماڭا شۇ نەرسىنى ئىسپاتلاپ كۆرسەتتىكى، مەن ئۆتكەندە گۇمانلانغان ئورمانلىقتىكى ناخشىچى باشقا بىرسى بولماستىن، بەلكى دەل مارىنى ئوغرىلاپ قاچقان ئاشۇ رەزىل نىگىر ئىدى. مەن بۇنىڭغا ئەمدى جەزمەن ئىشەندىم.

بۇ قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە نىمە دىگەن چوڭ ئۆزگىرىش بولغان-ھە؟

تادىي ماڭا پىيرونى ۋە ھېلىقى ئىتنى قوغلاپ بارغانلىقىنى، لېكىن بۇ بىكار ئاۋارىچىلىق بولغانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، گەرچە نىگىرلارنىڭ سانى كۆپ بولسىمۇ، ئۇلار مىنىڭ ئەترىتىمنى ھېچ قىينالماستىن يوقىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارقىغا چېكىنگەنلىكىنى، بىزنىڭ يەر-زىمىنلىرىمىزنىڭ ھەممىسىگە ئوت قويۇلغانلىقىنى، يانغىن ھازىرمۇ داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى، ئوتنى ئۆچۈرۈشنىڭ زادىلا ئامالى بولمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

مىنى تاغامنىڭ ياتىقىغا باشلاپ كېلىشكەندە، تادىيدىن: تاغامنىڭ نىمە بولغانلىقى ھەققىدە بىرەر خەۋەر بارمۇ؟ دەپ سورىدىم. تادىي ئۈندىمەستىن قولۇمدىن يېتىلەپ تاغامنىڭ كارىۋىتى ئالدىغا باشلاپ كەلدى-دە، كارىۋاتتىكى ياشلىقنى قايرىدى، شور پېشانە تاغام قىپ-قىزىل قانغا بويالغان كۆرپە-تۆشەك ئۈستىدە ئۆلۈك ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆكرىكىدە يۈرىكىگە سانجىلغان خەنجەر تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىكتىن قارىغاندا، تاغامنىڭ ئۇخلاۋاتقاندا ئۆلتۈرۈلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. دائىم تاغامنىڭ كارىۋىتى تۆۋىدە ياتىدىغان چاكار خەببرانىڭ ئورۇن-كۆرپىلىرىمۇ قىپ-قىزىل قانغا بويالغان ئىدى. بۇ بىچارە چاكارنىڭ كارىۋات يېنىغا تاشلاپ قويۇلغان ئالا-بالداق كەمزۇلىدىمۇ قان داغلىرى بار ئىدى.

تاغامنىڭ بۇ داڭلىق چاكىرىنىڭ ئۆز خوجايىنىنى ساداقەتلىك بىلەن قوغداش يولىدا قۇربان بولغانلىقىغا، ئۇنى باشقا قۇللار كېلىپ، تاغامنى قوغدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە شۈبھىلەنمىدىم.

مەن خەببرا بىلەن پىيرونىڭ-بۇ ئىككىيلەننىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا ئالدىراڭغۇلۇق بىلەن خاتا ھۆكۈم چىقارغانلىقىمغا قاتتىق پۇشايمان قىلدىم.

ۋاقىتسىز قۇربان بولغان تاغام ئۆچۈن ئاچچىق يىغلىدىم. تاغامنىڭ سادىق قۇلى-بىچارە مەسخىرىۋاز خەبىرانىڭ ئۆلۈمگە ئېچىنىپ كۆز ياش قىلدىم. خەبىرانىڭ جەسىتىنى تېپىش توغرىلىق بۇيرۇق بەردىم، لېكىن ئۇنىڭ جەسىتىنى تېپىشالمىدى. شۇندىن كېيىن، نىگىرلار خەبىرانىڭ جەسىتىنى ئوتقا تاشلاپ كۆيدۈرۈۋەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، تاغامنىڭ دەپنە مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن ۋاقىتتا، ئۇنىڭ سادىق چاكىرى-خەبىراغىمۇ ماتەم بىلدۈرۈش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردىم.

گالېفى پورتى خانىۋەيران قىلىنغان، بىزنىڭ قورا-جايلىرىمىزدىنمۇ ھېچنەرسە قالمىغان ئىدى. بۇ خارابلىق ئىچىدە داۋاملىق تۇرۇۋېرىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇ ئاخشىملا بىز كاپىقا قايتىپ كەتتۇق.

بۇ يەردە مەن قاتتىق بەزگەك بولۇپ قالدىم. بۇ خەۋپلىك كېسەل جېنىمغا تېگىلىپ كەلگەن ئىدى. مەن ھاياتىمدىن ئۈمىد ئۈزمەي، كېسەلگە قارشى چىقدامىلىق بىلەن كۈرەش قىلغان بولسامۇ، لېكىن ئادەتتىن تاشقىرى ئېغىر كەلگەن بۇ كېسەل مېنى ھالدىن كەتكۈزۈپ، ئۆز چاڭگىلىغا ئالدى. مەن قاتتىق تىترەك ئىچىدە ھوشۇمدىن كېتىپ يىقىلدىم. تەلەيىنىڭ ئالداپ كېتىشى، ۋىسالسىز مۇھەببەت، دوستىنىڭ ۋاپاسىزلىقى، ئىستىقبال، ئارزۇ-ئۈمىدنىڭ بەربات بولۇشى ۋە ھەممىدىنمۇ رەشىك ئازابى قەلبىمنى پەرىشان قىلىۋەتكەن ئىدى! پۈتۈن بەدىنىمدە گويا ئوت كۆيۈۋاتقاندەك، مېڭەم ھېلىلا يېرىلىپ كېتىدىغاندەك ئىدى. يۈرۈگۈم ئاچچىق غەزەپ ۋە ھەسرەت بىلەن تىنىمسىز ئۇرۇپ تۇراتتى. مارىننىڭ يات ئادەمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا قالغانلىقى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ قۇلى بولغان پىيېروننىڭ ئەمدى ئۇنىڭغا خوجايىن بولۇپ تۇرغانلىقى كۆز ئالدىمغا كەلگەندە، ئۆز خۇدۇمنى بىلمەي قالاتتىم. بۇنداق چاغلاردا مېنىڭ كارىۋاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، بېشىمنى تامغا ئۇرماقچى بولغانلىقىمنى ۋە ئالتە ئادەمنىڭ مېنى ئارانلا تۇتۇۋېلىپ كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويغانلىقىنى كېيىنچە باشقىلار ماڭا سۆزلەپ بەردى. ئىسسىت، نېمىشقا شۇ چاغدا ئۆلۈپ كەتمىگەن بولغىيتتىم!

ئەمما، كېسەلنىڭ خەۋپى ئۆتۈپ كەتتى. دوختۇرلارنىڭ داۋالىشى، تادېنىڭ ياخشى غەمخورلۇقى ۋە ياشلىقنىڭ ئاجايىپ ھاياتىي كۈچى ماڭا كۆتكىنىمدەك ئۆلۈمنى سوۋغا قىلىدىغان بۇ دەھشەتلىك كېسەلنى يەڭدى. ئون كۈندىن كېيىن مەن تامامەن ساقىيىپ كەتتىم ۋە ساقايغىنىمغا

ئەپسۇسلانمىدىم. چۈنكى، ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن يەنە مەلۇم ۋاقىت ئۆمۈر كۆرۈدىغانلىقىمغا خوشال ئىدىم. كېسەلدىن ساقىيىپ، بىرئاز قانداقتۇ بىر قورغاننى مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇرماقچى بولدى. ئەمما مەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ قالدۇق قىسىملىرىنى تازىلاش ئۈچۈن ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىلىدىغان پىدائىيلارغا قوشۇپ قويۇشنى تەلەپ قىلدىم.

كاپ خېلىلا مۇستەھكەملەنگەن بولسىمۇ، لېكىن قوزغىلاڭ بارغانسېرى قورقۇنچلۇق ھالدا كېڭەيتمەكتە ئىدى. پورت-ئوپرېنسىدىكى نېگىرلار ئارىسىدا تەۋرىنىش پەيدا بولدى. بىئاسۇ لىمبىي، دونىدون ۋە ئاكيۇلدىكى قۇللارغا قوماندانلىق قىلىۋاتاتتى. ژان فرانسۇئا ئۆزىنى ماربىارۇ ۋادىسىدىكى ئىسيانچىلارنىڭ باش قوماندانى، دەپ ئېلان قىلدى. بۇكمان بولسا، ئۆز شايكىلىرى بىلەن لىمونادې دەرياسى ۋادىسىدا ھەرىكەت ئېلىپ بارماقتا ئىدى (ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇ پاجىئەلىك ئۆلتۈرۈلدى). بۇنىڭ ئۈستىگە، قىزىل تاغ قۇللىرىنىڭ قوزغىلاڭچى باندىسى بيۇگ-ژارگال دېگەن قانداقتۇ بىر نېگىرنى ئۆزلىرىنىڭ داھىيسى قىلىپ سايلىۋېلىشقان.

بۇ داھىينىڭ مىجەزى باشقا قوزغىلاڭچىلار رەھبەرلىرىنىڭ زالىم تەبىئىتىدىن ئالاھىدە پەرقلىق ئىكەن، دېگەن گەپ-سۆزلەر تارالغان ئىدى. ئۇ ۋاقىتلاردا بىئاسۇ ۋە بۇكمانغا ئوخشاش قوزغىلاڭ رەھبەرلىرى قولغا چۈشكەن مىڭلىغان ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولسا، بيۇگ-ژارگال ئاق تەنلىك ئەسىرلەرگە ئارالدىن كېتىش ئىمكانىيىتىنى تۇغدۇرۇپ بەرگەن. بۇكمان ۋە بىئاسۇلار دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئىسپانىيە كېمىلىرى بىلەن كېلىشىم تۈزۈپ، ئارالدىن قېچىپ كەتكەن بەختسىز ئاھالىنىڭ مال-مۈلۈكلىرىنى سېتىش بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، بيۇگ-ژارگال بۇ قاراقچىلار كېمىسىدىن بىر نەچچىنى غەرق قىلىۋەتكەن. بۇكماننىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىيناش چىغرىقىغا باغلانغان جانابى كلوددىي-مېنىي باشلىق يەنە نەپەر مۇستەملىكىچىسى بيۇگ-ژارگالنىڭ بۇيرۇقى بىلەن قىيناقتىن ئازاد قىلىنغان. بيۇگ-ژارگالنىڭ مۇنداق ئادالەتلىك ھەرىكىتىنى ئىسپاتلايدىغان مىڭلاپ ھادىسىلەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن بولسىمۇ، بىراق بۇلارنى بىر-بىرلەپ ساناپ چىقىش ئۈچۈن خېلى ۋاقىت كەتكەن بولاتتى.

مەندىكى ئىنتىقام ئېلىش ئۈمىدى پات ئارىدا ئەمەلگە ئاشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى: مەن پېيىرو ھەققىدە ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىغان ئىدىم.

بىئاسۇ قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار كاپىنى مالىمان قىلماقتا ئىدى. بىر قېتىم ئۇلار كاپىنىڭ يۈرىكى ھېسابلىنىدىغان ئېگىزلىكنى قولغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ، لېكىن قورغاندىكى چوڭ زەمبىرەكلەر ئۇلارنى ناھايىتى تەسلىكتە چېكىندۈرگەن. ۋالىي ئۇلارنى ئارالنىڭ ئىچكى قىسمىدىن قىستاشنى قارار قىلدى. ئاكىيول، لىمبېي، ئۇئانامېنت ۋە ماربارو پىدائىيلىرى، كاپ پولكى ۋە قەيسەر يېشىل-قىزىل كىيىملىك چەۋەندازلاردىن تەركىب تاپقان ھەربىكەتچان ئارمىيە تەشكىل قىلىندى. دوندون ۋە كاتې دوفېن پىدائىيلىرى پونىسئون قوماندانلىقىدىكى پىدائىيلار روتىسى بىلەن تولۇقلىنىپ، ئۇلاردىن شەھەر گارنىزونى تۈزۈلدى.

ۋالىي ھەممىدىن ئاۋۋال بىيوگ-ژارگال قىسىملىرىدىن قۇتۇلماقچى بولدى. ئۇنىڭ ھۇجۇمى ۋالىنى بەكمۇ تەشۋىشلەندۈرەتتى. ئۇ بىيوگ-ژارگال قىسىملىرىغا قارشى جەڭ قىلىش ئۈچۈن ئۇئانامېنت پىدائىيلىرى بىلەن بىركاپ باتالىيونىنى ئەۋەتتى. ئىككى كۈندىن كېيىن بۇ قوشۇن تارماق چولۇپ قايتىپ كەلدى. ۋالىي بىيوگ-ژارگال قىسىملىرىنى يوقىتىش ئارزۇسىدا جاھىللىق بىلەن چىڭ تۇرۇپ، يېڭىلگەن قوشۇننى ئەللىك نەپەر يېشىل كىيىملىك چەۋەنداز ۋە تۆت يۈز پىدائىي بىلەن تولۇقلاپ، ئىككىنچى قېتىم يەنە جەڭگە تاشلىدى. بىيوگ-ژارگال ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇشقان بۇ قوشۇننى ئاۋۋالقىدىنمۇ ئېغىرراق تالاپەتكە ئۇچرىتىپ، كۇكۇم-تالقان قىلىۋەتتى. بۇ ئارمىيە تەركىبىدە ئۇرۇشقا قاتناشقان تادې ناھايىتى غەزەپلەنگەن ئىدى. ئۇ قايتىپ كېلىپ، بىيوگ - ژارگالدىن چوقۇم ئۆچ ئېلىشقا قەسەم ئىچتى.

دې ئوۋېرنەنىڭ كۆزى لىققىدە ياشقا تولدى. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، بىرنەچچە مىنۇت جىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئېغىر خىياللارغا چۆككەن ئىدى. ئاندىن كېيىن سۆزىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

«بىز، بىيوگ-ژارگال قىزىل تاغنى تاشلاپ، قوشۇنلىرىنى ئېلىپ تاغ ئىچى بىلەن بىئاسۇ ئارمىيىسىگە قوشۇلۇش ئۈچۈن كېتىپتۇ، دېگەن خەۋەرنى ئاڭلىدۇق، ۋالىي خۇشاللىقىدىن ئولتۇرالماي كەتتى. «ئۇ ئەمدىن بىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ!» دەيتتى چاۋاك چېلىپ، ئىككىنچى كۈنى مۇستەملىكە ئارمىيىسى كاپتىن چىقىپ يولغا راۋان بولدى. شەھەردىن بىر چاقىرىم نېرىدا بىزنىڭ يېقىنلاپ كېلىشىمىز بىلەن ئالدىراپ-تېنەپ پورت مارگو ۋە پورت گالېفىنى تاشلاپ چىققان قوزغىلاڭچىلارنى كۆرۈپ قالدۇق. بۇ ئورۇنلاردىكى

قوزغىلاڭچىلار قىرغاكتىكى توپچى قىسىمدىن غەنىيمەت ئالغان ئىغىر قورااللار بىلەن قوراللانغان بىر قىسىم مۇھاپىزەتچىلەرنى قالدۇرۇپ، قالغان ئەترەتلىرى بىلەن تاغقا چېكىنگەن ئىكەن. ۋالىي تېخىمۇ خۇشال بولدى. بىز داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىدۇق. ۋەيران بولغان ۋە ھوۋۇلداپ تۇرغان ۋادىلاردىن ئۆتتۇۋېتىپ، ھەممىمىز ئۆز ئېتىزلىرىمىزغا، ئۆي - جايلىرىمىزغا ۋە مال-مۈلۈكلىرىمىزگە ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىر نەزەر تاشلاپ كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتۇق. لېكىن ھە دېگەندە، بۇ نەرسىلىرىمىزنىڭ بۇرۇن قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيتتۇق.

بەزىدە يول بويى چوڭ يانغىنغا دۇچ كېلەتتۇق. ھوسۇللۇق ئېتىزلاردا كۆيۈۋاتقان ئوت ئورمان-توقايلىقلارغا تۇتاشقان ئىدى. مۇنبەت تۇپراقتا، قېلىن ئوت-چۆپلەرگە باي بولغان بۇ ئەلدە ئورماننىڭ كۆيۈشى ئاجايىپ ھادىسە بولۇپ كۆرۈنەتتى-يىراقتىن ياكى كۆز يەتكۈدەك يېقىن جايلاردىن ھەيۋەتلىك شارقىراتمىنىڭ گۈرۈلدىگىنىدەك دەھشەتلىك ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئېگىز دەرەخ ۋە شاخ-پۇتاقلارنىڭ گۈلدۈرلەپ ئۆرۈلۈشى، پاراسلاپ كۆيۈشى، يىلتىزلارنىڭ يەرنى قومۇرۇپ ئۈزۈلۈشىدىن چىققان قورقۇنچلۇق ئاۋازلار بەكمۇ ھەيۋەتلىك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئېگىز ئوت-چۆپلەر ۋاشىلداپ كۆيۈۋاتاتتى. ئورمان ئەتراپىدىكى سازلىقلارنىڭ سۈيى پورۇقلاپ قايناۋاتقاندەك بىلىنەتتى. شامالنىڭ ھۇشقىيتقان ئاۋازى بىلەن يانغىننىڭ گۈركىرىشى قوشۇلۇپ ھۇۋلىغاندەك ئاۋاز چىقىراتتى. بۇ دەھشەتلىك ئاۋازلار ئوتنىڭ كۆيۈشىگە ئەگىشىپ گاھى كۈچىيىپ، گاھى پەسىيىپ تۇراتتى. بەزىدە يىراقتىكى يېشىل ئورمانلىقلار خۇددى تونۇرغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئاسمان پەلەك يالقۇن كۆتىرىلەتتى-دە، كېيىن بىردىنلا قىپ-قىزىل ئوت خۇددى يىلاندەك ۋاشىلداپ كېلىپ، ئورماننىڭ يان تەرىپىدىن تۇتىشاتتى ۋە دەرەخلەر ئارىلىقىدىن ئايلىنىپ ئوت-چۆپلەرگە تۇتىشاتتى. بىردەمدىلا ياپ-يېشىل ئورمانلىق قىپ-قىزىل چوققا ئايلىناتتى. تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن قويۇق ئىس شامال تەسىرى بىلەن ئاستا-ئاستا تۈۋەنلەپ، لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتنى ئورىۋالاتتى. بۇقۇپ تۇرغان تۈتۈن يەنە ھاۋانى قاپلاپ كېتەتتى. قويۇق تۈتۈن بىردەم ئۆرلەپ، بىردەم پەسلەپ، بىردەم تارىلىپ، يەنە قويۇقلىشىپ، قاپ-قارا بۇلۇتقا ئايلىناتتى-دە، ئۇنىڭ قىرغاقلىرى يالقۇن شولىسىدىن

قىزىرىپ كېتەتتى، بىردەمدىلا يەنە گۈرۈلدىگەن ئاۋاز ساداسى ئىچىدە بۇ قىزىللىق ئاقىرىپ كېتەتتى، ئاسمان يۈزىنى قاپلىۋالغان بۇ قارا تۇتەك پەردىدىن مۆلدۈردەك ئوت ئۇچقۇنلىرى يېغىپ، بىردەمدىلا يەر يۈزىنى كۆمۈۋېتەتتى.

ئۇچىنچى كۈنى كېچىدە بىز «ئۇلۇغ دەريا» قىرغىقىغا يېتىپ كەلدۇق. ھەممەيلەن، نېگىرلار بىزدىن يىگىرمە چاقىرىم يىراقتىكى تاغ ئارىسىدا بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشتى.

بىز كىچىكرەك بىر تۆپىلىكتە ئىسپانچىلار قۇرغان لاگىرنى ۋەيران قىلدۇق. قارىشىمىزچە، بۇ يەردە ئىسپانچىلار ئىستىھكام قۇرغاندەك تۇراتتى: بۇ جاي تازىمۇ تىلغىنىپ كەتكەن. تۆپىلىك قوغدىنىشقا ئانچە قولايلىق جاي بولسىمۇ، لېكىن توغرىسىنى ئېيتقاندا، بىزنىڭكىلەر بىغەم بولغاچقا، بۇنى پەرقەلەندۈرۈپ ئولتۇرمىدى. تۆپىلىك قېلىن ئورمان بىلەن قاپلانغان كۆز يەتكۈسىز ئېگىز تاغ چوققىلىرىنىڭ ئارىسىغا جايلاشقانلىقتىن، بۇ يەرگە «مۇلاتلار بۆشۈكى» دەپ ئاجايىپ نام بېرىلگەن. لاگىرنىڭ ئارقا تەرىپىدە «ئۇلۇغ دەريا» شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى، دەريانىڭ بۇ جايدىن ئوتىدىغان ئېقىنى تار ۋە قىستاڭ، ئىككى قىرغىقى تىك ۋە چوڭقۇر ئىدى. دەريا بويى قېلىن توقايلىق بولۇپ، قىرغاق ئۇچۇق كۆرۈنمەيتتى. دەريانىڭ كۆپ جايى ئىككى قىرغاقتىكى تال شاخلىرىغا يۆگىلىپ، چىرمىشىپ كەتكەن يۆگىمەچلەر، ياۋا گۈل ۋە ئوت - چۆپلەر بىلەن پۈركۈنگەن، بۇ يۆگىمەچ ئۆسۈملۈكلەر بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ، بەئەينى گۈللۈك گىلەمگە ئوخشاش جىپلىشىپ، كىشى ھەيران قالغۇدەك ھالدا دەريانىڭ ئۈستىنى يېپىپ تۇراتتى. ئىگىزدىن قارىغان كىشىگە دەريا يۈزى گويا مايسا بولۇپ ئۆسۈۋاتقان چىمەنزارلىققا ئوخشاش كۆرۈنەتتى. پەقەت ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا دولقۇنىدا بۇ چىمەنزارلىقنىڭ كۆتىرىلىپ-پەسىيىپ تۇرۇشىغا ۋە سۇنىڭ شارقىرىغان ئاۋازىغا قاراپلا بۇ يەرنىڭ دەريا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

16

كۆپ ئۆتمەي، پېتىۋاتقان كۈن نۇرى يىراقتىكى دونىدون تاغلىرىنىڭ ئۇچلۇق چوققىسىغا ئالتۇندەك نۇرلىرىنى چاچتى، لاگىرغا بارا-بارا گۇگۇم

چۈشتى. كەچلىك جىمجىتلىق باشلاندى. بۇلبۇللارنىڭ سايرىشى، پوستا تۇرغان جەگچىنىڭ بىر خىل تاشلاۋاتقان قەدەم تاۋۇشى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى.

تۇيۇقسىزلا بىزنىڭ ئۇستىمىزدە «ئۇئا ـ ناس» ۋە «چوڭ دالىدىكى لاگىر» دېگەن قورقۇنچلۇق ناخشا ئاۋازى ياڭراپ كەتتى. قىيا چوققىلار ئۇستىدىكى خورما ـ ئارچا دەرەخلىرى لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى، دەھشەتلىك يانغىن يورۇقىدا ئۇستىمىزدىكى چوققىدا يۈرگەن نېگىر ۋە مۇلاتلارنى كۆرۈپ قالدۇق. ئوت شولىسىدا ئۇلارنىڭ قارامتۇل چىرايلىرى قىپ ـ قىزىل بولۇپ كۆرۈنەتتى. بۇ بىئاسۇ قوماندانلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئىدى.

بىزنى ھالاكەتلىك خەۋپ كۈتۈپ تۇراتتى. قاتتىق ئۇخلاۋاتقان باشلىقلىرىمىز سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، ئۆز ئەسكەرلىرىنى ئويغىتىشقا كىرىشتى. بارابانچى ۋەھىمە مارشىنى ئۇرۇشقا باشلىدى. كانايچىلار سەپ تارتىش كۈيىنى چالدى. ئەسكەرلەر چاققانلىق بىلەن سەپكە تىزىلدى. ئىسيانچىلار بىزنىڭ بۇ ھولۇقۇشىمىزدىن پايدىلىنىپ ھەرىكەت قوللىنىش ئورنىغا ئۆز ئورۇنلىرىدىن قوزغالماي، بىزگە قاراپ ھەدەپ «ئۇئا ـ ناس» ناخشىسىنى ئېيتىۋاتاتتى.

«ئۇلۇغ دەريا» نى قورشاپ تۇرغان چوققىلارنىڭ ئەڭ ئېگىزىدە ئېگىز بويلۇق، گەۋدىلىك بىر نېگىر كۆرۈندى. ئۇ يالغۇز بولۇپ، بېشىغا قادالغان ئۇقىسى چوغدەك پارقىراپ تۇراتتى، ئوڭ قولىدا پالتا، سول قولىدا قىزىل بايراق تۇتۇپ تۇراتتى. مەن بۇ نېگىرنى تونىدىم. ئۇ پيېرو ئىدى! ئەگەر شۇ مىنۇتتا قولۇمدا مىلتىق بولغان بولسا، ئاچچىقىمنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئۇنى ئېتىۋەتكەن بولاتتىم. ئەلۋەتتە، بۇ پەسكەشلىك بولغان بولاتتى. نېگىر «ئۇئا ـ ناس» ناخشىسىنىڭ نەقراتىنى تەكرارلاپ قىزىل بايراقنى چوققىغا قادىدى ـ دە، قولىدىكى پالتىنى بىز تەرەپكە قارىتىپ دېۋەيلىدى ۋە شۇ ھامانلا دەرياغا سەكرىدى. شۇ چاغدا مەن، ھەي، ئەتتەڭ، ئۇ ئەمدى مېنىڭ قولۇمدا ئۆلمەيدىغان بولدى ـ دە! دەپ ئېچىندىم.

بىردىنلا قوزغىلاڭچىلار بىزگە قارىتىپ يوغان ـ يوغان قۇرام تاشلارنى دومىلىتىشقا باشلىدى. بىز تۇرغان تۇپىلىكنى ئوق ۋە ئوقيالار بىلەن كۆمۈۋەتتى. ھۇجۇم قىلغۇچىلار بىلەن يۈزمۇ ـ يۈز تۇتۇشۇشقا ئامالسىز قالغان

ئەسكەرلىرىمىز كۈچسىز ئورۇندا قىلىپ، قۇرام تاشلار ۋە مىس ئوقيالار تېگىدە قىرىلىشقا باشلىدى.

جەڭچىلىرىمىز بۇ دەھشەتتىن گاڭگىراپ قالدى. شۇ پەيتتە «ئۇلۇغ دەريا» تېگىدىن قورقۇنچلۇق شاۋقۇن-سۈرەن ئاڭلاندى. ئۇ يەردە كىشىنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئاجايىپ ھادىسە يۈز بەردى: قوزغىلاڭچىلار دۈملاتقان قۇرام تاشلار زەربىسىگە بەرداشلىق بېرەلمىگەن يېشىل كېيىملىك چەۋەندازلار جان قاچۇرۇپ، دەريانىڭ يۈزىدە ئىرمىشىپ-چىرمىشىپ كەتكەن يۆگىمەچ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تېگىگە كىرىپ قۇتۇلماقچى بولۇشقان. بۇ ئامالنى بىرىنچى بولۇپ تادىي ئويلاپ چىقارغان. ئورنى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتەيكى، بۇ ئامال - چارىنى ئويلاپ تاپقان تادىينىڭ ئەقلى راسا ئىشلەپتىكەن-دە!

دىي ئوۋېرنەنىڭ ھېكايىسى شۇ يەرگە كەلگەندە، باشقىلار تەرىپىدىن ئۇنىڭ سۆزى بۆلۈندى.

بۇنىڭدىن چارەك سائەت ئاۋۋال سىرژانت تادىي تېڭىلغان ئوڭ قولىنى بويىنىغا ئېسىپ، ھېچكىمگە سەزدۈرمەي، ئاستا مېڭىپ چېدىرغا كىرىپ، كاپىتاننىڭ ھېكايىسىدە، ئۆزىنىڭ قانچىلىك چوڭ ئورۇن تۇتقانلىقىنى باش ئىشارىتى بىلەن تەستىقلاپ، بىر بۇلۇڭدا تىپ-تىنچ ئولتۇراتتى. دىي ئوۋېرنەنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلىغانسېرى، ئۇنىڭ كاپىتانغا بولغان ئىخلاسى تېخىمۇ ئاشماقتا ئىدى. بىراق، دىي ئوۋېرنە ئۆزىنى ماختاشقا يول قويمايتتى. شۇڭا تادىي ھېچقانداق مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيلا:

سىز تولىمۇ ياخشى ئادەم-دە، كاپىتان....،-دېدى خىجالەتچىلىك بىلەن.

جاۋاپ ئورنىغا قاقاقلىغان قىزغىن كۈلكە كۆتىرىلدى. كاپىتان ئۇنىڭغا قاراپ جىددى ھالدا شۇنداق دېدى: سىز تېخىچە بۇ يەردىمۇ، تادىي؟ قولىڭىز قانداق بولدى؟

كاپىتاننىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ۋارقىراپ سۆزلىگەن تەنە سۆزىدىن قېرى سىرژانتنىڭ كۆڭلى بۇزۇلدى. ئۇ كۆز يېشىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن بېشىنى ئېگىپ بىر چەتكە قارىدى

مەن جانابىي كاپىتاننىڭ بۇنچىۋالا ئاچچىقلاپ كېتىشىنى زادىلا ئويلىمىغان ئىكەنمەن،-دېدى تادىي ئاخىر رەنجىگەن ئاھاڭدا،-ئۆزىنىڭ

قېرى سېرژانتقا تەنە قىلىپ، «سىز» لەپ سۆزلىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەپتىمەن. كاپىتان ئىرغىپ ئورنىدىن تۇردى:

ـ كەچۈر مېنى، دوستۇم، كەچۈر! مەن ئويلىماي سۆزلەپ قويدۇم، مەندىن رەنجىمە، تادې! ـ دېدى ئۇ سېرژانتقا تەسەللىي بېرىپ.

تادېنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياش مەڭزىگە كېلىپ توختىدى.

بۇ مېنىڭ ئۈچىنچى قېتىم يىغلىشىم ـ دېدى ئۇ، ـ ئەمما، بۇ قېتىمقىسى خوشاللىقتىن! ئۇلار يارىشىپ قېلىشتى. قىسقا جىمجىتلىقتىن كېيىن:

ـ قېنى سۆزلىگىنە تادې، سەن نېمىشقا دوختۇرخانىدا ياتماي، بۇ يەرگە كېلىۋالدىڭ؟ ـ دېدى كاپىتان سىلىققىنا،

سۆزلەشكە رۇخسەت قىلىڭ، كاپىتان، ـ دېدى تادې، ـ ئەتە جانابىڭىزنىڭ ئېتىنى پوپۈكلۈك ئىگەر ـ جابدۇقلۇق بىلەن توقۇسام بولامدۇ، دەپ سورىغىلى كەلدىم. ئانى كۆلۈپ كەتتى ۋە:

ـ سىز، تادې، ئەڭ ياخشىسى، پولىك دوختۇرىدىن: ئەتە قولىڭىزدىكى يارىغا يەنە ئىككى گرام دورا سۈرتەلەمدۇ؟ دەپ سورىشىڭىز كېرەك ئىدى! ـ دېدى.

ـ ياكى ئاغرىق ئازابىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئازراق ۋىنو ئىچسەم بولامدۇ؟ دەپ سورىشىڭىز كېرەك ئىدى، ـ دېدى پاسكال ئانىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ، ـ كېلىڭ، ھېلى بولسىمۇ مۇنۇ ۋوتكىنى ئىچىۋېتىڭ، بۇ سىزگە پايدا قىلىدۇ، قېنى، كۆتىرىڭ، سېرژانت!

تادې پاسكالنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ھۆرمەت بىلەن ئېگىلىپ تازىم قىلدى ۋە رومكىنى سول قولى بىلەن ئالغانلىقىغا كەچۈرۈم سوراپ، ئولتۇرغانلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن، دەپ ۋوتكىنى ئىچىۋەتتى. ئاندىن بىر ئاز قىزىشىپ سۆزگە كىرىشتى:

«سىز سۆزىڭىزنى ھېلىقى يەرگە كەلگەندە توختاتتىڭىز، جانابىي، كاپىتان، ھېلىقى، مېنىڭ ئەقلىم بويىچە.. راست، يۆگىمەچلەرنىڭ تېگىگە چۈشۈپ يوشۇرۇنۇشنى تەكلىپ قىلغان ئىدىم. مۆمىن خرىستىئانلار بىكاردىن ـ بىكارغا قۇرام تاشلارنىڭ تېگىدە ئۆلۈپ كەتسە بولمايتتى ـ دە، بىزنىڭ ئوفىتسىرىمىز، سۇ ئۆزۈۋشنى بىلمىگەچكە، چۆكۈپ كېتىشتىن قورقۇپ، مېنىڭ تەكلىپىمگە قوشۇلماي تۇراتتى. شۇ پەيتتە يوغان بىر قۇرام تاش ئۆڭىغا

قاراپ دومىلاپ چۈشتى-دە، ئۇنى ئېزىۋېتىشكە تاس قالدى. بەختكە يارىشا، بۇ تاش قاڭقىپ دەرياغا چۈشۈپ كەتتى-يۇ، سۇغا چۈشمەستىن، يۆگىمەچلەر ئۈستىدە توختاپ قالدى. بۇنى كۆرگەن ئوفىتسېرىمىز مۇقەددەس ساھابىلەردەك شېھىت بولغاندىن كۆرە، مىسىر پىرئونلىرىدەك ئۆلگىنىم ئەۋزەل، چۈنكى بىز-مۇقەددەس كىشىلەر ئەمەس. بەلكى خۇددى مىسىر پىرئونلىرىدەك بىر ئەسكەر دىدى. كۆردۈڭلارمۇ، جانابلار؟ مېنىڭ ئوفىتسىرىم گەرچە ئالىم كىشى بولىسىمۇ، بەربىر، پېقىرنىڭ مەسلىھەتىگە قوشۇلدى-دە، ئاۋۋال مېنىڭ دەرياغا سەكرىشىمنى شەرت قىلدى. مەن قىرغاققا كېلىپ، ئۆزەمنى دەرياغا تاشلىدىم ۋە ئېسىلىپ تۇرغان يۆگىمەچلەرنى تۇتۇۋېلىپ، ساڭگىلاپ قالدىم. تەسەۋۋۇر قىلىڭلاركى، جانابلار، تۇيۇقسىز كىمدۇر بىرىنىڭ پۇتۇمنى تارتىۋالغانلىقىنى سېزىپ قالدىم، تېپىرلاپ كۆردۈم، بولمىدى، ئاخىرى باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىپ ۋارقىرىدىم، ماڭا قىلىچلار تېگىشكە باشلىدى: شۇ ئەسنادا بىزنىڭ دىۋىدەك قەيسەر ئەسكەرلىرىمىز دەرياغا سەكرەپ، يۆگىمەچلەرنىڭ تېگىگە چۈشۈشتى، شۇنداق قارىساق، يۆگىمەچلەرنىڭ تېگىگە قىزىلتاغ نېگىرلىرى جايلىشىۋالغان ئىكەن. ئۇلار بۇ خىلۋەت جايغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ، زۆرۈر بولغاندا، بىزنى خۇددى مىشكاپقا سولىغاندەك تۇتماقچى بولۇشقان ئىكەن. بېلىق تۇتۇشنىڭ بۇنداق يامان ئۇسۇلىنى زادىلا كۆرمىگەن ئىدىم! ھەممىمىز ئۇرۇنۇپ باقتۇق. ۋارقىرىشىپ، تىللىشىپ، چۇقان كۆتىرىشتۇق. نېگىرلا قىپ-يالىڭاچ بولغاچقا، بىزگە قارىغاندا چاققان ھەرىكەت قىلالايتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بىزنىڭ زەربىمىز دەل جايىغا تىگەتتى. بىز بىر قولىمىز بىلەن سۇ ئۈزۈپ، بىر قولىمىز بىلەن جەڭ قىلدۇق. ئەھۋال شۇنى تەلەپ قىلاتتى. سۇ ئۈزۈشنى بىلمىگەنلەر بىر قولى بىلەن يۆگىمەچ تاللارغا ئېسىلىپ تۇرۇپ جەڭ قىلدى. كۆردىڭىزمۇ، بۇ ماھىرلىقنى، جانابىي كاپىتان؟ ئەمما، نېگىرلار ئۇلارنى پۇتلىرىدىن تارتىپ سۆرەپ چۈشۈرەتتى. راسا ئوپۇر-توپۇر بولۇپ مۇشتلىشىۋاتقاندا، مەن ھېلىقى گەۋدىلىك، يوغان نېگىرنى كۆرۈپ ھەيران قالدىم. ئۇ بەئەينى دىۋىدەك بەستى بىلەن مېنىڭ سەككىز-توققۇز يولدىشىمنى ئۇرۇپ يىقىتماقتا ئىدى! مەن ئۇنىڭ قېشىغا ئۈزۈپ بېرىپ شۇنداق قارىسام، ئۇ ھېلىقى پيېرو، يەنى بيۇگ... ئۇنىڭ بيۇگ دىگەن نامىنى كېيىنچە بىلگەن ئىدىم، ھە جانابىي كاپىتان؟ دىمەك، مەن ئۇنىڭ پيېرو ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدىم. پورت قولدىن

كەتكەندە، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىر قېتىم توقۇنۇشۇپ قالغان ئىدىم. مەن كېلىپلا ئۇنىڭ كېكىرتىكىگە ئېسىلدىم. ئۇ ماڭا خەنجەر ئۇرماقچى بولۇپ، چىرايىمغا بىر قارىدى-دە، مېنى تونۇپ قالدى ۋە مېنى ئۆلتۈرۈش ئورنىغا لاسسىدە بوشىشىپ تەسلىم بولدى. ئۇنىڭ تەسلىم بولغانلىقى چوڭ بەختسىز ھادىسە بولدى. جانابىي كاپىتان. ئۇ چاغدا ئۇ تەسلىم بولمىغان بولسا ياخشى بولاتتىكەن! خەير، بۇنى بىز كېچىكىپ بايقىدۇق. نېگىرلار بىۋۇگىنىڭ ئەسىرگە چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپلا، ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىزگە قاراپ يېپىشتى. ئەمما پىدائىيلارمۇ دەرھال سۇغا چۈشۈپ بىزگە ياردەمگە كېلىشتى. شۇ چاغدا پىيرو نېگىرلارنىڭ زەربىگە ئۇچراپ قالىدىغانلىقىنى بايقىدى-دە، ئۇلارغا چۈشىنىكسىز تارابار تىلىدا بىرنىمىلەرنى دېدى، نېگىرلار ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ئارقىسىغا چېكىنىپ قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار سۇغا شۇڭغۇپ، كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە غايىپ بولۇشتى. ئەگەر مېنىڭ بارماقلىرىم چېپىلىپ كەتمىگەن بولسا، ئۇن نەچچە تال ئوقۇم سۇغا چېلىنىپ كەتمىگەن بولسا، ئېھتىمال، بۇ سۇدىكى جەڭگە مەن ناھايىتى ھەۋەس بىلەن قىزغىن قاتناشقان بولاتتىم. بىراق، ھېلىقى بېچارىنىڭ ئەسىرگە چۈشۈشى...بېچارە پىيرو! ئۇنىڭ پېشانىسىگە شۇنداق پۈتۈلگەن ئىكەن، جانابىي كاپىتان!»

سېرژانت سۆزىنى تاماملىدى-دە، سول قولىنى كۆتىرىپ پېشانىسىگە تەككۈزدى. ئاندىن ئاسماننى كۆرسىتىپ، تەزىيە قىياپىتىنى بىلدۈردى. دې ئوۋېرنە قاتتىق ھاياجانلانغان ئىدى.

-توغرا، -دېدى ئۇ، -سەن توغرا ئېيتتىڭ. قەدىردان تاد. ئۇ تەقدىرىمىزنى بەلگىلىگەن كېچە بولغان ئىكەن.

ئەگەر ئاڭلىغۇچىلارنىڭ قەتئىي تەلىپى بولمىغان بولسا، دې ئوۋېرنە ئۆزىگە خاس غەمكىنلىككە چۈشۈپ جىم تۇرۇۋالغان بولاتتى. لېكىن ئاڭلىغۇچىلار قىستىغىلى تۇردى. شۇڭا ئۇ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

تادې تەسۋىرلەپ بەرگەن ۋەقەلەر...(تادې كاپىتاننىڭ كەينىدە مەغرۇر قاراپ ئولتۇراتتى) داۋام قىلىۋاتقاندا، مەن بىرنەچچە ئەسكەر بىلەن بىللە «پاۋلىن چوققىسى» دەپ ئاتىلىدىغان قىيا چوققىغا ئارچا پۇتاقلىرىغا يامىشىپ چىقىپ كېتىپ باراتتىم. بۇ چوققا سىلىق مەر-مەر تاشلار بىلەن قاپلانغان بولۇپ، كۈندۈزى كۈن نۇرىدا رەڭمۇ-رەڭ تاۋلىنىپ تۇراتتى ۋە نېگىرلارنىڭ مۇھىم بىر پوزىتسىيىسى ئىدى. بىز چوققىغا چىقىدىغان يولنى

تاپقاندىن كېيىن، پۈتۈن ئەسكەرلەر ئۇ يەرگە يامىشىپ چىقتى-دە، ئۇبدان جايلىشىۋېلىپ، شىددەتلىك ئوت ئاچتى. ناچار قورال‌لانغان نېگىرلار بىزگە قارشىپ قايتۇرما زەربە بېرەلمەي، ياماان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. بىز بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئېتىشنى تېخىمۇ كۈچەيتتۇق. نېگىرلار ئۆلگەن ھەمراھلىرىنىڭ جەسەتلىرىنى پەس تۈپىلىكتە تولۇق سەپ تارتىپ تۇرغان بىزنىڭ ئەسكەرلىرىمىز ئۈستىگە تاشلاپ، تېرى-پېرەڭ بولۇپ قېچىشقا باشلىدى. پەيتتىن پايدىلىنىپ، بىز بۇ ئارالنىڭ قەدىمى ئاھالىسى ئۈستىگە «كەپە» ياساپ، «ماكان تۇتۇپ» ئولتۇرغان ناھايىتى چوڭ بىرنەچچە تۇپ دەرەخنى كېسىپ يىقىتتۇق، بۇ ياغاچلار بىزگە كۆۋرۈك بولدى، ئۇنىڭ بىلەن بىز نېگىرلار تاشلاپ قاچقان چوققىغا چىقىۋالدۇق. ئەمدى بىزنىڭ بىر قىسىم ئارمىيىمىز ناھايىتى ئوبدان پوزىتسىيىگە ئىگە بولۇۋالغان ئىدى. بۇنى كۆرگەن قوزغىلاڭچىلارنىڭ روھى چۈشتى. بىز ئېتىشنى داۋاملاشتۇردۇق. بىردىنلا بىئاسۇ ئارمىيىسى ئىچىدە سۈرەن-چۇقان كۆتۈرۈلدى. بۇ ۋاڭ-چۇڭلار ئارىسىدا يەنە شۇ «بىيوگ-ژارگال» دىگەن نام تىلغا ئېلىنىۋاتاتتى. قوزغىلاڭچىلار ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالغان ئىدى. قىزىلتاغ قوشۇنىدىن بىر نەچچە نېگىر قىزىلبايراق لەپىلدەپ تۇرغان چوققىدا پەيدا بولدى-دە، بايراق ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنى سويىدى، ئاندىن ئۇنى دەرەختىن چۈشۈرۈپ «ئۇلۇغ دەريا» تۇۋىگە قاراپ چۈشۈپ كېتىشتى. ئۇلار بۇ ھەركىتى بىلەن باشلىقىنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ياكى ئەسىر چۈشكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن بولسا كېرەك.

بۇ چاغدا بىز ناھايىتى باتۇر بولۇشۇپ، كۆرەشلەپ كەتكەن ئىدۇق. مەن كالتەك-توقماقلار بىلەن قوراللىنىپ، چوققىدا قالغان بىر قىسىم قوزغىلاڭچىلارنى قوغلاشقا قارار قىلدىم ۋە بىز ئىگەللىگەن چوققا بىلەن يانداش بولغان يەنە بىر چوققىغا ياغاچلاردىن كۆۋرۈك ياساپ ئۆتۈشكە بۇيرۇق بەردىم-دە، بىرىنچى بولۇپ ئۆزەم ئۆتۈپ، نېگىرلار تويىغا ھۇجۇم قىلدىم. ئەسكەرلىرىم كەينىمدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ئەپسۇسكى، قوزغىلاڭچىلاردىن بىرى پالتا بىلەن كۆۋرۈكىمىزنى چېپىپ چۈشۈرۈۋەتتى. چېپىلغان ياغاچنىڭ بىر ئۇچى تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ، گۇلدۇرلىگەن بويىچە چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى.

مەن كەينىمگە بۇرۇلۇپ قارىدىم، شۇ مىنۇتتا ئالتە-يەتتە ئىگىر كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى. مەن تامامەن قورالسىز ئىدىم، شۇنداق بولسىمۇ، ئۇلارغا قارشى خۇددى شىردەك ئېلىشتىم. بىراق ئۇلار ئەسكەرلىرىمنىڭ مۆلدۈردەك ياغدۇرۇۋاتقان ئوقىغا قارىماي، مېنى دەرەخ يىلتىزلىرىدىن ئېشىۋالغان ئاغامچا بىلەن باغلىۋالدى، قولغا چۈشۈپ قالغىنىمغا قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ماڭا يېقىن جايلاردىن غەلىبە ساداسى ئاڭلاندى. پەقەت شۇ چاغدىلا ئىگىرلار ۋە مۇلاتلارنىڭ داد-پەرياد كۆتىرىشىپ تېخىمۇ ئېگىز چوققىلارغا قاراپ، پېتىراپ قېچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىكىم بىر ئاز تارقىدى. مېنى يالاپ ماڭغان ئىگىرلارمۇ چوققىلارغا قاراپ قاچتى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئىچىدىن راسا كۈچلۈك بىرسى مېنى مۈرىسىگە ئېلىپ كۆتۈرۈدى-دە، تاشتىن-تاشقا سەكرەپ ئۆتۈپ، يۈگۈرگەن پېتى توپ-توغرا ئورمانلىق ئىچىگە كىرىپ كەتتى. كۆپۈۋاتقان يانغىننىڭ شولىسى ئۇنىڭ يولىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. ئايدىڭ كېچىمۇ ئۇنىڭ ئۆز يولىنى تېپىپ مېڭىشىغا ياردەم بەردى. ئەمما ئۇ ئاۋايلاپ دەسسەپ ئاستا ماڭماقتا ئىدى.

## 17

بىز ئورمانلىق ئىچىدىن ئۇزۇن مېڭىپ، بىرنەچچە داۋانىدىن ئېشىپ، ئاخىر ئەتراپى ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان كەڭ تۈزلەڭلىككە چىقتۇق. بۇ جاي ماڭا زادىلا تونۇش ئەمەس ئىدى.

بۇ تۈزلەڭلىك سان-دومىنگودا «قوش تاغ» دەپ ئاتىلىدىغان تاغ تىزمىسىنىڭ كىندىكىگە جايلاشقان بولۇپ، تۆت ئەتراپى قىيا تاشلىق ئېگىز چوققىلار بىلەن قاپلانغان ياپ-يېشىل ۋە كەڭ توقايلىقتىن ئىبارەت ئىدى. ئەتراپتىكى قارىغايلار قارىغاي، ئارچا ۋە خورما دەرەخلىرى بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى. ئارالنىڭ بۇ قىسمىدا گەرچە قاتتىق سوغاق بولمىسىمۇ، لېكىن داۋاملىق ھاۋا سالقىن ئىدى. بولۇپمۇ سەھەر پەيتىدە سوغاق بىرئاز كۈچىيەتتى. كونا تاغلارنىڭ ئېگىز قارلىق چوققىلىرىغا ئالتۇن نۇرىنى چاچقاندا، ئۇنىڭ ئېتەكلىرىدە تېخى قاراڭغۇلۇق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئىگىرلار تەرىپىدىن يېقىلغان گۈلخانلارنىڭ يورۇقى تاڭ قاراڭغۇسىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. بۇ تۈزلەڭلىك ئىگىرلارنىڭ قارارگاھى ئىدى. قوزغىلاڭچىلارنىڭ

ھەرخىل ئەسكىرىي قىسملىرى تەرتىپسىز ھالدا بۇ جايغا توپلانغان ئىدى. ھەر مىنۇتتا، ئۈمىدسىز ھالدا، دەرغەزەپ بولۇپ قايتقان قوزغىلاڭچى قىسىملار ۋارقىرىشىپ-جارقىرىشىپ بۇ يەرگە كېلىپ توپلانماقتا ئىدى. يېڭىدىن-يېڭى گۇلخانلار يېقىلىپ، بۇ قاراڭغۇ توقايلىقتا بەئەينى يولۋاسنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىدەك كۆرۈنەتتى. بۇ ئەھۋال قوزغىلاڭچىلار لاگېرىنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

مېنى ئەسىر ئالغان نېگىر مېنى چوڭ بىر تۈپ دەرەخنىڭ تۈۋىگە ئېپكېلىپ تاشلىدى. مەن بۇ يەردە تۇرۇپ، بۇ ئاجايىپ-غارايىپ مەنزىرىنى تاماشا قىلدىم. كېيىن، نېگىر مېنى ئۆرە تۇرغۇزۇپ دەرەخكە چەمبەرچەس قىلىپ باغلىدى، ئىككى قات ئاغامچىنى راسا تارتىپ چىڭىتىپ قويۇۋىدى، ھەتتا قىمىرلىغۇچىلىكمۇ ئىمكانىيىتىم قالمىدى. ئاندىن ئۇ ئۆزىنىڭ قىزىل يۇڭدىن بېسىلغان قالپىقىنى بېشىمغا چۆكۈرۈپ كىيگۈزۈپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنىڭ پەقەت ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئولجىسى ئىكەنلىكىمنى، ھېچكىمنىڭ دەخلى قىلالمايدىغانلىقىنى ۋە مېنىڭ ئەمدى قاچالمايدىغانلىقىمنى بىلدۈرمەكچى بولسا كېرەك. نېگىر مېنى مۇشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن كېيىن كېتىشكە تەمشەلدى، مەن دەرھال ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىش نىيىتىگە كېلىپ، يەرلىك كىرىئونلار تىلىدا ئۇنىڭ قايسى قىسىمدىن-دونىدون قىسمىدىنمۇ ياكى قىزىلتاغ قىسمىدىنمۇ -ئىكەنلىكىنى سورىدىم. ئۇ توختاپ تۇرۇپ، ماڭا قاراپ مەغرۇر ھالدا، «مەن قىزىلتاغ قىسمى» دىن دەپ جاۋاپ بەردى. شۇ پەيتتە مىڭەمگە بىر پىكىر كەلدى: مەن قىسمىنىڭ داھىيسى بيوگ-ژارگالنىڭ ئالىيجانابلىقى، ئادالەتپەرۋەرلىكى ھەققىدە نۇرغۇن پاراڭلارنى ئاڭلىغان ئىدىم. گەرچە مەن شۇ تاپتا مېنى پۈتۈن بەختسىزلىكىمدىن خالاس قىلىدىغان ئۆلۈم توغرىسىدا ئويلىسامۇ، لېكىن، ئەگەر بىئاسۇنىڭ چاڭگىلىغا چۈشۈپ قېلىپ، قاتتىق ئازاب بىلەن ئۆلتۈرۈلسەمچۇ؟ دەپ ئويلىغىنىمدا ئىختىيارسىز ھالدا بەدەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى. مەن ئۆلۈمدىن قورقمايتتىم. ئەمما ئازاپ چەكمەي ئۆلۈشنى خالايتتىم، بەلكى بۇ مېنىڭ ئاجىزلىقىمدۇر، بىراق مۇشۇنداق پاجىئەلىك مىنۇتلاردا ئىنسان ھاياتتىن نەپرەتلىنىدىكەن! شۇ خىياللار ئىچىدە مەن بىئاسۇ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ كېتەلىسەم، بيوگ-ژارگال مېنى ئۆلتۈرسىمۇ، ھەر ھالدا قىيناماستىن ئەسكەرلەرچە ئۆلتۈرەر ئىدى، دەپ ئويلىدىم. شۇ

ئـوي-پىكىــرلەر بىــلەن مەن قىزىلتــاغ قىســمىنىڭ جەڭچىســى بولغــان بــۇ نىگىــردىن مىنــى ئۇلارنىــڭ داھىيىســى بىيــۇگ-ژارگالغــا ئاپىرىــپ بېرىشــنى سورىدىم. ئۇ چۆچۈپ كەتتى ۋە «بىيۇگ-ژارگال؟» دېدى ھاياجان بىلەن ۋارقىراپ پېشانىسىگە ئۇرۇپ. ئۇنىڭ ئىچىنىشى بارغانسېرى غەزەپكە ئايلاندى -دە، ماڭا مۇشتۇمىنى تەڭلەپ تۇرۇپ دېدى: «سېنى بىئاسۇغا بېرىمەن! بىئاسۇغا!» ئۇ بىئاسۇنىڭ دەھشەتلىك نامىنى تىلغا ئالدى-يۇ كېتىپ قالدى.

نىگىرنىڭ قايغۇرۇشى ۋە غەزەپلىنىشى-ئۇلارنىڭ جەڭ داۋامىدىكى ھېلىقى بايراق چۈشۈرۈش ۋەقەسىنى ئېسىمگە سالدى. بۇ ۋەقەدىن بىز قىزىلتاغ قوشۇنىنىڭ داھىيىسى ئەسىر ئېلىنغان ياكى ئۆلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ خۇلاسە چىقارغان ئىدۇق. ئەمدى مەن ھەقىقەتەنمۇ شۇنداق بىر ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىگە شۈبھىلەنمىدىم ۋە ماڭا دەھشەت سېلىۋاتقان ئاشۇ بىئاسۇنىڭ ئالدىغا بېرىشقا روھىي جەھەتتىن ھازىرلاندىم.

## 18

بۇ كەڭ دالا تېخىچە قاراڭغۇ ئىدى. ئەمما نىگىرلارنىڭ سانى ۋە گۈلخانلار بارغانسېرى كۆپىيىۋاتاتتى. مەن تۇرغان يەردىن سەل نېرىراقتا بىر توپ نىگىر قىزلىرى چوڭ گۈلخان ياقتى. ئۇلارنىڭ قول-پۇتلىرىدا پارقىراپ تۇرغان قىزىل، يېشىل، سېرىق ئۈنچە-مارجان ۋە بىلەيزۈكلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن قۇلاقلىرىدىكى چوڭ ۋە ئېغىر ھالقىلار، بارماقلىرىدىكى ھەرياڭزا ئۈزۈكلەر، كۆكرىكىگە ئېسىۋالغان تۇمار-مۇنچاقلار، بوييۇنلىرىدىكى زىبۇ-زىننەتلەر، ھەرخىل پەر-ئۇقلار قادالغان، قامىتىگە ياراشقان گۈللۈك كىيىملىرى، ئويناپ تۇرغان كۆزلىرى ۋە غەزەپلىك قاراشلىرىدىن بۇ قىزلارنىڭ «ھىرئوت» قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

ئافرىقىنىڭ ھەرخىل ئوبلاستلىرىدا ياشايدىغان قارا تەنلىك ئىرق ئىچىدە ئاجايىپ زور شائىرانە تالانتقا ۋە كىشىنى مەپتۇن قىلغۇچى شوخ قوشاقچىلىق قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان بىر نىگىر قەبىلىسىنىڭ بارلىقى، ئېھتىمال، سىلەرگە مەلۇم بولمىسا كېرەك. بۇ قەبىلە ئۆزىنىڭ قەدىمقى بىپايان ۋەتىنىدە ئەلدىن-ئەلگە كۆچۈپ يۈرىدىغان ئەلنەغمىچىلەر سۈپىتىدە

مەشھۇر ئىدى. ئىگىرلار بولسا بۇ قەبىلىنى ھىرئوتلار دەپ ئاتايدۇ. كىشىنى شەيدا قىلغۇچى خۇلقتا ئىگە بولغان ھىرئوت ئاياللىرى ئەرلىرىنىڭ قوشاق ـ نەغمىسىگە جور بولۇپ، ھىندىستان ياكى مىسىر ئۇسسۇللىرىغا تەقلىد قىلىنغان ھەرىكەتلىك ئۇيانسىز ئۇسسۇللارنى ئويناشقا ماھىر كېلىدۇ. ئەنە شۇنداق ئاياللاردىن بىر نەچچىسى ماڭا يېقىنلا جايدا كۆيۈۋاتقان چوڭ گۈلخان ئەتراپىدا ئافرىقا ئادىتى بويىچە يۈكۈنۈپ چەمبىرەك بولۇشۇپ ئولتۇرۇشاتتى. گۈلخاننىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان يالقۇنى ئۇلارنىڭ قارامتۇل چىرايىدا قىپ ـ قىزىل ئەلەڭگە بولۇپ ئويناپتتى.

ھەممىسى تەلتۆكۈس تويلىشىپ بولغاندىن كېيىن، قول تۇتۇشۇپ چوڭ بىر چەمبىرەك ھاسىل قىلىشتى، ئارىدىن چىچىغا ئۇقا قادىۋالغان چوكاراق بىر ئايال «ئۇگافگا!» دەپ ۋارقىراشقا باشلىدى. بۇ سۆزدىن مەن «ئوئانگا!» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل مىللىي بەزمە ئۆتكۈزۈلسە كېرەك، دەپ چۈشەندىم. ھەممەيلەن بىردەك «ئوئانگا!» دەپ تەكرارلاشتى. بىرئاز جىم تۇرۇشقاندىن كېيىن، ھېلىقى ئايال بېشىدىن بىر تال ئاق چاچنى يۇلۇپ ئالدى ـ دە، ئۇنى كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلاپ، «ئاق تەنلىك!» دېگەن ئەپسۇننى ئوقۇدى، بۇ سۆز ئىگىر ۋە كىرئول تىلىدا «مەن شەيتانغا ئايلاندىم» دېگەن مەنىنى بېرەتتى. بۇ ئايالنىڭ ھەركىتىگە ئەگىشىپ، بارلىق ھىرئوت ئاياللىرى بىر تۇتامدىن چاشلىرىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئوتقا تاشلاشتى ۋە «ئاق تەنلىك» دەپ تەكرارلاشتى.

بۇ مەنىسىز ۋارقىراشلار ۋە قاپىقى تۈرۈلگەن سالقىن چىرايلارنى كۆرۈپ، مېنى ئىختىيارسىز تىترەك باستى، مەندە چەكسىز غەم ـ قايغۇغا چۆكۈپ، ئېغىر كۈلپەت چەككەن چاغلاردا كىشىدە ئىختىيارسىز قوزغىلىدىغان ئەسەبىي كۈلكە پەيدا بولدى. مەن قىستاپ كېلىۋاتقان بۇ كۈلكەمنى بېسىشقا شۇنچە تىرىشسامۇ، ئۇنى باسالماي، قاقاھلاپ كۈلۈپ سالدىم، كەمسىتىلگەن مىسكىن قەلبىمدىن پارتلاپ چىققان بۇ كۈلكە مېنى قايغۇلۇق، دەھشەتلىك، ئەپسانىۋى بىر ئاقىۋەتكە تاشلىدى:

ئۆزلىرىنىڭ مۇقەددەس بەزمىسىگە مەپتۇن بولۇپ كەتكەن ئىگىر ئاياللىرى قاقاھلىغان كۈلكەمنى ئاڭلاپ، گويا ئۇيقۇدىن چۆچۈپ ئويغانغاندەك سەكرەپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ كەتتى. شۇ ۋاقىتقىچە ئۇلار مېنى بايقىمىغان ئىدى. ئۇلار ئاق تەنلىك دەپ ۋارقىرىشىپ ماڭا يېپىلىشتى.

مەن ھېچقاچان بۇنداق چىرايلىرى مۇدھىش ئادەملەر توپىغا دۇچ كەلمىگەن ئىدىم! ئۇلارنىڭ قارامتۇل چىرايلىرىدا ئاپپاق چىشلىرى ۋە قان تولغان كۆز ئاقلىرى پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

ئۇلار مېنى ئازابلىماقچى بولۇشتى. چېچىمغا ئۇقا قادىۋالغان قېرى ئايال ئىشارەت قىلىپ، بىرنەچچە قېتىم «تەيىيارلىنىڭلار، تەيىيارلىنىڭلار» دەپ ۋارقىرىدى، ماڭا يېپىلغان توپ بىردىن توختىدى، ئاندىن ھەممىسى بىراقلا پەيدىن ئىشلەنگەن پەرتۇقلىرىنى يېشىپ يەرگە تاشلىدى-دە، ئەتراپىمدا چۆگىلەپ، نىگىرلار «چىكا» دەپ ئاتايدىغان غەلىتە ئۇسۇلنى ئويناشقا باشلىدى، ھاڭۋاقىنىچە قاراپ تۇردۇم.

## 19

كۈلكىلىك ھەرىكەتلەر ۋە چاققان پىقىراشلار بىلەن ئورۇنلىنىدىغان بۇ ئۇسۇل ئادەتتە شايانە، خۇشچاخچاق كەيپىياتنى ئىپادىلەيتتى. ھازىر بولسا، مېنىڭ سەۋەبىمدىن بۇ ئۇسۇل ۋەھىملىك تۇس ئالماقتا ئىدى. ھىرئوت ئاياللىرىنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ، غەزەپلىك قاراشلىرى، ئۇسسۇل نەغمىسىنىڭ ھەيۋەتلىك غەمكىن ئاھاڭدا بولۇشى، بەزمە باشلىقى-قېرى موماينىڭ قولىدىكى بالاخو چالغۇسىنىڭ شىددەتلىك نالىسى، ھەممىدىنمۇ بۇ يالىڭاچ، شاللاق خوتۇنلارنىڭ ئۇسسۇل ئويناۋېتىپ پات-پات ئالدىمغا كېلىشى، ھەتتا يۈزلىرىنى يۈزۈمگە تەككۈزۈپ، ماڭا سۆكىلىشلىرى ۋە قاقاھلىغان شاڭخو كۈلكىلىرى-ئۇگانگا دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مۇراسىمنى بۇزغان ئاق تەنلىكنىڭ قانچىلىك دەھشەتلىك جازالىنىدىغانلىقىدىن روشەن دالالەت بېرىپ تۇراتتى. مەن ئەسىرلەرنى ئۆلتۈرۈشتىن ئاۋۋال ۋەھشىي ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭ ئەتراپىنى چۆرىدەپ ئۇسسۇل ئوينايدىغانلىقىنى ئەسلىدىم. مانا، بۇ خانىملار ئويناۋاتقان «بالېت» درامىسى قاچان مېنىڭ قېنىمنى ئاققۇزۇش بىلەن ئەۋجىگە كۆتىرىلىدىكىن، دەپ تاقەتسىز كۈتۈپ تۇردۇم. شۇنداقلا بالاخۇ چالغۇسى مەلۇم بىر ئاھاڭدا چېلىنغاندا، ھەربىر ئايالنىڭ قىلىچ، پالتا، زىخ، ئامبۇر ۋە ھەرىلەرنى ئوتقا تىقىپ قىزىتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىنىمدە، ئۆز جېنىمدىن ئۈمىد ئۈزدۈم.

بەزمە ئاخىرلىشاي دەپ قالدى. قىيناق قوراللىرىمۇ ئوتتا قىپ ـ قىزىل چوققا ئايلاندى. موماينىڭ ئىشارىتى بويىچە ئايالار ئۇزۇن قىسقاچنى گۈلخانغا تىقىپ، ئارقا ـ ئارقىدىن قىزدۇرۇلغان دەھشەتلىك قوراللارنى ئېلىشقا باشلىدى، قوراللىرى قىزىمغانلار گۈلخاندا كۆيۈۋاتقان چۇچۇلىلەرنى ئېلىشتى.

شۇ پەيتتە مېنى قانداق ئازاپلا كۈتۈپ تۇرغانلىقىنى، ھەربىر ئۇسۇلچى ئايال مەن ئۈچۈن بىر جاللات بولىدىغانلىقىنى چۈشەندىم. بەزمە باشلىقى بولغان موماينىڭ يەنە بىر ئىشارىتى بىلەن ئايالار ھولاپ تۇرۇپ ئومۇمىي ناخشىنى ئاخىرلاشتۇردى، قاتتىق چارچاشتىن ھالسىزلىنىپ تەرگە پېتىپ كەتكىنىمگە قارىماي، قىزىتىلغان قوراللىرىنى بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ، بىر ـ بىرى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ، پۈتۈن ئەتراپقا يالقۇن چېچىپ، سەكرىشىپ يۈرگەن بۇ مەككار خوتۇنلارنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن كۆزۈمنى يۇمۇۋالدىم، قىزىتىلغان قوراللارنىڭ بەدىنىمگە يېقىلىشىنى، ئۇستىخانلىرىمنىڭ كۆلگە ئايلىنىشىنى، گۆشلىرىمنىڭ كاۋاپ بولۇشىنى چىشىمنى چىشلەپ تۇرۇپ كۈتتۇم. قىزىتىلغان ئامبۇر، زىخ ۋە نەيزىلەرنىڭ بەدىنىمنى ئاچچىق كۆيدۈرىدىغانلىقىنى ئويلىسام، مىڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كېتەتتى... بۇ دەھشەتلىك مىنۇتلار ئىدى!

بەختىمگە يارىشا، بۇ ئەھۋال ئۇزاققا سوزۇلمىدى، مېنى ئەسىر ئالغان نېگىرنىڭ يىراقتىن ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلانغاندا، ھېرىئوت ئاياللىرىنىڭ بەزمىسى توختاپ قالدى. ئۇ بىز تەرەپكە قاراپ: «نىمە قىلىۋاتىسىلەر؟ لەنىتى جادىگەرلەر؟ سىلەر بۇ يەردە نىمە قىلماقچى؟ مېنىڭ ئەسىرىمگە چېقىلماڭلار!» دەپ ۋارقىراپ كېلىۋاتاتتى.

مەن كۆزۈمنى ئاچتىم، ئاللىقاچان تاڭ ئاتقان ئىدى. نېگىر غەزەپ بىلەن گۈلخان يېنىغا يېتىپ كەلدى، ئايالار توختاپ قېلىشتى. ئۇلار بۇ نېگىرنىڭ ھەيۋىسىدىن قانچىلىك قورققان بولسا، ئۇنىڭ كەينىدە كېلىۋاتقان غەلىتە ئادەمنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھەيران قېلىشقان ئىدى.

بۇ ئادەم شۇنچىلىك سېمىز، شۇنچىلىك پاكار ئىدىكى، ئۇنى پاپا دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئۇ يۈزىگە ئاق نىقاپ تارتىۋالغان، نىقاپتا كۆزى ئۈچۈن ئىككى تۆشۈك، ئاغزى ئۈچۈن بىر تۆشۈك ئېچىلغان. ئادەتتە ئادەم

ئۆلتۈرىدىغانلار مۇشۇنداق نىقاپ كىيىۋالاتتى. نىقاپ كەڭ ۋە ئۇزۇن بولۇپ، ئۇنىڭ بويىنى ۋە گەۋدىسىنى يېپىپ تۇراتتى.

بۇ ئادەمنىڭ يۇگلۇق مەيدىسى ئوچۇق ئىدى. مەن مەيدىسىگە قاراپ ئۇنىڭ تېرە رەڭگىنى بايقىدىم-دە، زامبو ئىكەن، دەپ پەرەز قىلدىم. مەيدىسىدە كۆن سۆرىتى چۈشۈرۈلگەن ئالتۇن ھەللىك كۆمۈش زۇننار پارقىراپ تۇراتتى. بۇ بىرەرسىگە سوۋغا قىلىنغان زۇننارنىڭ بىر پارچىسىدەك كۆرۈندى. پەرتۇقىنى باغلىۋالغان قىزىل بەلبېغىدا سېپىل يېشىل-سېرىق-قارا پۆپۈك بېكىتىلگەن كىرىست بەلگىلىك چوڭ خەنجەر ساڭگىلاپ تۇراتتى. خەنجەرنىڭ پۆپۈكلىرى تاپىنىغىچە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ مەيدىسىدىكىگە ئوخشاش يۇگلۇق، يالىڭاچ قولىدا ئاق تاياق تۇتۇۋالغان، بەلبېغىغا خەنجەر بىلەن بىللە قىممەت باھالىق مارجان تېرىقچىسىنى ئېسىۋالغان ئىدى. بېشىدا قوڭغۇراق بېكىتىلگەن ئېگىز قالپاق تۇراتتى. يېقىنلاپ كەلگەندە، بېشىدىكى قالپاقنىڭ خەببىرانىڭ مەسخىرىۋازلىق قالپىقىغا ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئەجەپلەندىم. پەقەت روھانىلارلا كىيىدىغان، ئىمىر-چىمىر خەتلەر ۋە ھەرىل سۆرەتلەر سىزىلغان بۇ ئېگىز قالپاقتا قان داغلىرىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئېھتىمال، بۇ داغلار تاغامنىڭ سادىق خىزمەتچىسى خەببىرانىڭ قېنىدىن قالغان داغ بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپ، قالپاقنىڭ يات ئادەم بېشىدا پەيدا بولۇپ قېلىشى ۋە قان داغلىرى خەببىرانىڭ ھەققەتەنمۇ ياتلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى كۆرسەتمەمدۇ؟ دىگەن پىكىردە ئۇ بىچارە چاكارغا تېخمۇ ئېچىندىم.

ھىرئوت ئاياللىرى نېگىر بىلەن بىللە كەلگەن ۋە بېشىغا خەببىرانىڭ قالپىقىنى كىيىۋالغان بۇ پاكىنە ئادەمنى كۆرۈپ، بىردەك «ئوبى» دەپ ۋارقىراشتى-دە، ئۇنىڭغا پېشانىسى يەرگە تەككىدەك ئېگىلىپ تازىم قىلىشتى. مەن بۇ ئادەمنىڭ بىئاسۇ ئارمىيىسىدىكى باخشى، يەنى ئىمام ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

«قويۇڭلار، بولدى قويۇڭلار!» دىدى ئۇ جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن ۋە بىئاسۇنىڭ ئەسىرىگە چېقىلماڭلار! دەپ بۇيرۇق قىلدى ئاياللارغا.

ئاياللارنىڭ ھەممىسى تېزلا كەينىگە داجىپ، قوللىرىدىكى ھەرخىل جازا قورالىرىنى تاشلىدى-دە، پەرتۇقلىرىنى ئېلىشىپ، ھەر تەرەپكە تارقاپ

كېتىشتى. ئۇلارنىڭ تارقىلىشى خۇددى تەرەپ-تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقان ئالا قاغىلار توپىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى.

باخشى ئالدىمغا كېلىپ، ماڭا سەپسېلىپ قارىدى-دە، چۆچۈپ كەينىگە داجىدى ھەمدە قولىدىكى ئاق تاياقنى ئايااللار كەتكەن تەرەپكە تەڭلەپ، گويا ئۇلارنى قايتۇرۇپ كەلمەكچى بولغاندەك ئىشارەت قىلدى. ئەمما، تۇرۇپلا زەردە بىلەن «لەنتى!» دەپ، نېگىرنىڭ قۇلىقىغا بىر نىمىلەرنى دېدى-دە، قوللىرىنى كۆكسىگە گىرەلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر خىيال سۈرگەن ھالدا كېتىپ قالدى.

## 20

مېنى قوغداپ تۇرغان نېگىر ماڭا بىئاسۇنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەنلىكىنى، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدىغانلىقىمنى، بۇنىڭغا تەييارلىنىپ قويۇشۇمنى ئۇقتۇردى.

نىمە بولسا بولسۇن، ھەر ھالدا، بۇ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ بىر پۇرستى ئىدى.

مەن بىئاسۇ بىلەن كۆرۈشۈش پەيتىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتتۈم.

قوزغىلاڭچىلار لاگىرى ۋە ئۇنىڭ ئاجايىپ-غارايىپ مەنزىرىسى، بۇ يەردە يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل ھادىسىلەر پارقىراپ تۇرغان كۈن نۇرى ئاستىدا كۆز ئوڭۇمدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى.

مەن ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالمىغان بولسام، ئېھتىمال، نېگىرلارنىڭ ھەرخىل ھەربىي ئەسلىھەلەرنى ۋە ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە ئولجا ئالغان چىركاۋ روھانىلىرىنىڭ ھەرياڭزا كىيىملىرىنى دۆمبىلىرىگە ئارتىۋېلىپ، ئەخمەقلەرچە كۆرەڭلەپ يۈرۈشلىرىنى كۆرۈپ، يەنە بىر قېتىم قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەن بولاتتىم. ئۇلار كۆتۈرۈپ يۈرگەن بۇ نەرسىلەرنىڭ كۆپ قىسمى قانغا بويالغان ۋە يىرتىلىپ-تىتىلىپ ئەسكى لاتىغا ئايلىنىپ كەتكەن ئىدى. بەزىلىرىنىڭ مەيدىسىدە ئوفىتسېر ئىزناكلىرى ۋە مۈرىسىدە پوپوكلۇك ئېپولىتلار پارقىراپ تۇراتتى. ئۆمۈر بويى ئېغىر ئەمگەككە مەھكۇم بولغان بۇ نېگىرلار زۇلۇمدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن

بىخارامان دەم ئېلىۋېلىشنى ئويلىغان بولسا كېرەك، ھەممىسى بىكار لاغايلاپ يۈرۈشەتتى. بىزنىڭ قوشۇنىمىزدا ھەتتا چېدىردا دەم ئېلىۋاتقاندىمۇ بۇنداق بىكارچىلىقنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسقۇ. بەزى نېگىرلار بېشىنى گۈلخان تەرەپكە قىلىپ، بەدىنىنى ئاپتاپقا قاقلاپ سوزۇلۇپ يېتىشاتتى، بەزىلىرى بولسا، ئۆزلىرىنىڭ ئاجۇ ئوراس دەپ ئاتىلىدىغان، خورما يوپۇرمىقى بىلەن يېپىلغان كەپىلىرى ئالدىدا ئەتراپقا غەمكىن كۆز تاشلاپ خىيال سۈرۈپ ياكى غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ قارا تەنلىك ياكى مىس تەنلىك ئاياللىرى جەڭ قىلىۋاتقان ئەرلىرىگە تاماق تەييارلىشاتتى، باللىرى بولسا، ياردەملىشىۋاتاتتى، بۇ ئاياللارر بانان، ياڭيۇ، ياڭاق، كوكس، پىستە، كارا يېپ كاپۇستىسى قاتارلىق مېۋە كۆكتاتلارنى يەر ئېگىلىرىدىن تارتىۋالغان چوڭ قازانلاردا سېمىز چوشقا گۆشى، ئىت گۆشى ۋە تاشپاقا گۆشلىرى بىلەن قوشۇپ قايىنتىپ، ياغاچ يەشىكلەرگە قاچىلاۋاتاتتى. لاگىردىن يىراق چەتتە ھېرئوتلار ۋە ئۇلارنىڭ ئاياللىرى گۈلخان ئەتراپىدا بەزمە ئۇيۇشتۇرۇشىۋاتاتتى، ئۇلارنىڭ غەلىتە ئاھاڭدا ئېيتىۋاتقان قوشاقلىرىنى ۋە گىتار، بالافۇدا چالغان مۇزىكىلىرىنى شامال يەتكۈزۈپ تۇراتتى. يېقىن ئەتراپتىكى چوققىدا بىر نەچچە كۆزەتچى ساقچىلار بىئاسۇنىڭ باش شتابىنى كۆزىتىپ، قورۇقلاپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىردىن-بىر قوغدايدىغىنى پۇتۇن لاگىرنى قاپلاپ كەتكەن ھارۋىلار بولۇپ، بۇ ھارۋىلارغا قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەرخىل يۈك-تاقلىرى، ھەربىي ئەسلىھەلىرى ۋە ئولجىلار يۈكلەنگەن ئىدى. ئېگىز چوققىدىكى ئۇچلۇق گرانت تاش ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، پۇتۇن ئەتراپنى دىققەت بىلەن كۆزىتىۋاتقان قارا تەنلىك مۇھاپىزەتچىلەر بىر يەردە داۋاملىق پىقراپ تۇراتتى.ئۇلارنىڭ بۇ ھالەتتى ئوتتۇرا ئەسىردىكى چېركاۋ مۇنارىسى ئۈستىگە ئورنىتىلغان پىلدىرغۇچنىڭ شامالدا پىلدىرلاپ تۇرغىنىغا ئوخشاش كۆرۈنەتتى، ئۇلار پات-پات بار ئاۋازى بىلەن نادا، نادا دەپ ۋارقىرىشىپ قوياتتى. بۇ-ئۇلارنىڭ تىلىدا: ھېچقانداق خەۋپ-خەتەر يوق، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى.

ئارىلاپ ئەتراپىمغا بىر توپ نېگىرلار يىغىلىپ، مېنى تاماشا قىلىشاتتى، ماڭا غەزەپ بىلەن يامان كۆزىدە قارىشاتتى.

ئاخىرى ياخشى قوراللانغان بىر ئەترەت قىشمىغا كەلدى. مېنى ئۆزىنىڭ خۇسۇسىي ئولجىسى دەپ ھېسابلاپ يۈرگەن ھېلىقى نىگىر مېنى دەرەختىن يەشتى-دە، ئەترەت باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئەترەت باشلىقى بولسا، مېنىڭ بەدىلىمگە نىگىرغا خېلىلا ئېغىر بىر خالتا نەرسە بەردى. نىگىر دەرھال خالتىنى ئېچىپ قاراپ، پۇل بارلىقىنى كۆرۈپ، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۇنى ساناۋاتقاندا، ئەسكەرلەر مېنى ئېلىپ كەتتى. مەن ئەسكەرلەرنىڭ كىيىملىرىگە قىزىقتىم: ئۇلار بېغىررەڭ، سېرىق ۋە قىزىل سوكنۇدىن تىكىلگەن ئىسپانچە ھەربىي كەمزۇل كىيىشكەن بولۇپ، بېشىدىكى كاستىيل قالپىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ۋە چوڭ قىزىل كاكار قادالغان شەپكىلىرى بۇدرە چاچلىرىنى يوشۇرۇپ تۇراتتى. يانلىرىغا ئېسىۋالغان ئوقدانلىرى خۇددى ئوۋچى خالتىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. ئۇلار ئېغىر مىلتىق، قىلىچ ۋە نەيزە بىلەن قوراللانغان بولۇپ، بىئاسۇنىڭ مەخسۇس مۇھاپىزەتچىلىرىلا مۇشۇنداق كىيىنىدىغانلىقىنى كېيىنچە رەك بىلدىم.

پۈتۈن لاگىرنى ئايلاندۇرۇپ تەرتىپسىز ھالدا ياسالغان قاشالاردىن خېلى ۋاقىت چۆگىلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئېگىز تاغ باغرىدىكى چوڭ غارنىڭ ئالدىغا كەلدۇق. غار ئاسمان پەلەك دەرەخلەر بىلەن تورلىنىپ تۇراتتى. غارنىڭ ئىچكى قىسمىغا كۆزنى قاماشتۇرغۇدەك چىرايلىق گۈللۈك ئىپسىل تىبەت-كەشمىر پەردىلىرى تارتىلغان بولۇپ، بۇ پەردىلەر غارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەخپىيەتلىكنى يات كۆزلەردىن ساقلايتتى، پەردە ئالدىدا مېنى ئېلىپ كەلگەن ئەسكەرلەرگە ئوخشاش كىيىنگەن بىرنەچچە ئەسكەر ئىككى رەت بولۇپ تىزىلىپ تۇراتتى.

مېنى يالاپ كەلگەن ئەسكەرلەر باشلىقى پوستا تۇرغان ئىككى ئەسكەر بىلەن پارولنى ئالماشتۇرغاندىن كېيىن، كەشمىر پەردىسىنىڭ بىر بۇرجىكىنى قايرىپ مېنى ئىچكىرىگە كىرگۈزدى-دە، پەردىنى چۈشۈرۈۋەتتى.

كۈندۈزدىمۇ خۇددى گۇگۇم ۋاقتىدىكىدەك قاراڭغۇ بولۇپ تۇرىدىغان بۇ غارنىڭ ئىچىنى بەش پۈتلۈق چوڭ مىس شامدانغا قادالغان شاملار غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى. مەن ئىككى قاتار سەپ بولۇپ تۇرغان مۇلات ئەسكەرلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىدا كاتتا چىنار دەرىخىنىڭ كۆتىگى ئۈستىدە

ئولتۇرغان بىر قارا تەنلىك نىگىرنى كۆردۇم. ئۇ ئولتۇرغان كۆتەككە گىلەم سېلىنغان ۋە تۈتى قۇشنىڭ پەيلىرى قادالغان ئىدى. بۇ ئادەم تېرە رەڭگى جەھەتتىن نىگىرلاردىن خېلىلا پەرق قىلىدىغان ساكاترا قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىدى. ئۇنىڭ كىيگەن كىيىم-كېچەكى ئۆزىگە زادىلا ياراشمىغان: چىرايلىق قىزىل يىپەك شايى بەلبېغىغا لىۋدۇۋىك كىرىستى ئېسىۋالغان بولۇپ، ئۇ قورسىقىدىن تۆۋەن ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئۇ قوپال يېشىل ماتادا ئىشتان كىيگەن بولۇپ، ئاق كەنپەستىن تىكىلگەن كەمزۇلى شۇنچىلىك قىسقا ئىدىكى، ھەتتا كىندىكىنىمۇ ياپالمايتتى. ئۇنىڭ پۇتىغا ئۇستىۋېشى شۇلا ئىدى. ئايىغىدا كۇلرەڭ ئۆتۈك، بېشىدا قىزىل كاكاردىسى بار دۇگىلەك شىلەپە، مۇرىسىگە يەكپاي پاگون قادىۋالغان: ئوڭ مۇرىسىدىكى-گېنېراللار قادايدىغان ئىككى كۈمۈش يۇلتۇزلۇق ئالتۇن ئېپولت، سول مۇرىسىدىكى بولسا ئاددىي سېرىق سوكنو پاگون ئىدى. سېرىق سوكنو پاگون ئۈستىگە ئوڭ مۇرىسىدىكى پاگونغا ئوخشىتىش ئۈچۈن ئىككى تال مىس يۇلتۇز قادالغان. ئېپولت بولسا ئادەتتىكىچە پۆپۈكلۈك بولماي، مۇرىسىگە ناتوغرا ھالدا، ئۇدۇل كېلىشىچە يىپ بىلەن تىكىپ قويۇلغان ئىدى.

ئۇنىڭ يېنىدا گىلەم ئۈستىدە، بىر قىلىچ ۋە چىرايلىق نەقىشلەنگەن بىر تاپانچا تۇراتتى.

ئۇنىڭ ئارقىسىدا قۇللارچە كەڭ ئىشتان كىيگەن ئىككى ياش بالا ئىندىمەستىن جىم تۇرۇپ، ماۋۇق پەي يەلپۈگۈچلەر بىلەن ئۇنى يەلپۈۋاتاتتى. قۇل بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان بۇ ئىككى بالا ئاق تەنلىك ئىدى.

قانداقتۇ بىر چېركاۋنىڭ ئىبادەت ئورۇندۇقىدىن ئولجا ئېلىنغان ئىككى تال تۆت بۇرجەك توق قىزىل مەخمەل ماموق تۆشەك كۆتەكنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدىكى چېتىپ چۇشۇرۇلگەن يۆلەنچۈككە يۆلەپ قويۇلغان ئىدى. بۇ ئادەمنىڭ ئوڭ تەرىپىدە مېنى ھېرئوت ئاياللىرىنىڭ قەھرى-غەزىپىدىن قۇتقۇزۇۋالغان ھېلىقى باخشى، يەنى ئوبى ئولتۇراتتى. نىگىر بولسا، پادىشاھلىق بەلگىسى بولغان ھاسىنى تۇتۇپ، بەئەينى جۇڭگودا ياسالغان چىنە بۇتقا ئوخشاش قىمىرلىماي، چازا قۇرۇپ جىمجىت ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ قويۇق قاشلىرى تېگىدىكى ئۆتكۈر كۆزلىرى ئاندا-ساندا قىمىرلاپ تۇراتتى، ئۇ مېنى باشتىن-ئايىغىمغىچە كۆزەتمەكتە ئىدى.

باشلىقنىڭ ئەتراپىدا نۇرغۇن بايراقلار، لەۋھەلەر تىكلەپ قويۇلغان. بۇلار ھەرخىل رەڭدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدە نىلۇپەر سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ئاق بايراقلار، ئۈچ خىل رەڭلىك بايراقلار ۋە ئىسپانىيە بايراقلىرى ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى، قالغانلىرىنىڭ رەڭگى ۋە تۈزۈلۈشى غەلىتە ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە چوڭ قارا بايراقمۇ بار ئىدى.

مېنىڭ دىققىتىمنى يەنە بىر نەرسە ئۆزىگە تارتتى، ئۇ بولسىمۇ باشلىقنىڭ باش تەرىپىدە، غارنىڭ تۆرىدە قاداپ قويۇلغان مۇلات ئوۋېنىڭ سۈرىتى ئىدى. ئوزۇن ئۆتكەن يىل قوزغىلاڭ كۆتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، لېيتنانت ژان باتىستا شاۋان ۋە باشقا يىگىرمە نېگىر-مۇلاتلار بىلەن بىللە كاپىتا چاقپەلەككە باغلاپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى. كاپىتنى بىر قاسساپنىڭ ئوغلى بولغان ئوۋېنىڭ بۇ سۈرىتى ئۆزى تەلەپ قىلغان شەكىلدە سىزىلغان بولۇپ، رەسىمدە ئۇ كۆكسىگە ليۇدوۋىك كرېستى ئوردېنى ۋە ياۋروپادىكى شاھزادە لىمبۇرگسكىدىن سېتىۋالغان لىق ئوردېنى تاقالغان پودپولكوۋنىك قىياپىتىدە تەسۋىرلەنگەن ئىدى.

مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغان قارا تەنلىك باشلىق ئوتتۇرا بويلۇق كىشى بولۇپ، سۈرلۈك چىرايىدىن ھىيلىگەرلىك ۋە رەھىمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ ماڭا يېقىنراق كېلىشنى بۇيرۇدى-دە، بىر نەچچە مىنۇت ئىندىمەي، چىرايىمغا راسا سەپسالدى، ئاندىن كېيىن خۇددى يىلپىزدەك ئىرجىيىپ، مېنى مەسخىرە قىلىپ شۇنداق دېدى: مەن بىئاسۇ بولىمەن!

مەن بۇ ئىسمنى ئاڭلاشنى كۈتكۈن بولسامۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇ ئىسمنىڭ دەھشەتلىك كۈلكە ئارىلاش ئېيتىلغانلىقىنى ئاڭلىغىنىمدا، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تىترەك ئولاشقاندەك بولغان بولسىمۇ، لېكىن چىرايىمدىكى خاتىرجەملىك ۋە مەغرۇرلۇق ئۆزگەرمىگەن ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاپ قايتۇرمىدىم.

ئاڭلاۋاتامسەن؟-دېدى ئۇ ماڭا چالا فرانسۇز تىلىدا،-سەن تېخى قوزۇققا ئولتۇرغۇزۇلمىدىڭ، دېمەك نۇسرەت تاپقان دۆلەتنىڭ باش قوماندانى، ھەربىي قىسىملارنىڭ گېنېرال-مايورى كاتولىك دىنىنىڭ ئۇلۇغ ھامىسى كەمىنە ژان بىئاسۇنىڭ ئالدىدا بويۇن ئېگىش پۇرسىتىڭ بارغۇ!

(قوزغىلاڭچىلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىرى قارشى تەرەپ ئالدىدا ئۆزلىرىنى گويا فرانسىيە شاھى، ئىنقىلاب داھىيسى، ئىسپانىيە

پادىشاھى قىياپىتىدە كۆرسىتىشكە ئىنتىلەتتى. ئۇلارنىڭ بۇ تاكتىكىسى ئەمەلىيەتتە سىناپمۇ كۆرۈلگەن ئىدى)

مەن قولۇمنى كۆكسۈمگە گىرەلەشتۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرىۋەردىم. ئۇ يەنە مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئادىتى شۇنداق بولسا كېرەك.

ئاھا، بايقىشىمچە، باتۇر ئادەم بولساڭ كېرەك؟ ئۇنداق بولسا، قېنى ئېيتقىنا، سەن كىرىئولمۇ؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ.

ـ ياق، فرانسۇزمەن، ـ دەپ جاۋاپ بەردىم.

ئۇ مېنىڭ تەمكىنلىكىمنى كۆرۈپ كۈلۈمسىرىدى ـ دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ناھايىتى ياخشى، كىيىملىرىڭگە قارىغاندا ئوفىتسىر بولساڭ كېرەك، نەچچە ياشقا كىردىڭ؟

ـ يىگىرمىگە.

ـ يىگىرمە ياشقا قاچان توشتۇڭ؟

بۇ سوئال نۇرغۇن قايغۇلۇق خاتىرىلەرنى ئېسىمگە سالدى. مەن ھىجران ئازابىنى ئويلاپ بىرنەچچە مىنۇت شوك تۇرۇپ قالدىم. ئۇ ئارقا ـ ئارقىدىن سوراۋەردى. مەن ئاخىر جاۋاپ بېرىپ شۇنداق دېدىم:

ـ سىنىڭ يولدىشىڭ لېوگرى دارغا ئېسىلغان كۈنى دەل يىگىرمە ياشقا توشقان ئىدىم.

بىئاسۇنىڭ رەڭگى غەزەپتىن تاتىرىپ كەتتى، ئەمما ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ھىجايدى ـ دە، شۇنداق دېدى:

لېوگرىنىڭ دارغا ئېسىلغىنىغا بۈگۈن توپتوغرا يىگىرمە ئۈچ كۈن بولدى. سەن، فرانسۇز، بۈگۈن كېچە لېوگرىدىن كېيىن يىگىرمە ئۈچ كۈنلا ئۆمۈر كۆرگىنىڭنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىسەن. لېوگرىنىڭ يولداشلىرى ئازاتلىق ئۈچۈن قانداق كۈرەش قىلغۇاتقانلىقىنى، گېنېرال مايۇر ژان بىئاسۇنىڭ باش شتابىدا نىملەرنى كۆرگەنلىكىڭنى، بۇ باش قوماندانىنىڭ ئۆز «پۇقرالىرى» ئۈستىدىن قانداق ھۆكۈمرانلىق قىلغۇاتقانلىقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرەلىشىڭ ئۈچۈن ساڭا بىر كۈنلۈك ئۆمۈر بېرىمەن.

ژان بىئاسۇ ۋە ئۇنىڭ يولدىشى ژان فرانسۇئالار ئۆزىگە بەرگەن «فرانسىيىنىڭ گېنېرال ـ ئادمىرالى» دىگەن ھەربىي ئۇنۋانلار پەقەت قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن نىگىر ـ مۇلاتلار ئوردىسى ئىچىدىلا ئېتىراپ قىلىناتتى.
بىئاسۇ يۇقىرىدىكى سۆزلەردىن كېيىن، مېنى غارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇشنى بۇيرۇدى، ئىككى ساقچى مېنى ئارىغا ئېلىپ تۇردى. ئاندىن ئۇ ئاديۇتانت فورمىسىدا كىيىنگەن بىرنەچچە نىگىرغا قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ بۇيرۇق بەردى:
يىغىلىش دۇمبىقى چېلىڭلار، پۈتۈن ئارمىيە بىزنىڭ باش شىتابىمىز ئالدىغا توپلانسۇن، ئۇلارنى كۆرەكتىن ئۆتكۈزىمىز، سىز، ئىمام ھەزرەتلىرى، ـ دەپ باخشىغا بۇرۇلدى ئۇ، ـ روھانى كىيىملىرىڭىزنى كىيىڭ ـ دە، بىزگە ۋە ئەسكەرلىرىمىزگە ئەمرى ـ مەرۇپ قىلىپ بېرىڭ!
باخشى ئورنىدىن تۇرۇپ، بىئاسۇغا ئېگىلىپ تازىم قىلدى ۋە ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنىمە دەپ پىچىرلىدى، ئەمما باشلىق ئۇنىڭ سۆزىنى رەت قىلىپ، ئۈنلۈك قىلىپ شۇنداق دىدى:
مېھرابىم يوق دىگىنىڭىز نىمىسى، ئىمام ھەزرەتلىرى! سىز تاغلار ئارىسىدا تۇرۇۋاتىسىز ـ غۇ، بۇ يەردە مېھراپ نىمە قىلسۇن؟ شۇنىڭ غېمىنىمۇ يەمدۇ! ئاللاتائالا قاچاندىن باشلاپ ئۆز بەندىلىرىدىن ئالتۇن ـ جاۋاھىرلار بىلەن زىننەتلەنگەن ھەشەمەتلىك ئىبادەتخانىلاردىلا ئىبادەت قىلىشنى تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدى؟ نۇھ پەيغەمبەر، مۇسا پەيغەمبەرلەرمۇ قاقاس تاغ ـ دەشتلەردە يۈرۈپ ئىبادەت قىلىشقا. شۇلارنىڭ ئۈلگىسى بويىچە ئىش قىلايلى، ھۆرمەتلىك ئاتا! ئاللاتائالاغا پەقەت چىن كۆڭۈلدىن ئىبادەت قىلىنسىلا كۇپايە، سىز مېھراپ يوق، دەپ نالىۋاتىسىز، بۇنىڭدىن ئۈچ كۈن ئاۋۋال پۇقرالىرىمىز ديۇبيۇ ئىسوننىڭ ئويىدىن ئولجا ئالغان ئەنە ئاۋۇ چوڭ قەن ساندۇقىدىن مېھراپ ئورنىدا پايدىلانسىڭىز بولمامدۇ؟
بىئاسۇنىڭ دىگىنى دەرھال ئىجرا قىلىندى. غار ئىچى كۆز يۇمۇپ ئاچقىچە ئىبادەت ئۆيگە تەييارلاندى. نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ كېمىسى بىلەن مۇقەددەس ئابىھايات قەدىھى كەلتۈرۈلدى. بۇلار مارى بىلەن ئىككىمىز قوشۇلغان ۋە بىزنىڭ نىكاھىمىز پەرۋەردىگار تەرىپىدىن مەقبۇل ئېتىلگەن ئاشۇ ئاكيول چېركاۋىسىدىن ئوغرىلاپ كېلىنگەن نەرسىلەر ئىدى. ئەپسۇسكى، بىزنىڭ پۈتۈن بەختىسىزلىكىمىزمۇ ئەنە شۇ يەردىن باشلانغان

ئىدى. ئوغرىلاپ كىلىنگەن قەنت ساندۇقى مېھراپ قىلىنىدى، ساندۇق ئۈستىگە ئىبادەت يوپۇقى ئورنىغا ئاق چايشاپ يېپىلدى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ مېھراپنىڭ يان تەرپىدىن «دىۋبىۋئىسونغا تېگىشلىك.KO نانتا شەھىرى» دېگەن ئادرېس كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

روھانىلىق ئىدىشلىرى مېھراپ ئۈستىگە قويۇلغاندا، باخشى كرېست يوقلۇقىنى بايقاپ قالدى-دە، دەرھال يېنىدىكى خەنجىرىنى ئالدى، خەنجەرنىڭ سېپى كرېست شەكلىدە ئىدى، خەنجەرنى ئالدىدىكى نۇھ كېمىسى، ئابىھايات قەدىھى ۋە ئىشلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا سانچىپ قويۇپ، ئاندىن بېشىدىكى باخشىلىق قالپىقىنى ۋە ئۈستىدىكى پەرىجىسىنى يەشمەستىنلا، ئاكيۇلدىكى روھانىدىن ئۇلجا ئالغان ئىبادەت رىداسىنى ئالدىراپ ئۇچىسىغا يېپىنىپ كۈمۈش تۈگمىلىرىنى ئەتتى-دە، مېھراپتىن بىر نەچچە قەدەم نېرىدا ئولتۇرغان بىئاسۇغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئېگىلىپ تازىم قىلدى. باخشىنىڭ بۇ ھەركىتى، مەن تەييار بولدۇم، دېگەن مەنىنى بىلدۈرەتتى. شۇ چاغدا بىئاسۇنىڭ ئىشارىتى بىلەن كەشمىر پەردىلىرى كۆتىرىلدى. بىز غار ئىشىكى ئالدىدا زىچ سەپ بولۇپ تىزلىنىپ تۇرغان قارا تەنلىك قوشۇننى كۆردۇق.

بىئاسۇ بېشىدىكى دۇگىلەك شىلەپىسىنى ئېلىپ مېھراپ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇردى-دە، «تىزلىنىپ ئولتۇرۇلسۇن!» دەپ ۋارقىرىدى.

«تىزلىنىپ ئولتۇرۇلسۇن!» دەپ تەكرارلاشتى ھەر بىر قىسىمنىڭ كوماندىرلىرى. دۇمباقلارنىڭ گۈمبۈرلىگەن ئاۋازى ياڭرىدى، پۈتۈن قوشۇن تىزلىنىپ ئولتۇردى. يالغۇز مەنلا كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئۆز ئۆزىنى تەھقىرلەش ھادىسىسىگە ھەيران بولغان ھالدا جايىمدىن قىمىرلىماي قاراپ تۇردۇم، بىراق، مېنى يالاپ تۇرغان ئىككى ياساۋۇل مۈرەمدىن بېسىپ تىزلىنىشقا مەجبۇر قىلدى، مەنمۇ ئىبادەتنى بىجا كەلتۈرۈش ئۈچۈن باشقىلارغا ئوخشاش تىزلىنىپ ئولتۇردۇم. باخشى تەنتەنىلىك ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ ۋەز ئېيتىشقا باشلىدى. بىئاسۇنىڭ ئىككى ئاق تەنلىك مەھرىمى ئۇنىڭ دىنىي ۋەز-نەسىھەتلىرىگە ياردەمچى ئاۋاز بىلەن جور بولۇشتى.

قوزغىلاڭچىلار توپى ئاۋۋالقىدەكلا پىشانىلىرىنى يەرگە تەككۈزۈپ، چوڭ ئېھتىرام بىلەن ئەمرى-مەرۇپ ئاڭلىماقتا ئىدى، باش قوماندانمۇ بىرىنچى بولۇپ ئۈلگە كۆرسەتتى.

باخشى سەجدە قىلىش ئالدىدا ئابىھايات سۈيى قاچىلانغان قەدەھنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈردى ـ دە، ئەسكەرلەر تەرەپكە قاراپ كرىئول تىلىدا شۇنداق دېدى: سىلەر ئەمدى بىلىسىلەر، جاناپلار، مەن ئۇنى سىلەرگە كۆرسىتىمەن. ئۇنى ئاق تەنلىكلەر ئۆلتۈرۈۋەتتى؛ ھەممە ئاق تەنلىكلەرنى ئۆلتۈرۈڭلار، ماگا چۈشىنىشلىكتەك بىلىنگەن ۋە قەيەردىدۇر ئاڭلىغان بۇ كەلىمە جاراڭلىشى بىلەنلا پۈتۈن توپ چۇقۇرلىشىپ كەتتى. نېگىرلار خېلى ۋاقىتلارغىچە قوراللىرىنى سىلكىشىپ، پىشانىلىرىنى يەرگە ئۇرۇشتى. بۇ دەھشەتلىك ئالا ـ چۇقان ماگا ئەجەل بولۇپ يېپىشماسلىقى ئۈچۈن بىئاسۇنىڭ ئۆزى ئارىلىششقا توغرا كەلدى. كرىستىنى خەنجەرگە ئالماشتۇرغان بۇ كىشىلەرنىڭ قەھرى ـ غەزىپى، ماتانىتى ۋە رەھىمسىزلىكى نەقەدەر زور تەۋرەشنى قوزغايدىغانلىقىنى ۋە ئۇلارنىڭ تەسىرلىنىشى نەقەدەر كۈچلۈك ۋە جىددىي بولىدىغانلىقىنى مەن ئەمدى چۈشەندىم.

## 22

ئىبادەت تامام بولغاندا، باخشى بىئاسۇغا بۇرۇلۇپ قاراپ ئېگىلىپ تازىم قىلدى، بىئاسۇ ئورنىدىن قوپتى ـ دە، ماگا قاراپ فرانسۇز تىلىدا شۇنداق دېدى:

ـ بىزنى خۇداسىز دەپ ئەيىپلىشىدۇ، بۇ پۈتۈنلەي تۆھمەت! مانا سەن بىزنىڭ تەقۋادار كاتولىكلار ئىكەنلىكىمىزنى كۆردۈڭ.

بۇ سۆزلەرنى ئۇ مېنى مەسخىرە قىلىپ ئېيتتىمۇ ياكى جىددىي ئېيتتىمۇ، بۇنى بىلمىدىم. كېيىن بىئاسۇ لېمۇ ـ لېپ قارا ماش پۇرچاق تولدۇرۇلغان قەدەھنى ئەكىلىشنى بۇيرۇدى، ئاندىن بۇ قەدەھكە بىر سىقىم ئاق پۇرچاقنى سالدى ـ دە، ئەسكەرلەرنىڭ ھەممىسىگە تولۇق كۆرسىتىش ئۈچۈن بېشىدىن ئېگىز كۆتۈردى ۋە شۇنداق دېدى:

ـ قېرىنداشلار، سىلەر گويا قارا پۇرچاق، سىلەرنىڭ دۈشمەنلىرىڭلار بولغان ئاق تەنلىكلەر بولسا ئاق پۇرچاق.

بۇ سۆزدىن كېيىن ئۇ قولىدىكى قەدەھنى سىلكىۋىدى، ئاق پۇرچاقلار بىردەمدىلا قارا پۇرچاقلارغا ئارىلىشىپ يوقاپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئىلھامبەخش ۋە تەنتەنىلىك ئاۋاز بىلەن دېدى:

ـ كۆردۈڭلارمۇ، سىلەرگە سىلىشتۇرغاندا، ئاق تەنلىكلەر ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ!

ئۆز رەھبىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشىگە جاۋابەن بارلىق قوشۇن تەنتەنىلىك ھالدا ۋارقىراشتى، چۇقان سادالىرى پۈتۈن تاغ ـ دالىنى ياڭرىتىۋەتتى. بىئاسۇ چالا بىلگەن فرانسۇز تىلىغا كىرئول ۋە ئىسپان تەلەپپۇزىنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ بىزنىڭ يۇۋاش، مۇلايىم چاغلىرىمىز ئۆتۈپ كەتتى. بىز ئۇزاق ۋاقىت خۇددى قويغا ئوخشاش مۇلايىم بولۇپ بەردۇق. ئاق تەنلىكلەر بولسا، بىزنىڭ بېشىمىزنى خۇددى قوي يۇڭىنى قىرقىغاندەك قىرقىشتى! مانا ئەمدى بىز ئاق تەنلىكلەر تارتىۋالغان ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ يولۋاس، ئارسلانلىرىدەك قەيسەر ۋە رەھىمسىز بولۇشىمىز كېرەك! ئۆز ھوقۇقىمىزنى پەقەت قوراللىق كۈرەش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرەلەيمىز، كىم كۈچلۈك ۋە رەھىمسىز بولسا، ئۇ ھەممىگە ئېرىشەلەيدۇ! دىنىي كالىنداردا «مۇقەددەس بۆرە» خاتىرىسى ئۈچۈن ئىككى قېتىم، ياغلىق قويماق يېيىش ئۈچۈن بولسا، پەقەت بىرلا قېتىم بايرام بەلگىلەنگەن. شۇنداقمۇ، ئىمام ھەزرەتلىرى؟

ـ باخشى ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ تازىم قىلدى.

بىئاسۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ئادىمىزات دۈشمىنى بولغان ئاق تەنلىكلەر ـ مۇستەملىكچىلەر، زېمىندارلار، سودىگەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي جىن ـ شەيتانلار، ئۇلار ۋەتىنىمىزگە كېلىپ، ئار ـ نومۇسسىزلىق بىلەن ھەممىنى ئۆزياتسىزلارچە ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار مۇرىسىگە قورال ئېسىپ، ئېسىل كىيىم كىيىپ، شەپكىلىرىگە يۇلتۇز تاقاپ، سۆلەت بىلەن يۈرۈشتى. بۇنى ئاز دەپ، رەڭگىمىز قارا، تېنىمىز يالىڭاچ بولغانلىقى ئۈچۈن، بىزنى كەمسىتىشتى! ئۇلار كۆرەڭلەپ، بىزنى گويا ماموق يەلپۈگۈچ بىلەن پاشا ـ چىۋىنلارنى قوغلىغاندەك، ئاسانلا قوغلىۋېتەلەيمىز، دەپ ئويلاشقان ئىدى.....

بىئاسۇ بۇ ئوخشىتىشنى ئىيتىۋېتىپ، ئۇنى تىنماي يەلپۈۋاتقان بىر ئاق تەنلىك مەھرەمنىڭ قولىدىن يەلپۈگۈچنى ئېلىپ، بېشى ئۈستىدىن زەردە بىلەن يەلپۈپ كۆرسەتتى.

ـ لېكىن، ـ دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، مېنىڭ قېرىنداشلىرىم، ـ باتۇر جەڭچىلىرىم ئۇلارغا بەئەينى ئۇچىسىدىن قوزغالغان چۈمۈلىلەر مۇردىغا

ئۇلاشقاندەك يېپيشقان چاغدا، سۆلەت بىلەن گىدەيگەن ئۇ ئاق تەنلىكلەر بىزنىڭ يالىڭاچ قوللىرىمىزدا مىجىقلاندى. ئۇلار بۇ يالىڭاچ قوللارنىڭ قۇدرىتىنى سەل چاغلىغان ئىدى! ئاق تەنلىكلەر شۇنى چۈشەنمىگەنكى، ياخشى ياغاچ پوستى بولمىسىمۇ يىرىلمايدۇ، چىڭ كىيىلىدۇ. بۇ زالىملار ئەمدى تىترەشمەكتە، راسا ساراسىمىگە چۈشمەكتە!

باشلىقنىڭ بۇ سۆزلىرىگە پۈتۈن قوشۇن «ئۇلار ساراسىمىگە چۈشمەكتە!» دەپ تەنتەنىلىك ۋارقىراپ جاۋاپ قايتۇردى.

ـ قارا تەنلىكلەر، كىرىئوللار ۋە كونگولۇق نىگىرلار!ـ دەپ خىتاپ قىلدى بىئاسۇ، ـئازاتلىق يولىدا ئىنتىقام ئېلىڭلار، ئۇلاتلار، بوشاشماڭلار! ئاق تەنلىك ئادىمي شەيتانلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشمەڭلار! سىلەرنىڭ داداڭلار ئاق تەنلىك بولسا، ئاناڭلار بىزنىڭ نەسلىمىزدىن، شۇنىڭ ئۈچۈن سىلەر مېنىڭ قېرىنداش جىگەرلىرىم. ئاق تەنلىكلەر سىلەرنى ھېچقانچان ئۆز ئوغلىدەك كۆرمىدى، بەلكى سىلەرنى خۇددى نىگىرلارغا ئوخشاشلا بىر قۇل، ئۆزلىرىنى خوجايىن دەپ ھېسابلىدى. سىلەر كۇندە كۆيگەن توشۇڭلارنى ئاران يېپىپ يۈرۈسىلەرۇ، سىلەرنىڭ زالىم ئاتاڭلارچۇ؟ ئۇلار چىرايلىق كىيىملەرنى، سوپۇن شىلەپىلەرنى كىيىشىپ، گىدىيىپ يۈرۈشىدۇ. دەم ئېلىش كۈنلىرىدە پېتى چۈشمىگەن كىيىملەرنى، بايرام كۈنلىرى يۇڭ رەختتىن ۋە مەخمەلدىن تىكىلگەن ئېسىل كاستۇملارنى كىيىپ، قېتىشىۋالىدۇ. قۇرۇپ كەتسۇن ئۇ بىكار تەلەپىلەر! ئەپسۇسكى، خۇدانىڭ مۇقەددەس ھۆكمى ئۆز دادىسىنى ئۆلتۈرۈشكە يول قويمايدۇ. شۇڭا سىلەر ئۆز داداڭلار بولغان ئاق تەنلىكنى دۈشمەن سۈپىتىدە كۆرۈپ قالساڭلار، بىر-بىرىڭلارغا: «مېنىڭ دادامنى سەن ئۆلتۈر، سېنىڭكىنى مەن» دېيىشىڭلارغا نىمە توسقۇنلۇق قىلىدۇ، قېرىنداشلار؟! پادىشاھ پۇقرالىرى، ئۆچ ئېلىڭلار! ھەممە كىشى ئەركىنلىك ئۈچۈن جەڭ قىلسۇن! بۇ چاقىرىق پۈتۈن ئارال بويىچە كەڭ قوللاشقا ئىگە بولدى. بۇ چاقىرىق بىرىنچى بولۇپ، چوڭ يەردە جاراڭلاپ، تاباگو ۋە كۇبانى غەپلەتتىن ئويغاتقان ئىدى. يېشىل تاغ ئوبلاستىدىن قاچقان بىر يۈز يىگىرمە بەش نىگىرنىڭ داھىيسى بۇكمان بىزنىڭ بايرىقىمىزنى بىرىنچى بولۇپ ئېگىز كۆتۈردى. ئۇنىڭ قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى سان-دومىنگو نىگىرلىرىنىڭ قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقىنىڭ تۇنجى قەدىمى بولدى. بىز ئۇنىڭ شانلىق ئۆلگىسىگە ۋارىسلىق

قىلىپ، بىر قولىمىزدا مەشئەلنى، بىر قولىمىزدا پالتىنى چىڭ تۇتايلى! ئاق تەنلىكلەرگە رەھىم-شەپقەت يوق! زېمىندارلارغا رەھىم-شەپقەت يوق! ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنى كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتىڭلار، يەر-زېمىنلىرىنى قاقاسلىققا ئايلاندۇرۇۋېتىڭلار! ئۇلارنىڭ يەر-زېمىنلىرىدا بىرەر مايسا كۆكلەپ چىقىدىغان بىرمۇ يىلتىز قالمىسۇن! ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ۋەيران قىلىۋېتىڭلار، ئاق تەنلىكلەرنى يەر يۇتسۇن! قېرىنداشلار، دوستلار، مەرتلەرچە ئالغا! بىز يوقىتىش جېڭى ئېلىپ بارايلى. يا غەلىبە، يا ھالاكەت! ئەگەر بىز غەلىبە قىلساق، ھاياتىنىڭ ھەممە ھۇزۇر-ھالاۋىتى ۋە شاتلىقى بىزنىڭ بولىدۇ. ئەگەر ئۆلسەك، توپ-توغرا خۇدانىڭ دەرگاھىغا بېرىپ، جەننەتكە كىرىمىز، ئۇ يەردە بىزنى مۇقەددەس ھور غۇلمانلار كۈتۈۋالىدۇ، ھەر بىر باتۇر جەڭچى ئۇ يەرگە بارغاندا ئىككى قەدەھ ھەۋزى-كەۋسەرگە، نۇرغۇن دۇنياغا ئىگە بولىدۇ!

ئەسكەرچىسىگە قىلىنغان بۇ تەرغىبات، ئېھتىمال، سىلەرگە كۈلكىلىك ئاڭلىنار، جاناپلار، لېكىن بۇ نۇتۇق قوزغىلاڭچىلارغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى. بىئاسۇنىڭ سۆزىدىكى ئاددەتتىن تاشقىرى كەسكىنلىك، چىرايىدىكى جىددىيلىك، تەلەپپۇزىدىكى ئىلھامبەخش ئىبارە ۋە سۆزلەۋېتىپ بەزىدە كۈلۈپ قويۇشلىرى، ھەقىقەتەنمۇ، ئۇنىڭدا ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ئاجايىپ بىر قۇدرەت بارلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ پاكىتلارنى راسا ئورۇنلۇق قويۇشى، جۇشقۇن ۋە يېقىملىق نۇتۇق سەنئىتى قوزغىلاڭچىلارنىڭ زوقىنى قوزغىدى. ئۇلارنىڭ پۈتۈن دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. بىئاسۇنىڭ چىرايلىق نۇتقى ئاڭلىغۇچىلارنى زادىلا زېرىكتۈرمىدى.

بىئاسۇنىڭ تەرغىباتىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ جەڭچىلىرى قانچىلىك ھاياجانلىنىپ، روھلىنىپ كەتكەنلىكى ھەققىدە سىلەرگە كۆپ سۆزلىمەكچى ئەمەسمەن. ۋارقىراشلار، نالە قىلىشلار ۋە شاۋقۇن-سۈرەنلەر ئومۇمىي خور ناخشا بىلەن ئالمىشىپ كەتتى. بىرى كۆكرىكىگە مۇشتلىسا، بىرى قىلىچىنى شىلتىيتتى... كۆپلىگەن قوزغىلاڭچىلار ئولتۇرغان پېتى ياكى يانپاشلىغان پېتى ھاياجان ئىچىدە داڭ قېتىپ قېلىشتى. بەزى نېگىر ئاياللىرى بېلىق قوۋۇرغىسىدىن ياسالغان تاغاقلىرىنى ئېلىپ قول ۋە كۆكرىكىنى تىلاتتى. گىتار، دۇمباق، بالافۇ قاتارلىق

مۇزىكىلارنىڭ ساداسى گۈمبۈرلىگەن مىلتىق ئاۋازى بىلەن قوشۇلۇپ، گويا ئالۋاستىلار مەشرىپىدەك ئاجايىپ ئالا ـ تويىلاڭ ھاسىل قىلدى.

بىئاسۇ توختاشنى ئىشارەت قىلىپ قولىنى كۆتۈرگەندە، پۈتۈن توپ خۇددى سېھىرلەنگەندەك بىردىنلا جىم بولۇپ، ھەربىر نىگىر دەرھال ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ تۇرۇشتى.

بىئاسۇنىڭ ئۆز ئارمىيىسى ئىچىدە ئورناتقان بۇ تەرتىپى، كىشىلەرنى ئۆزىگە شۇنچە تېز بويسۇندۇرالىشى ھەتتا مېنمۇ قايىل قىلدى دېسەم ئورۇنلۇق بولىدۇ. قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ بارلىق ئەسكەرلىرى ئۆز باشلىقىنىڭ بىرلا ئىشارىتى بىلەن دەرھال ھەرىكەتكە كېلىدىغاندەك ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى گويا مۇزىكانت پىئانىنوغا قولىنى تەككۈزە ـ تەككۈزمەيلا ئاۋاز چىققانغا ئوخشاپ كېتەتتى.

ئەمدى يېڭى مەنزىرە، يېڭى ئالدامچىلىك ـ ھىيلىگەرلىك ھادىسىلىرى دىققىتىمنى جەلپ قىلىشقا باشلىدى: يارىدارلارنى داۋالاش ـ ئەملەش باشلاندى.

قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسى ئىچىدە ھەم ئىمامىلىق ھەم دوختۇرلۇقتىن ئىبارەت ئىككى ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدىغان باخشى، يەنى OBI جەڭچىلەرنى دىنى جەھەتتىن داۋالاپ بولغاندىن كېيىن، كېسەل ـ يارىدارلارنى جىسمانىي جەھەتتىن ئەملەشكە ئۆتتى. ئۇ ئۇستىدىكى چىركاۋ كىيىملىرىنى يېشىۋېتىپ، چوڭ ساندۇقنى ئەكىلىشنى بۇيرۇدى. ئۇنىڭ بۇ ساندۇقى بىرنەچچە قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا دورا ـ دەرمەك ۋە جەرراھلىق سايمانلىرى ساقلىناتتى. باخشى بۇ سايمانلاردىن پات ـ پات پايدىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بىلىق قوۋۇرغىسىدىن قىلىنغان ئۆتكۈر نەشتەرلەر ئارقىلىق ماھىرلىق بىلەن قان ئالاتتى. بۇ ھەرىكەتلىرىدىن ئۇنىڭ پىچاق، ئامبۇر ياكى قىسقاچلار بىلەن يارىنى يېرىشنى بىلمەيدىغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ كېسەللەرگە تولاراق دالا ئاپېلسىنلىرى، ھەرخىل گىياھ يىلتىزلىرى ۋە ئوت ـ چۆپلەردىن قايىنتىلغان دورىلارنى ياكى بىرنەچچە يۇتۇم قەنت ئارىلاشتۇرۇلغان شاراپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنەتتى. ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋە ھەممىگە داۋا دەپ ھېسابلايدىغان بىردىن ـ بىر دورىسى ئۈچ ئىستاكان قىزىل ۋىنو ئىدى، ۋىنوغا ئۇۋۇتىلغان بادام مېغىزى ۋە پىشۇرۇلغان تۇخۇم سېرىقىنى ئارىلاشتۇرۇپ بېرەتتى. بۇ قىممەتلىك دورا ئەڭ ئېغىر كېسەللەرگە ۋە

يارىدارلارغىلا بېرىلەتتى. سىلەر باخشىنىڭ بۇ دوختۇرلۇق ماھارىتىنىڭ خۇددى ئۇنىڭ دىنىي كارامەتلىرىگە ئوخشاشلا كۈلكىلىك، ئىپتىدائىي ئىكەنلىكىنى، ئەلۋەتتە، چۈشىنىسىلەر. ئۇنىڭ ئۆزىگە تاساددىپىي يولۇقۇپ قالغان ئازغىنا دورا ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن كېسەللەرنى سەللىمازا ساقايتىپ، نېگىرلارنىڭ ئىشەنچ-ئىخلاسىنى قولغا كەلتۈرۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ كېسەللەرگە دورا بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بىمارنىڭ ئېڭىغا، روھىغا تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن ھەرخىل سېھىرگەرلىكلەردىنمۇ پايدىلىناتتى. ئۇ بەزى چاغلاردا كىشلەرنىڭ يارىسىغا قانداقتۇ سىرلىق ئىما -ئىشارەتلەر بىلەن كۇف-سۇف قىلىپ قوياتتى. بەزىدە بولسا، ئۆتمۈشتىن قېپقالغان ۋە كىشلەرنىڭ ئېڭىغا سىڭىپ كەتكەن بەزىبىر خۇراپىي دىنىي تەسەۋۋۇرلاردىن ۋە ئىرىم-سىرىملاردىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلىنىپ، بىمارنىڭ يارىسىغا ھېكمەتلىك لاتىغا ئورالغان قوماچ قىستۇرۇپ قوياتتى-دە، بىر پارچە تاشقا ئاغرىق پەسەيتىدىغان ئۇلۇغ ئايەتلەرنى يېزىپ بېرەتتى. ئەگەر پالانچى كېسەل ساقىيالماي ئۆلۈپ كېتىدۇ ياكى بەرگەن دورا پايدا قىلماپتۇ دېيىلسە، ئۇ تەنتەنىلىك ھالدا مەن ئۇنىڭ ساقىيالماي ئۆلىدىغانلىقىنى بۇرۇندىنلا بىلەتتىم. چۈنكى ئۇ خائىن ئىدى، پالانى چاغدىكى ئوت قويۇشتا ئۇ بىر ئاق تەنلىكنى قۇتقۇزۇۋالغان، ئاشۇ خائىنلىقى ئۈچۈن جازالىنىپ ئۆلدى! دەپ جاۋاب بېرەتتى. بۇنى ئاڭلاپ ھەيران قالغان قوزغىلاڭچىنىڭ كۆڭلىدە ئۆلگۈچىگە نەپرەت، ئاق تەنلىكلەرگە تېخىمۇ ئۆچمەنلىك قايغۇسى قوزغىلاتتى. بۇ ئالدامچى باخشىنىڭ كېسەل داۋالاشتىكى يەنە بىر ئۇسۇلى ماڭا باشقىچە تەسىر قىلدى، ئۇ ئاخىرقى جەڭدە ئېغىر يارىلانغان بىر قارا تەنلىك باشلىقنى داۋالاشتا تۆۋەندىكىچە ئۇسۇل قوللاندى: دەسلەپ ئۇنىڭ يارىسىغا ئۇزۇن سىنچىلاپ قاراپ، ئۆزى بىلگەنچە يارىنى تاڭدى، ئاندىن كېيىن ئۆملەپ مېھراپقا چىقىپ: يارا زادىلا خەتەرلىك ئەمەس! دەپ خىتاپ قىلدى، شۇنىڭدىن كېيىن دىنىي كىتابنىڭ ئۈچ - تۆت ۋارىقىنى يىرتىپ ئالدى-دە، ئۇنى ئاكيۇل چېركاۋسىدىن ئولجا ئالغان ئىسرىقدانغا سېلىپ كۆيدۈردى، بۇ مۇقەددەس ۋاراقلارنىڭ كۈلىنى ئىبادەت قاچىسىدىكى بىرنەچچە تامچا ۋىنوغا ئارىلاشتۇرۇپ، يارىدارغا شۇنداق دېدى: ئىچ ئاغرىقىڭغا شىپالىق بېرىدۇ!

گالۋاڭ نىگىر ئالدامچى باخشىغا ئىخلاس بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپ ۋىنونى ئىچىۋەتتى، باخشى بولسا مۇلايىملىق بىلەن ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، تەگرىدىن ئۇنىڭ كېسىلىگە شىپالىق تىلىدى. ئېھتىمال، بىمارنىڭ ساقىيىشىغا بولغان ئىشەنچى كېسىلىنىڭ تۈزىلىپ كېتىشىگە ياردەم بەرسە كېرەك.

## 23

يۇقۇرىدىكى ھادىسىلەرگە ئۇلىشىپ يېڭى ھادىسىلەر بولۇپ ئۆتتى. بۇ ھادىسىلەردىمۇ ئاشۇ نىقاپ تارتقان باخشى باش رول ئوينىدى. ئۇ باخشىلىقتىن ئىماملىققا، ئىماملىقتىن دوختۇرلۇققا ئۆزگەرگەن بولسا، ئەمدى رەمچىگە ئايلاندى،

ـ ئاڭلاڭلار، خالايىق!ـ دەپ خىتاپ قىلدى باخشى قەن ساندۇقىدىن ياسالغان مېھراپىنىڭ ئۇستىگە چاققانلىق بىلەن سەكرەپ چىقىپ ۋە پۇتلىرىنى ئېتەكلىرىدە يۆگەپ ئولتۇرۇپ،ـ خالايىق، قۇلاق سېلىڭلار! كىمكى ئۆزىنىڭ كەلگۈسىنى تەقدىر كىتابىدىن بىلىشنى خالىسا، مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن، مەن ئۇنىڭغا كەلگۈسىنى سۆزلەپ بېرىمەن، مەن لوللارنىڭ رەمچىلىك ئىلمىنى ئۆگەنگەن كىشىمەن.

بىر توپ نىگىر بىلەن مۇلاتلار گۇرۇدە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشتى.

ـ بىرـ بىردىن كىلىڭلار، ئەگەر ھەممىڭلار بىراقلا يىپىلىپ كەلسەڭلار، يامان بولىدۇ، ھەممىڭلار بىراقلا گۆرگە ماڭىسىلەر!ـ دىدى باخشى ئۇنلۇك ئاۋازدا. ئۇنىڭ ئاۋازى قاچاندۇر بىر ۋاقىتلاردا ئاڭلىغان چىقىراق ئاھاڭنى ئېسىمگە سىلىپ، مەندە چۈشىنىكسىز ئەسلىمىلەرنى قوزغىدى.

نىگىرلار توختاپ قېلىشتى. شۇ پەيتتە بىئاسۇنىڭ ئالدىغا ئاق شىم ـ تۇجۇركا كىيگەن بىر مۇلات كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ بېشى باي يەر ئىگىلىرىنىڭكىگە ئوخشاش يىپەك ياغلىق بىلەن تېڭىلغان ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قورقۇنچ ئالامىتى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ـ خوش، نىمە گەپ؟ـ ئاستا سورىدى باش قوماندان،ـ نىمە بولدىڭىز، رىگو؟

بۇ كىشى كېيىنكى ۋاقىتلاردا گېنېرال رىگو دەپ داڭ چىقارغان كەيى ئوبلاستىدىكى مۇلاتلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئۆزىنىڭ زالىملىقى ۋە قاتتىق قوللۇقلۇقىنى ساختا مۇلايىملىق بىلەن نىقاپلاپ يۈرىدىغان ۋە ساددا، ئاقكۆڭۈل قىياپىتىدە كۆرۈنىدىغان كىشى ئىدى.

مەن ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن سەپسالدىم.

ـ گېنېرال، ـ دېدى رىگو (ئۇ ناھايىتى ئاستا سۆزلىسىمۇ، مەن بىئاسۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىقىمدىن ھەممە سۆزنى ئاڭلىدىم)ـ ژان فرانسۇئا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن بىر چاپارمەن لاگىرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇكمان تۇزار تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ يېگىلا ئۆلتۈرۈلگەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاق تەنلىكلەر بۇكماننىڭ كاللىسىنى ئولجا ھېساپلاپ، شەھەردە سازايى قىلىشقا تەييارلىنىۋېتىپتۇ.

ـ شۇلىما؟ ـ دەپ سوئال قويدى بىئاسۇ. ئۇنىڭ باشلىقلار سانىنىڭ بارغانسېرى ئازىيىشى نەتىجىسىدە، مەن تېخىمۇ ئابرۇيلۇق بولىمەن، دىگەن يوشۇرۇن خۇشاللىقىنى كۆزلىرىدىن روشەن بىلىنىپ تۇراتتى.

ـ ژان فرانسۇئانىڭ چاپارمىنى سىزگە يەنە مەكتۇپ ئېلىپ كەلگەن.

ـ ياخشى، ـ دېدى بىئاسۇ، ـ سادىغاڭ كېتەي، رىگو، ماڭا گۆردىن چىققان ئۆلۈكتەك قارىماڭا!

ـ ئەجىبا، گېنېرال، بۇكماننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئۆز قوشۇنىڭىز ئىچىدە بىرەر ئالاقزادىلىك قوزغىشىدىن ئەندىشە قىلمىسىڭىز....؟ ـ دېدى رىگو.

ـ ئۆزىڭىزنى سادىقلىقىڭىز سالماڭ، رىگو، ـ دېدى باشلىق، ـ بىئاسۇنىڭ قانداقلىقىنى ھازىر بىلىسىز. چاپارمەننى چارەك سائەت توختىتىپ تۇرۇڭ!

بىئاسۇ باخشىنىڭ ئالدىغا كەلدى. پەقەت مەنلا ئاڭلاپ تۇرغان بۇ سۆھبەت بولۇۋاتقاندا، باخشى ھە دەپ ئۆزىنىڭ كارامەت كۆرسىتىشى بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ كارامەتلەرگە ھەيران بولۇپ ئاغزىنى ئېچىپ قالغان نېگىرلارغا بىرنەچچە ئېغىز سوئال قويۇپ، ئۇلارنىڭ پېشانىسى ۋە ئالقان سىزىقلىرىغا قاراپ، كەلگۈسىدە بەختلىك ياكى بەختسىز بولىدىغانلىقى ھەققىدە ھۆكۈم چىقىرىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بېرىدىغان بىشارىتى نېگىرلار تاۋاققا تاشلىغان كۈمۈش، ئالتۇن پۇللارنىڭ جاراڭلىغان ئاۋازىغا، پۇلنىڭ ئاز-كۆپلىكىگە قاراپ بەلگىلىنەتتى. بىئاسۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنەچچە ئېغىز سۆز

قىلـدى، رەمچـى بولسـا، چىرايىغـا قـاراپ تەلەيىنــى سـۆزلەپ بېرىشــنى داۋام قىلىۋەردى.

ـ كىمنىڭ پېشانىسىدىكى قورۇقلار كۆن نۇرىدا تۆت بۇرجەك ياكى ئـۈچ بۇرجەك كۆلەڭگە ھاسىل قىلسا، ئۇ ئـادەم جاپـا چەكمەيـلا چەكسـىز بايلىققا ئىگە بولىدۇ. ئەگەر پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياكى بىر چېتىــدە S ھەرىــپىگە ئوخشايدىغان بەلگە پەيدا بولسا، بۇ ـ شۇملۇق بەلگىسى. كىمنىڭ پېشانىسىدە مۇشۇنداق بەلگە پەيدا بولىدىكەن، ئۇ چوقۇم سۇغا چۆكۈپ ئۆلىــدۇ. ئۇنــداق ئادەم زادىلا سۇ بويىغا كەلمەسلىكى كېرەك.

بۇرۇننىــڭ ئۈسـتى تەرىپىــدىن پېشـانە تەرەپـكە قـاراپ كەتـكەن تـۆت ســىزىق جــۈپ ھالــدا كۆزنىــڭ ئۈســتىگە ســوزۇلغان بولســا، بــۇ شــۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئۇنىڭ ھىمايىسى ئۇرۇشتا ئەسىر چۈشۈپ قالىدۇ ۋە دۈشـمەن قولىدا قاتتىق ئازاپلىنىدۇ.

رەمچى بىرئاز توختىدى.

ـ بۇرادەرلەر، ـ دېدى ئۇ تەنتەنە بىـلەن، ـ مەن بۇنـداق بەلگىنـى بـاتۇر قىزىلتاغ قوشۇنىنىڭ داھىيىسى بىيۈگ ـ ژارگالنىڭ پېشانىسىدە كۆرگەن ئىدىم.

باخشىنىڭ بۇ سۆزى بىيۈگ ـ ژارگالنىڭ ئەسىر چۈشكەنلىكى ھەققىـدىكى خەۋەرنى يەنە بىر نـۆۋەت تەسـتىقلىدى. بـۇ سـۆز ئېيتىلىشـى بىلەنـلا قىزىـل ئىشتان كىيگەن نىگىـرلار چۇقۇرۇشـۇپ كەتتـى، بـۇلار قىزىلتـاغ قوشـۇنىنىڭ جەڭچىلىرى ئىدى.

رەمچى سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ئەگەر پېشانەڭلەرنىڭ ئوڭ تەرىپىدە، يەنى ئايغا قارىغـان تەرىپىـدە ئارىغا ئوخشايدىغان بەلگە بولسا، بايرام قىلىشتىن ھەزەر قىلساڭلار، ئەيشـى ـ ئىشرەتتىن ئۆزەڭلارنى تارتىڭلار، پېشـانىنىڭ كـۈنگە قارىغـان تەرىپىـدىكى ئەرەپچە ئۈچ رەقەمـگە ئوخشـايدىغان كىـچىك، ئەممـا ئەڭ گەۋدىلىـك بەلـگە قاتتىق تاياق ئاستىدا ئازاپلىنىشتىن بىشارەت بېرىدۇ....

شۇ پەيتتە ئىسپانىيە دومىنگوسىدىن بولغان بىر قېرى نىگىر رەمچىنىڭ سـۆزىنى بۆلـدى. ئـۇ رەمچىنىــڭ ئالـدىغا ئۆمىلەپ كېلىـپ يارىسـىنى تېڭىـپ قويۇشنى ئۆتۈندى، ئۇنىڭ پېشانىسى قاتتىق يارىلانغان. بىـر كـۆزى قويۇلـۇپ سـاڭگىلاپ قالغـان، يـۈز ـ كـۆزى قىــپ ـ قىزىـل قالغـان بويالغـان ئىــدى.

كىسەللەرنى داۋالاش ۋاقتىدا باخشى ئۇنى ئۇنتۇپ قالغان ئىكەن، ئەمدى ئۇنى كۆرۈپ رەمچى شۇنداق دىدى:

ـ پىشانىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ـ ئاي تەرەپتىكى ئىنچىكە سىزىقلار كۆزنىڭ زەخىملىنىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇرادەر، مەن سىنىڭ پىشانەڭدە ئەنە شۇنداق سىزىق بارلىقىنى ئېنىق كۆردۈم، قېنى ئالقىنىڭنى كۆرسەتكىنە!

ـ سادىغاڭ كېتەي، تەقسىر، ـ دەپ يالۋۇردى ئۇ، ـ كۆزۈمنى بىر كۆرۈپ بېقىڭ!

ـ قاقۋاش، ـ دىدى ئۇنىڭغا باخشى ۋارقىراپ، ـ سىنىڭ كۆزۈڭ بىلەن چاتىقىم نىمە! قولۇڭنى بەر، دەۋاتىمەن ساڭا!

بىچارە يارىدار مىنىڭ كۆزۈم!....دەپ قاقشاپ تۇرۇپ قولىنى چىقاردى.

ـ ھەببەللى، ـ دىدى رەمچى، ـ ئالقىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇششاق چىكىتلىك سىزىق بار ئادەم بىر كۆزىدىن جەزمەن ئايرىلىدۇ. چۈنكى، بۇنداق سىزىقلار قارغۇلۇقتىن دېرەك بېرىدۇ. مانا، سىنىڭ ئالقىنىڭدا ئاشۇنداق سىزىقلار ۋە چېكىتلار بار ئىكەن.... سىنىڭ، بەربىر كۆزۈڭ كور بولىدۇ!

ـ مىنىڭ بىر كۆزۈم ئاللىقاچان كور بولۇپ بولدىغۇ! ـ دەپ ۋارقىرىدى قېرى نېگىر ئېچىنىشلىق بىلەن.

ئەمما ئاللىقاچان دوختۇرلۇق قىياپىتىدىن ئۆزگەرگەن باخشى ئۇنى قاتتىق سىلكىۋېتىپ، بىچارە قېرى نېگىرنىڭ سۆزىگە ھېچبىر ئەھمىيەت بەرمەيلا سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ بۇرادەرلەر، ئەگەر پىشانىدە ئىنچىكە، ئەگرى ـ بۈگرى، ئۇششاق يەتتە سىزىق بولسا، بۇ شۇ ئادەمنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. كىمنىڭ قوشۇمىسىنىڭ ئايغا قارىغان تەرىپىدە بىر ـ بىرىگە قوشۇلغان كرېست شەكلىدە سىزىقلار بولسا، ئۇ ئادەم جەڭدە ئۆلىدۇ.

ئالقان سىزىقلار بارماقلار تۈۋىگە كەلگەندە كرېست شەكلىدە قوشۇلغان بولسا، بۇ شۇ ئادەمنىڭ جاللات قولىدا ئۆلىدىغانلىقىدىن بىشارەت بېرىدۇ. مەن سىلەرگە شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، قېرىنداشلار، قەھرىمان ئازاتلىق جەڭچىلىرىدىن بىرى بولغان بۇكماننىڭ پىشانىسىگە يۇقۇرىدىكىدەك ئۈچ تەقدىر پۈتۈلگەن ئىدى.

بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كارامەتلەرگە ھەيران قالغان ساددا نىگىرلارنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، ئۇلار كۆزلىرىنى جامەدەك ئېچىشىپ، ھاڭ ـ تاڭ بولۇشۇپ، تاشتەك قېتىپ قېلىشتى.

ـ بۇكماننىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بۇ دەھشەتلىك ئالامەت، ـ دېدى رەمچى، ـ بىرلا ۋاقىتتا ئۇنىڭغا ھەم جەڭدە ئۆلۈش، ھەم جاللات قولىدا ئۆلۈشتەك ئىككى تەقدىرنى كەلتۈرەمدۇ ـ يوقمۇ، بۇنى ئېنىق بىلمەيمەن، لېكىن مېنىڭ بىشارىتىم غەلەت چىقمايدۇ.

ئۇ جىم بولدى ۋە بىئاسۇغا بىر قارىۋالدى. بىئاسۇ ئادىيۇتانتلىرىنىڭ بىرىگە ئاستا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدى، ئادىيۇتانت دەرھال غاردىن چىقىپ كەتتى.

ـ ئېغىزى كەلسە ـ كەلمەس سۆزلەيدىغان شالاق بولسا، ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى رەمچى كۆپچىلىككە ھىيلىگەرلىك ۋە مۇغەمبەرلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپ، ـ بەدەن تۈزۈلۈشى قاملاشمىغان بولسا، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمىسە، ئۇنىڭ ئۈستىگە سول بارمىقى نېمە ئۈچۈندۇر ئىچىگە ئېگىلگەن بولسا، بۇ بەلگىلەرنىڭ ھەممىسى شۇ كىشىنىڭ ئەزەلدىن پاراسەتسىز يارىتىلغانلىقىنى، ئېسى پەسلىگىنى، بوشاڭلىقىنى ۋە ئەخمەقلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

بىئاسۇ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى. شۇ ئەسنادە ئۇنىڭ ئادىيۇتانتى قايتىپ كىردى. ئادىيۇتانت توپا ـ چاڭغا، پاتقاققا مىلەنگەن بىر نىگىرنى باشلاپ كىرگەن ئىدى، ئۇنىڭ تىكەن كىرگەن ۋە تاشلارغا تېگىپ زەخىملەنگەن پۇتلىرىغا قارىغاندا، ئۇزاق يوللارنى بېسىپ كەلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ ـ رىگو ئېيتقان ھېلىقى چاپارمەن ئىدى. ئۇنىڭ بىر قولىدا پېچەتلەنگەن مەكتۇپ، يەنە بىر قولىدا بىر ۋاراق مولجامە قەغەز بولۇپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىلغان ۋە ئۇقىيا ئۆتكۈزۈلگەن يۈرەك سۈرىتى بار چوڭ تامغا بېسىلغان، تامغىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چىرايلىق خۇشخەت بىلەن M ۋە N ھەرپلىرى يېزىلغان ئىدى. ئېھتىمال، بۇ ھەرپلەر ئەركىن مۇلاتلار ۋە نىگىر قۇللار ئىتتىپاقى دېگەن سۆزنى ئىپادىلىسە كېرەك. مەن ئىككى ھەرپ ئەتراپىدا يېزىلغان تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ئوقۇدۇم: بىدئەت غەلىبە قىلدى، زەنجىرلەر پاچاقلاندى، ياشىسۇن كارول! بۇ قەغەز ژان ـ فرانسۇئا تەرىپىدىن بېرىلگەن مەخپىي پارول ئىدى. چاپارمەن ئۇنى بىئاسۇغا بەردى ـ دە، پېشانىسى يەرگە

تەككىچە ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، پېچەتلەنگەن مەكتۇپنى ئۇزاتتى. باش قوماندانلىق دەرھال مەكتۇپنى ئېچىپ كۆز يۈگۈرتۈپ ئوقۇپ چىقتى. قەغەزلەرنىڭ بىرىنى يانچۇقىغا سېلىپ، يەنە بىرىنى مىجىقلاپ تۇرۇپ، مەيۇس ھالدا شۇنداق دېدى:

ـ پادىشاھ پۇقرالىرى!....

نېگىرلار ئۇنىڭغا ئېگىلىپ تازىم قىلدى.

پادىشاھ پۇقرالىرى! نۇسرەت تاپقان دۆلەتنىڭ باش قوماندانى، قوشۇنلارنىڭ گېنېرال ـ مايورى، كاتولىك دىنىنىڭ ئۇلۇغ ئەربابى ژان ـ بېئاسۇغا فرانسىيىنىڭ گېنېرال ـ ئادمىرالى، ئارمىيە فىلد مارشالى، ئىسپانىيە ۋە ھىندىستان شاھىنىڭ يېقىن ئەربابى ژان ـ فرانسۇئا تۆۋەندىكىلەرنى ئىزھار قىلغان: ياماىكا باش ۋالىيسى بىلكوم تەرىپىدىن مۇستەقىل دەپ ئېتىراپ قىلىنغان بىر يۈز يىگىرمە نەپەر يېشىل تاغ نېگىرلىرىنىڭ داھىيسى بۇكمان بۇگۇن ئازاتلىق ۋە ئىنسانىيەت ئەركىنلىكى ئۈچۈن، جاھالەت ھەمدە ۋەھشىيلىككە قارشى ئېلىپ بېرىلغان شانلىق جەڭدە قۇربان بولدى، بىزنىڭ بۇ قەھرىمان داھىيمىز نائىنساپ تۇزارىنىڭ ئاق تەنلىك قاراقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ ئۆلتۈرۈلدى. بۇ ئەبلەخلەر ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئۇنى كاپ شەھرىنىڭ ھەربىي مەشىق مەيدانىدا ـ جاللاتلار سەھنىسىدە شەرمەندىلەرچە سازايى قىلىش ئارقىلىق ئۆچ ئېلىشنى قارار قىلىشتى.

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بارلىق نېگىرلار قايغۇلۇق ھالدا جىم تۇرۇشتى. ئەمما، باخشى ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ مىھراپقا چىقتى ـ دە، ئاق ھاسىسىنى پۇلاڭلىتىپ تەنتەنىلىك ھالدا ۋارقىراپ شۇنداق دېدى:

ـ سۇلايمان پەيغەمبەر، زوھەر خېزىر پەيغەمبەر، كاردانو، ئىلياس پەيغەمبەر، ئەپراسىياپ، ئۇلۇغ ئالبىر، بۇئابدىل، ژان دې ـ خاگىن، ئانار باراترو، دانىيال پەيغەمبەر، راشېل فىلىنتىس، ئالتورنىنو، سىلەرنىڭ ھەممىڭلارغا بارىكاللا! سىلەر ياراتقان مۇنەججىملىك ئىلمى مېنى ئالداپ قويمىدى! ئوغۇللىرىم، دوستلار، قېرىنداشلار، گۆدەكلەر، نارىسىدىلەر، ئانىلار ۋە بۇ يەردە مېنىڭ سۆزۈمنى ئاڭلاپ تۇرغان بارلىق كىشىلەر، مەن بايا نېمىدىن بىشارەت بەردىم؟ نېمە دېدىم؟ بۇكماننىڭ پېشانىسىدىكى سىزىقلارغا قاراپ، مەن ئۇنىڭ ئۇزاق ياشىمايدىغانلىقىنى ۋە جەڭدە ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ ئالقان سىزىقلىرى جاللات قولىدا ئۆلۈشنى كۆرسىتىپ

تۇراتتى. مېنىڭ ھۆنىرىم ھېچقاچان ھېچكىمنى ئالدىغان ئەمەس! بۇكىمانىڭ ھالاكىتى، ئەمەلىيەتتە، خۇددى مەن بېشارەت قىلغاندەك بولۇپ چىقتى. مەسىلەن، ئۇ مەن ئېيتقاندەك، ھەم جەڭدە، ھەم جاللات قولىدا ئۆلدى، بۇنىڭغا قايىل بولۇش كېرەك، قېرىنداشلار!

بۇ نۇتۇق سۆزلىنىۋاتقاندا، نېگىرلارنىڭ قايغۇلۇق كەيپىياتى قانداقتۇ خۇراپىي ئېتىقاد دەھشىتى بىلەن ئالماشتى، ئۇلار باخشىنىڭ سۆزلىرىنى ھەم ئىشىنىش، ھەم قورقۇنچ تۇيغۇسى بىلەن ئاڭلىدى. باخشى ئۆزىنىڭ سۆزلىرىگە مەسلىكى كېلىپ قەنت ساندۇقى ئۈستىدە ئۇيياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. مېھراپ قىلىنغان بۇ ساندۇق ئۈستىدە ئۇ ئۇششاق قەدىمى بىلەن مېڭىپ يۈرەلەيتتى. بىئاسۇ مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ئاندىن كېيىن باخشىغا قاراپ:

-ئىمام ھەزرەت، كەلگۈسىنى ئالدىنئالا ئېيتىپ بېرەلەيدىكەنسىز، ئەگەر بىزنى يەنى گېنېرال-مايور ژان بىئاسۇنى قانداق تەقدىر كۈتىدىغانلىقى ئۈستىدە سۆزلەپ بەرسىڭىز، ئەلۋەتتە، خوشال بولاتتۇق...- دېدى.

باخشى مەسخىرىۋازلىق مۇنبىرىدە گىدىيىپ ئۆرە تۇردى، چۈنكى، بۇ ھالدا ئۇ نېگىرلارغا گويا ئۇلۇغ زات بولۇپ كۆرۈنەتتى. پەخىرلەنگەن ھالدا بىئاسۇغا شۇنداق دېدى ئۇ:

-يېقىنراق كېلىڭ، مەرھەمەتلىك تەقسىر،

شۇ مىنۇتتا باخشى قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ ئەڭ مۆتىۋەر كىشىسى بولۇپ قالدى: ھەربىي ھۆكۈمران روھانى ھۆكۈمران ئالدىدا بويۇن ئېگىپ باخشىغا يېقىن كەلدى. بىئاسۇنىڭ كۆزلىرىدىن خورلۇق ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى.

-قولىڭىزنى بېرىڭ،-گېنېرال،-دېدى باخشى ئۇنىڭغا ئېڭىشىپ،- ئىشنى باشلايمەن. ئالقىنىڭىزنىڭ سىزىقلىرى ناھايىتى ئوچۇق ھەم تۈپ-تۈز ئىكەن. بۇ-سىزنىڭ دۆلەتمەن ھەمدە بەختىيار بولۇشىڭىزنىڭ بەلگىسى. ئالقان سىزىقلىرىنىڭ ئوچۇق ھەم تۈز بولۇشى سىزنىڭ ئۆمۈر بويى كېسەل بولمايدىغانلىقىڭىزدىن ۋە تېتىك قېرىيدىغانلىقىڭىزدىن دالالەت بېرىدۇ. سىزىقلارنىڭ ئىنچىكە بولۇشى سىزنىڭ دانىشمەن، پاراسەتلىك ئىكەنلىكىڭىزنى ۋە قەلبىڭىزنىڭ ئالىيجاناپ ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

مەن يەنە بۇ سىزىقلاردىن شۇنداق بەلگىلەرنى كۆردۈمكى، بۇنداق بەلگىلەرنى پەقەت ئەڭ بەختلىك رەمچىلەرلا كۆرەلەيدۇ؛ خۇددى قويۇق شاخلىق دەرەخلەرگە ئوخشايدىغان نۇرغۇن ئۇششاق سىزىقلار ئالقاننىڭ يۇقۇرى تەرىپىگە قاراپ سوزۇلغان بولسا، بۇ ـ رىسقلىق ۋە ئۇلۇغۋارلىقنىڭ ھەقىقى ئىپادىسى، سالامەتلىكنى كۆرستىدىغان سىزىقلار ئۇزۇن بولىدۇ. بۇ سىزىقلارغا قاراپ ئۆمۈرنىڭ ئۇزۇن بولۇشىنى بىلگىلى بولىدۇ. شۇنداقلا بۇ باتۇرلۇقنىمۇ كۆرستىدۇ. بۇنداق سىزىقلار چىمچىلاق بارماقنىڭ يېنىغا كەلگەندە كالالەك ـ كالالەك شەكىلگە كىرگەن بولسا، بۇ ھەم ئادىل، ھەم قاتتىق قول بولۇشنىڭ بەلگىسى، گېنېرال.

بۇ پاكىنەك باخشى سۆزلەۋېتىپ نىقاپ ئىچىدە پاقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ماڭا قارىدى، مەن ئۇنىڭ ئادەتتە تەنتەنە بىلەن سۆزلەيدىغان، تونۇشتەك بىلىنگەن ئاھاڭىنى ئاڭلىدىم. ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ۋە ھەركىتىدىن ئىمىشقىدۇ بىر يوشۇرۇن سىر سېزىلىپ تۇراتتى:

ـ سالامەتلىكنى كۆرستىدىغان ئۇششاق سىزىقلار يەنە شۇنى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇكى، سىزنىڭ پەرمانىڭىز بويىچە بەزى زۆرۈر قەتىل قىلىشلار ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ. بۇ سىزىقلار ئالقان ئوتتۇرىسىغا توپلىنىپ كىچىكرەك يېرىم دائىرە ھاسىل قىپتۇ. دىمەك، بۇ ئەگەر سىز ۋەھشى ھايۋانلارنى يەن ئاق تەنلىكلەرنى تامامەن يوقاتمىسىڭىز، ئۇلار يەنە ھۇجۇم قىلسا، چوڭ خەتەرگە يولۇقىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. خۇددى ئۆمۈر سىزىقلىرىدەك غۇژمەك بولۇپ ئالقاننىڭ يۇقىرى تەرىپىگە سوزۇلغان تەلەي سىزىقلىرى سىزنىڭ كەلگۈسىدە ئۇلۇغ ۋە قۇدرەتلىك ھاكىمدار بولىدىغانلىقىڭىزنى تەستىقلاپ تۇرۇپتۇ. بۇ سىزىقلارنىڭ يۇقۇرىغا سوزۇلغانسېرى تۈز ۋە ئىنچىكە بولۇشى سىزنىڭ ئادەملەرنى ئىدارە قىلىشقا ماھىر ئىكەنلىكىڭىزنى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ. بەشىنچى سىزىق، يەنى ئوتتۇرا بارماق ئەتراپىدىكى ئۈچ بۇرجەك شەكىل ھاسىل قىلغان سىزىق ـ سىزنىڭ ھەممە جەھەتتىن پارلاق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىدىغانلىقىڭىزنىڭ بەلگىسى. ئەمدى سىزنىڭ بارماقلىرىڭىزنى قاراپ باقايلى: باشمالتىقىڭىزدا تۆۋەندىن تاكى ئۇچىغىچە ئۇششاق سىزىقلارنىڭ بولۇشى سىزنىڭ كاتتا مىراسلارغا ۋارىس بولىدىغانلىقىڭىزدىن بىشارەت بېرىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ سىز بۇكىماننىڭ شان ـ شەرىپىگە ۋارىسلىق

قىلىۋاتىسىزغۇ!-دېدى ۋە قوشۇپ قويدى رەمچى ئاۋازىنى كۆتىرىپ،-كۆرسەتكۈچ بارمىقىڭىزنىڭ تۈۋىدىكى كىچىك بولجۇڭ گۆش بىلىنەر-بىلىنمەس سىزىقچىلار بىلەن قاپلانغان. بۇ-مۆتىۋەر ھەمدە شەۋكەتلىك بولۇشىنىڭ ئىپادىسى. ئوتتۇرا بارمىقىڭىزدا ھېچقانداق بەلگە يوق. ھەمرا بارمىقىڭىزدا كېسىشكەن نۇرغۇن سىزىقلار بار ئىكەن، دېمەك، سىز ھەممە دۈشمىنىڭىز ئۈستىدىن غەلىبە قىلىسىز ۋە بارلىق رىقابەتچىلىرىڭىزنى بېسىپ چۈشىسىز. بۇ سىزىقلارنىڭ ئاندىرىي كرېستلىرى شەكلىدە بولۇشى-دانىشمەنلىك ۋە يىراقنى كۆرەرلىكنىڭ بەلگىسى. چىماڭلاتاقنىڭ ئالقان بىلەن قوشۇلىدىغان يېرىدە نۇرغۇن گادىرماچ سىزىقلار بار ئىكەن، دېمەك، باشتىن-ئاخىرغىچە ئىقبالىڭىز ئوچۇق بولىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەن كەلگۈسىدە سىزنىڭ ئەڭ قۇدرەتلىك ۋە شان-شەۋكەتلىك بولىدىغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدىغان غۇژمەك سىزىقلارنىمۇ كۆردۈم.

ھەر كىمنىڭ ئالقىنىدا بۇ سىزىقلر بولسا،-دېگەن ئىدى ئىپىزار تالىپ،-ئۇ بەختلىك بولىدۇ! ئۇنداق كىشىگە تەقدىر ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ. شۇنداقلا بەخت يۇلتۇزى ئۇ ئادەمگە شان-شەرەپ كەلتۈرىدۇ، زور تالانت بەخش قىلىدۇ. ئەمدى، گېنېرال، پېشانىڭىزنى قاراپ چىقىشقا رۇخسەت قىلىڭ.

ھەر كىمنىڭ پېشانىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قۇياش سىزىقلىرى كىچىك تۆت بۇرجەك ياكى ئۈچ بۇرجەك كۆلەڭگە ھاسىل قىلسا، ئۇ ئادەم چەكسىز باي بولغاي.... دېگەن ئىدى. لولى بۇۋى راشىل فىلىپنىس. سىزدە بۇ بەلگە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئەگەر بۇ بەلگە ئوڭ تەرەپتە ھاسىل بولسا، ئۇ چوڭ ۋارىسلىقنىڭ دەلىلى بولغاي... مانا بۇكىمانغا ۋارىسلىق قىلىش بەلگىسى يەنە زاھىر بولدى!

«ئاي سىزىقلىرى تېگىدىكى قوشۇما تۇرۇلمىسى ئادەمنىڭ زۇلۇم ۋە ھاقارەتكە قارشى ئۆچ ئېلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» مەندە بۇ بەلگە بار، سىزدىمۇ بار ئىكەن.

باخشىنىڭ مەندە بۇ بەلگە بار دېگەن سۆزىنىڭ تەلەپپۇزى مېنى يەنە ئەجەپلەندۈردى.

-بۇنداق جۈرئەت،-دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى رەمچى تەنتەنىلىك قىياپەتتە،-جەڭ قىلىش ئارقىلىق قۇللۇق زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلاش

ئۇچۇن دادىل قوزغىلاڭ كۆتۈرەلىگەن باتۇرلادىلا بولىدۇ! سىزنىڭ سول قېشىڭىزدىكى شىر تۇمشۇقىغا ئوخشايدىغان خال چەكسىز باتۇرلۇقىڭىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، گېنېرال بىئاسۇ، مەن سىزنىڭ ماڭلىيىڭىزدا بەخت ئالامەتلىرى ئىچىدە ئەڭ مۇقەددەس بىر ئالامەتنى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇ بولسىمۇ M ئالامىتى، مۇقەددەس مەريەم دىگەن ئىسمىنىڭ بىرىنچى ھەرپى، ماڭلاينىڭ قانداق يېرىدە، قايسى تەرىپىدە بۇ ئالامەت بولىدىكەن، ئۇ ھەرقاچان دانىشمەنلىكتىن، شان-شۆھرەتتىن ۋە قۇدرەتلىكتىن بىشارەت بېرىدۇ. بۇنداق بەلگىگە ئىگە بولغان ئادەم ئۆزى ئېلىپ بارغان ئىشتا چوقۇم غەلىبە قازىنىدۇ، ئۇنىڭ رەھبەرلىكىگە بوي سۇنغان كىشىلەر ھېچقانداق تالاپەت كۆرمەيدۇ. ئۇ ئۆز گۆھىرىنى يەككە-يالغۇز قوغداپ قالالايدۇ. مانا سىز مۇشۇنداق تەقدىرگە سازاۋەر بولغان زات ئىكەنسىز!

-رەھمەت، ئىمام ھەزرەتلىرى، -دىدى بىئاسۇ ئۆزىنىڭ قىزىل ياغاچتىن ياسالغان تەختىگە چىقىشقا تەمشىلىپ.

-توختاپ تۇرۇڭ، گېنېرال، -دەپ ئۇنى توختاتتى باخشى،-مەن يەنە بىر ئالامەتنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن: سىزنىڭ پېشانىڭىزدا قۇياش سىزىقلىرى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ، قانداق ياشاشنى بىلىشنى، كىشىلەرگە بەخت كەلتۈرۈشكە ئىنتىلىشنى، ئالىيجاناپلىق ھەمدە ساخاۋەتلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ.

ئېھتىمال، بىئاسۇ خەيرى-ساخاۋەت قىلىشنى رەمچىدىن بۇرۇنراق ئېسىگە ئالغان بولسا كېرەك، دەرھال يانچۇقىدىن بىر تىللا ئېلىپ، قۇياش سىزىقلىرى ھەققىدىكى تەدبىرلەر يالغان بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنى باخشىنىڭ ئالدىدىكى كۈمۈش تاۋاققا تاشلىدى. شۇ ئارىدا داھىنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەن بۇ چەكسىز تەلەي-ئىقبال ئەسكەرلەردە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. بۇكمانىنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى خەۋەردىن كېيىن باخشىنىڭ ئېيتقان ھەربىر سۆزىنى زور ئەھمىيەتكە ئىگە دەپ تونۇغان قوزغىلاڭچىلاردا مەيۇسلۇك، غەمكىن كەيپىيات ئورنىنى شىجائەت، كۆتىرەڭگۈ روھ ئىگەللىدى. ئۇلار ئۆز رەھچىسىنىڭ ئالدامچىلىقىغا ۋە قوماندانىنىڭ مىسلى كۆرۈلمىگەن ئۇلۇغ تەقدىرىنىڭ ئالامەتلىرىگە قارىغۇرلارچە ئېتىقاد قىلىپ، ياشىسۇن باخشى! ياشىسۇن باخشى! دەپ كانايلىرى يىرتىلغۇچە ۋارقىراشتى.

باخشى بىلەن بىئاسۇ بىر-بىرىگە قارىشىپ قويىدى، بىئاسۇنىڭ پىخىلداپ كۈلۈشىگە جاۋابەن باخشىنىڭ قاقاقلاپ كۈلگەنلىكىنى ئاڭلاپ قالدىم.

نىمە ئۈچۈندۇ بۇ باخشى مېنى تەشۋىشلەندۈرمەكتە ئىدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم. ماڭا گويا كىمدۇ بىرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقاندەك ياكى كۆرۈشكەندەك تۇيۇلۇۋاتاتتى. نىمىشقىدۇ، باخشى گويا ماڭىلا قارىتىپ سۆزلەۋاتقاندەك غەلىتە ھىسسىيات مېنى ئۆز ئىلكىگە ئالغان ئىدى.

- جانابى باخشى، ئىمام ھەزرەت، ھۆكۈما دوختۇر BONPER، - دەپ مۇراجىئەت قىلدىم ئۇنىڭغا.

ئۇ چاققانلىق بىلەن ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى.

- بۇ يەردە سىز تەقدىر-قىسمىتىنى يېشىپ بەرمىگەن يەنە بىر ئادەم قالدى، ئۇ-مەن، - دىدىم مەن.

باخشى قولىنى گىرەلەشتۈرۈپ، يۇڭلۇق مەيدىسىگە چۈشۈپ تۇرغان كۆن نۇرى ئۈستىگە قويدى-دە، ھېچنىمە دەپ جاۋاپ بەرمىدى.

مەن سۆزۈمنى داۋاملاشتۇرۇپ دىدىم:

- مېنىڭ كەلگۈسى تەقدىرىمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدە سىزنىڭ نىمە دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلگۈم كېلىدۇ. ئەپسۇسكى، سىزنىڭ بەك ئىنساپلىق يولداشلىرىڭىز سائىتىمنى ۋە تىللالىرىمنى تارتىۋالدى. بۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ھەقسىز رەم ئاچىدىغان مۇنەججىملەردىن ئەمەس ئىكەنسىز.

باخشى دەرھال قېشىمغا كەلدى-دە، قۇلىقىمغا پىچىرلاپ شۇنداق دىدى:

- سەن خاتالىشىۋاتامسەن! قېنى، قولۇڭنى كۆرسەت.

مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ، قولۇمنى ئۇزاتتىم. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئويناپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى ئالقانلىرىمغا قاراۋاتقاندەك قىلىپ كۆرسەتتى.

- ئەگەر ئۆمۈر سىزىقلىرى ئالقاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر-بىرىسىنى كېسىشىپ ئۆتكەن ئىككى سىزىق ھاسىل قىلسا، - دىدى ئۇ، - بۇ پات يېقىندا ئۆلۈشنىڭ ئالامىتىدۇر... ئۆلۈشىڭگە ئاز قاپتۇ. ئەگەر سالامەتلىك سىزىقلىرى ئالقاننىڭ ئوتتۇرىسىدا بولماي، ئۆمۈر سىزىقلىرى ۋە تەلەي سىزىقلىرى بىلەن تۆۋەندە قوشۇلۇپ بۇلۇڭ ھاسىل قىلسا، ئۆز ئەجىلىدە ئۆلۈشتىن ئۈمىد ئۈزۈشى كېرەك... سەن ئۆز ئەجىلىڭدە ئۆلمەيسەن!

ئەگەر كۆرسەتكۈچ بارماق تۆۋەندىن يۇقۇرىغا ئۇزۇن سىزىقلار بىلەن تولغان بولسا، بۇ-زورلۇق بىلەن ئۆلتۈرۈلۈشنىڭ ئالامىتى... ئاڭلاۋاتامسەن؟ زورلۇق بىلەن ئۆلۈشكە تەييارلان!

ئۇنىڭ ماڭا ئۆلۈم چاقىرىدىغان، ئەجەل پۈركۈپ تۇرىدىغان ئاۋازىدا يوشۇرۇن خۇشاللىق ساداسى ياڭراپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ سۆزلىرىنى بىپەرۋالىق ۋە مەنسىتمەسلىك بىلەن ئاڭلاپ تۇردۇم ۋە:

-رەمچى،-دېدىم ئۇنى زاڭلىق قىلىپ،-سەن بەك مەككار ئىكەنسەن، دەل ئۆزىنى تاپىدىكەنسەن!

ئۇ مېنىڭ قېشىمغا تېخىمۇ يېقىنراق كەلدى.

-سەن مېنىڭ ھۈنىرىمگە شۈبھىلىنىۋاتامسەن؟ قېنى، ئەمسە، مۇنۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ باق: سېنىڭ پېشانەڭدە قۇياش سىزىقلىرىنىڭ تارىلىپ تۈرۈۋشى شۇنىڭدىن بىشارەت بېرىدۇكى، سەن دۈشمەنلىكنى دوست چاغلاپ، دوستۇڭنى دۈشمەن ھېسابلايدىكەنسەن!-دېدى.

بۇ سۆزلەر گويا مەن ياخشى كۆرگەن پىيىرونىڭ ۋاپاسىز بولۇپ چىققانلىقى، مەن يامان كۆرگەن، كەمسىتكەن خەببىرانىڭ سادىق بولۇپ چىققانلىقى، ئۇنىڭ قانلىق كىيىملىرى ھەقىقىي ۋاپادار بولغانلىقتىن، مەرتلەرچە قۇربان بولغانلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە سالغاندەك بولدى.

-سەن نىمە توغرىلىق سۆزلەۋاتىسەن؟-دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

-ئاخىرىغىچە ئاڭلا، - دېدى باخشى،-مەن ساڭا كەلگۈسى ھەققىدە سۆزلىدىم. ئەمدى سىنىڭ ئۆتمۈشىڭنى سۆزلەپ بېرەي: پېشانەڭدىكى ئاي سىزىقلىرى بىلىنەر-بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ شۇنى بىلدۈرىدۇكى، سېنىڭ خوتۇنۇڭ ئوغرىلاپ كېتىلگەن.

مەن سەسكىنىپ كەتتىم ۋە ئورنۇمدىن سەكرەپ قوپماقچى بولدۇم، بىراق قاراۋۇل مېنى تۇتۇۋالدى.

-سەن ئالدىراڭغۇ ئىكەنسەن،-دېدى رەمچى،-سۆزۈمنى ئاخىرىغىچە ئاڭلاپ باقامسەن! بۇ غوۋا سىزىقلارنىڭ قويىرۇقىدىكى كىچىك ئۆتۈشكەن سىزىقچىلار پىكرىمنى تېخىمۇ تولۇقلىدى: سېنىڭ خوتۇنۇڭ سىلەر توي قىلغان بىرىنچى كېچىسىلا ئوغرىلاپ كېتىلگەن.

ـ مۇتىھەم! ـ دەپ ۋارقىرىدىم مەن، ـ سەن بىلىدىكەنسەن، مېنىڭ خوتۇنۇم قەيەردە؟ سەن ئۆزۈڭ كىم؟

مەن يەنە ئۇنىڭغا ئېتىلىپ، پەرىجىسىنى، نىقابىنى يولۇپ ئالماقچى بولغان ئىدىم، بىراق دۈشمەنلىرىمنىڭ كۈچى ۋە سانىنى ھېسابقا ئېلىشقا توغرا كەلدى. ئالتاقچان يىراقلىشىپ كەتكەن باخشىغا غەزەپ بىلەن قاراپ قالدىم. ئۇ كېتىش ئالدىدا ماڭا: «مانا ئەمدى ئىشەنگەنسەن؟ يىقىنلاپ قالغان ئۆلۈمىڭگە تەييارلىنىپ قوي!» دېگەن ئىدى.

گويا بۇ غەلىتە ھادىسىلەردىن بىئارام بولغان قەلبىمنى بىردەم بولسىمۇ باشقا تەرەپكە جەلپ قىلماقچى بولغاندەك، يەنە يېڭىدىن ـ يېڭى ۋەقەلەر يۈز بېرىشكە باشلىدى: قايمۇققان خالايىق ئالدىدا باخشى بىلەن بىئاسۇ تېخى يېڭىلا ئويناپ چىققان دراما بىردىنلا قىززىق كومېدىيىگە ئايلاندى.

بىئاسۇ ياغاچ كۆتىكىدىن ياسالغان تەختكە چىقىپ ئولتۇردى، باخشى ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئورۇن ئالدى. رىگو بولسا ھاكىمدار تەختىنى بىزەپ تۇرغان سول تەرەپتىكى ئىككى مەخمەل تۆشەك ئۈستىدە ئولتۇردى. باخشى ئىككى قولىنى كۆكسىگە گىرەلەشتۈرۈپ، چوڭقۇر خىيال سۈرۈۋاتاتتى. بىئاسۇ بىلەن رىگو چىلىم تارتىشتى. گېنېرال مايۇرنىڭ ئالدىغا ئادىيۇتانت كېلىپ، قوشۇنلارنى كورەك قىلىشنى باشلىساق بولامدۇ؟ دەپ سوراپ تۇراتتى. شۇ پەيتتە غارنىڭ ئىشىكى ئالدىغا ۋاڭ ـ چۇڭ كۆتىرىشىپ ئۈچ توپ نېگىرلار كېلىشتى. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى بىردىن ئەسىرنى ھەيدەپ كېلىشىۋاتاتتى. ئۇلار ئەسىرلەرنى بىئاسۇغا تاپشۇرۇپ بەرمەكچى ۋە ئۇنىڭدىن رەھىم قىلىشنى ئەمەس، بەلكى بۇ بىچارە تۇتقۇنلارنى قايسى ئۇسۇلدا ئۆلتۈرۈش لازىملىقىنى بىلىشمەكچى ئىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسى «ئۆلۈم، ئۆلۈم!» دەپ ۋارقىراشلىرىدىن مەلۇم ئىدى. ئۇنىڭ بەزىلىرى «DEATH, DEATH» دەپ ۋارقىراشتى. بۇلار، ئېھتىمال، بۇكمان باندىسىدىن بىئاسۇنىڭ فرانسۇز ـ ئىسپان نېگىرلىرى قوشۇنىغا قوشۇلۇۋالغان ئەنگلىيە نېگىرلىرى بولسا كېرەك. باش قوماندان قولىنى شىلتىپ جىم بولۇشنى ۋە ئەسىرلەرنى غار ئىچىگە ئېلىپ كىرىشنى بۇيرۇدى. مەن ئەسىرلەرنىڭ ئىككىسىنى تونۇپ ھەيران قالدىم: ئۇلارنىڭ بىرى «پەخرى گېنېرال C» دەپ ئاتىلىدىغان، دۇنيادىكى بارلىق نېگىر نەسلى تەرەپدارلىرى بىلەن خەت ـ ئالاقە ئورناتقان، كېيىنكى نېگىرلار قوزغىلىڭىنى باستۇرۇشنىڭ دەھشەتلىك پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويغان

ھىلىقى فىلانتىروپ ئىدى. يەنە بىرى ئاق تەنلىكلەرنىڭ مۇلات قاتارىدا سانايدىغانلىقىغا قارىماي، مۇلاتلارغا قورال بەرمەسلىكنى تەشەببۇس قىلغان، باشقىلار تەرىپىدىن پەس قارىلىدىغان ھىلىقى «شالغۇت» مۇلۇكدار ئىدى. ئۈچىنچىسى بولسا، ئىھتىمال، ئۇششاق ئاق تەنلىكلەرگە مەنسۇپ كىشى بولسا كېرەك؛ تېرە پەرتۇق تارتىۋالغان، يەكلىرى جەينىكىگىچە تۈرۈلگەن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچىلىسى تاققا يوشۇرۇنۇشقا ئۇرۇنۇۋاتقاندا تۇتۇۋېلىنغان ئىكەن.

بىرىنچى نۆۋەتتە «ئۇششاق ئاق تەنلىك» سوراق قىلىندى:

-سەن ئۆزەڭ كىم؟-دەپ سورىدى بىئاسۇ ئۇنىڭدىن.

-مەن ژان-بېلىن، كاپ شەھىرىدىكى ھاجى ئاتىلار شىپاخانىسىنىڭ ياغاچچىسى، - دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

«نۇسرەت تاپقان دۆلەتنىڭ باش قوماندانى» نىڭ چىرايىدا خىجالەتچىلىك بىلەن ھەيران قېلىش ئالامىتى ئەكس ئەتتى.

-ژان-بېلىن!-دەپ تەكرارلىدى بىئاسۇ لېۋىنى چىشلەپ.

-خۇددى شۇ،-دېدى ياغاچچى،-نىمە، مېنى تونۇمايۋاتامسەن؟

-ئالدى بىلەن سەن مېنى ئوبدانراق تونۇپ، ماڭا بويۇن ئەگكىن!-دېدى گېنېرال مايور.

-مەن ئۆز قولۇمغا بويۇن ئەگمەيمەن!-دەپ جاۋاپ بەردى ياغاچچى.

-ئۆز قولۇمغا مىش، مۇتىھەم!-دەپ ۋارقىرىدى باش قوماندان.

-قۇلۇم بولمايچۇ!-دېدى ياغاچچى،-ئەلۋەتتە، شۇنداق! مەن سېنىڭ دەسلەپكى خوجايىنىڭ. سەن ئەتەي مېنى تونۇماسلىققا سېلىۋاتىسەن. ياخشىراق ئەسلەپ باققىنا، ژان-بىئاسۇ، مەن سېنى سان-دومىنگولۇق بىر سودىگەرگە ئوتتۇز سومغا سېتىۋەتكەن ئىدىمغۇ!

قەھرى-غەزەپتىن بىئاسۇنىڭ چاچلىرى تىك تۇردى.

-ماڭا قارا،-دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ياغاچچى،-سەن ماڭا قۇل بولغانلىقىڭغا نومۇس قىلىۋاتامسەن، تېخى-ھە؟ ژان-بېلىنگە قۇل بولۇش ژان بىئاسۇ ئۈچۈن شەرەپ ئەمەسمىدى؟ سېنىڭ قېرى ئاناڭ-جادىگەر موماي ھەر كۈنى مېنىڭ ئىشخانامنى سۈپۈرۈپ تۇراتتى. ھازىر بولسا، مەن ئۇنى ھاجى ئاتىلار شىپاخانىسىنىڭ جانابى خوجايىنىغا سېتىۋەتتىم. ئۇ كىشى ماڭا ئاناڭ ئۈچۈن ئوتتۇز ئىككى سوم ئالتمىش تىيىنلا ھەق تۆلىدى. سېنىڭ ۋە

ئاناڭنىڭ تارىخى ئەنە شۇ. لېكىن ھازىر سەن ۋە سېنىڭ قېرىنداشلىرىڭ بولغان نىگىرلار، مۇلاتلار بەكمۇ كۆرەڭلەپ كېتىشكەن ئوخشايدۇ. سەن، ئېھتىمال، كاپ شەھرىدىكى ياغاچچى ژان بىلىنىڭ ئۆيىدە ئىگىلىپ يۈرۈپ خىزمەت قىلغان چاغلىرىڭنى ئۇنتۇپ قالغان بولساڭ كېرەك.

بىئاسۇ ئۇنىڭ سۆزلىرىنى غەزەپلىك كۈلۈمسىرەش بىلەن ئاڭلاپ تۇردى، ئۇ گويا ھىڭگىيىپ خىرىس قىلىپ خىقىراپ تۇرغان يولۋاسقا ئوخشايتتى.

ـ ھىم!ـ دىدى ئۇ.

ئاندىن بىلىننى تۇتۇپ كەلگەن نىگىرلارغا قاراپ شۇنداق دىدى:

ـ بۇ ئادەمنى ئەپچىقىپ، ئۇنىڭدىن ھەرە بىلەن ئىككى تاختاي تىلىڭلار. كاپلىق ياغاچچى ئۇستام ژان ـ بىلىن، مەن سېنى ئۆز ھۆنىرىڭ بولغان ياغاچچىلىققا مۇناسىپ ھالدا ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇدۇم. بۇ شەپقىتىم ئۈچۈن ماڭا رەھمەت ئېيتقىن!

بىئاسۇنىڭ زەھەرخەندىلىك بىلەن قاقاقلاپ كۈلۈشىدىن شۇنى چۈشەندۇقكى، بىئاسۇ ئۆزىنىڭ سابىق خوجايىنىغا غورۇرى ئۈچۈن مىسلى كۆرۈلمىگەن ۋەھشىيانە جازا بىلەن جاۋاپ بىرىشنى ئويلىغان. مەن بۇ دەھشەتتىن سەسكىنىپ كەتتىم. ئەمما ژان ـ بىلىننىڭ ھەتتا بىر تال مۈيىمۇ تەۋرەنمىگەندەك ئىدى. ئۇ بىئاسۇغا نەپرەت بىلەن قاراپ تۇرۇپ شۇنداق دىدى:

ـ راست ئېيتتىڭ، مەن ساڭا، ئەلۋەتتە، رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، چۈنكى، مەن سېنى ئوتتۇز سومغا ساتقان ئىدىم، ۋاھالەنكى، سېنىڭ قىممىتىڭگە قارىغاندا، ئوتتۇز سوم سەن ئۈچۈن يۇقىرى باھا بولغان ئىكەن!

ئۇنى سۆرەپ ئەپچىقىپ كېتىشتى.

## 24

قالغان ئىككى تۇتقۇن ئۆزلىرىنى كۈتۈپ تۇرغان پاجىئەنىڭ بۇ دەھشەتلىك مۇقەددىمىسىنى ئۆلۈك ـ تىرىك ئارىلىقىدا كۆرۈپ تۇردى، ئۇلارنىڭ بېشىنى ئېگىپ، تىترەپ تۇرغان مىسكىن قىياپىتىنى ياغاچچىنىڭ

كىشنى ھاياجانلاندۇرىدىغان قەيسەر ئىرادىسى بىلەن روشەن سېلىشتۇرما ئىدى، ئۇلار غال ـ غال تىترىشۋاتاتتى.

بىئاسۇ ھىيلىگەر كۆزلىرى بىلەن ھەر ئىككىسىنى ئايرىم ـ ئايرىم كۆزىتىپ چىقتى. ئاندىن كېيىن خۇددى ئۇلارنىڭ ئۇزاقراق قورقۇپ، تىترەپ، ئازاپلىنىپ تۇرۇشىدىن لەززەت ئالماقچى بولغاندەك، رىگو بىلەن تاماكىنىڭ ھەرخىل سورتلىرى توغرىسىدا بىخارامان پاراڭغا چۈشتى: گاۋان تاماكىسى خۇمارنى ئازراق باسالايدۇ، ئەمما پۇرىقى جەھەتتىن ئىسپان تاماكىسىغا يەتمەيدۇ، بولۇپمۇ رەھمەتلىك بۇكمانىنىڭ ماڭا ئەۋەتكەن ئىككى ساندۇق ئىسپان تاماكىسىنىڭ سورتى بەكمۇ ياخشى ئىكەن. بۇ تاماكىلارنى تاشپاقا ئارىلىدىكى خوجايىن جانابى لىباتىيۇدىن ئالغان ئىكەن، بۇ سۆزلەردىن كېيىن بىردىنلا ئۇ «پەخرى گېنېرال C» گە قاراپ ۋە ئۇنىڭدىن قوپاللىق بىلەن سورىدى:

ـ خوش، سېنىڭچە، قانداق؟

كۈتۈلمىگەن سوئالنى ئاڭلاپ ھودۇققان C.... دۇدۇقلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

ـ مەن گېنېرال جانابى ئالىيلىرىنىڭ پىكرىگە تامامەن قوشۇلىمەن.

ـ بۇ خوشامەتچىنىڭ سۆزى! ـ دېدى بىئاسۇ زەردە بىلەن، ـ مەن سەندىن، سېنىڭ پىكرىڭ قانداق، دەپ سوراۋاتىمەن. مېنىڭ پىكرىم قانداق، دەپ سورىغىنىم يوق. پۇرىقى جەھەتتىن لىباتيۇ تاماكىسىدىنمۇ ياخشىراق تاماكىنىڭ بارلىقىنى بىلەمسەن؟

ـ ياق، ھەقىقەتەن، بىلمەيمەن، تەقسىر، ـ دېدى C.

ئۇنىڭ خىجالەت بولۇشى بىئاسۇنى بىرئاز يۇمشاتتى.

ـ گېنېرال! جانابى ئالىيلىرى! ـ تەقسىر دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى دورىدى بىئاسۇ تاقەتسىزلىنىپ، ـ قارىشىمچە، سەن ئاق سۆڭەك ئوخشايسەن!

ـ يوقسۇ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس، ئەزىبرايى! ـ دەپ قاخشىدى «پەخرى گېنېرال C »، ـ مەن توقسان بىرىنچى يىللارنىڭ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋىرى ۋە ئۆتكۈر نىگىر نەسلى تەرەپدارىمەن...

ـ نىگىر نەسلى تەرەپدارىمىش، ـ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى بىئاسۇ،

ـ «نىگىر نەسلى تەرەپدارى» دىگەن نىمە ئۇ؟

- بۇ- قارا تەنلىكلەرنىڭ دوستى، دېگەن سۆز، - دېدى C ئىگراۋاتقاندەك ئىنچىكە ئاۋاز بىلەن.

- قارا تەنلىكلەرنىڭ دوستى بولۇشلا كۇپايە قىلمايدۇ، - دېدى بىئاسۇ كەسكىن ھالدا، - بارلىق رەڭلىك ئىرقلارنىڭ دوستى بولۇش كېرەك.

مەن يۇقۇرىدا بىئاسۇنىڭ قارا تەنلىكلەردىن پەرقلىنىدىغان ساكاترا قەبىلىسىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتكەن بولسام كېرەك.

- توغرا، رەڭلىك ئېرىقلارنىڭ دوستى بولۇش كېرەك. مەن بۇ سۆزنىمۇ دېمەكچى ئىدىم، - دېدى «نېگىر نەسلى تەرەپدارى» ئەدەپ بىلەن، - مەن نېگىرلار ۋە مۇلاتلارنىڭ ئەڭ مەشھۇر تەرەپدارلىرى بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرىمەن.

بىئاسۇ بۇ ئاق تەنلىكنى كەمسىتىش مۇمكىنلىكىنى بايقاپ خۇشال بولدى-دە، ئۇنىڭ سۆزىنى يەنە بۆلۈپ شۇنداق دېدى:

- «نېگىر»، «مۇلات» - بۇ گەپلەرنىڭ مەنىسى نېمە؟ سەن بۇ يەرگە ئاق تەنلىكلەر بىزنى كەمسىتىش، ھاقارەتلەش ئۈچۈن ئويلاپ تاپقان رەزىل ئاتالغۇلارنى تەشۋىق قىلىپ، بىزنى مەسخىرە قىلغىلى كەلدىڭمۇ، نېمە؟ بۇ يەردە سېنى قورشاپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى - قارا ۋە رەڭلىك ئىرق كىشىلىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. چۈشەندىڭمۇ، جانابى مۇستەملىكىچى؟

- بۇ بالىلىق ۋاقتىمدىن تارتىپ ماڭا سىڭىپ كەتكەن يامان ئۇقۇم، ئەپۇ قىلسىلا، مەن ھەرگىزمۇ سىلىنى ھاقارەتلىمەكچى ئەمەسمەن، تەقسىر.

- «تەقسىر - پەخسىر» دېگىنى قوي! بايا مەن ساڭا ئېيتتىمغۇ، مەن بۇنداق ئاقسۆڭەكلەرچە تەكەللۇپنى ياقتۇرمايمەن! - دېدى بىئاسۇ.

C يەنە بىر قېتىم ئەپۇ سورىماقچى بولۇپ، بىئاسۇنى نېمە دەپ ئاتاشنى بىلمەي، دۇدۇقلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

- ئەگەر مېنى چۈشىنىپ كېتەلىسىڭىز ئىدى، ھۆرمەتلىك كىشى...

- «ھۆرمەتلىك كىشى» مىش! مېنىڭ كىملىكىمنى تېخىچە بىلمەيۋاتامسەن؟ - دەپ ۋارقىرىدى بىئاسۇ، - مەن بۇنداق ياكوبىنچىلارچە ئاتالغۇلاردىن نەپرەتلىنىمەن. سېنىڭ بۇنچىلىك سىلىق - سىپايە ئىكەنلىكىڭگە قارىغاندا، سەن ياكوبىنچىمۇ - نېمە؟ ئېسىڭدە بولسۇنكى، سەن پادىشاھ پۇقرالىرىنىڭ باش قوماندانى بىلەن سۆزلىشىۋاتىسەن! «ھۆرمەتلىك كىشى» مىش، نېمە دېگەن تېتىقسىز گەپ بۇ!

بىچارە «نىگىر نەسلى تەرەپدارى» ئەمدى بىئاسۇنى نىمە دەپ ئاتاشنى ۋە ئۇنىڭغا نىمە دەپ مۇراجىئەت قىلىشنى بىلمەي تازا بېشى قاتتى، چۈنكى، بىئاسۇ «تەقسىر» دەپ ئىززەتلەشنىمۇ، «ھۆرمەتلىك كىشى» دەپ ئاتاشنىمۇ بىردەك ياقتۇرمىدى، ئاقسۆڭەكلەر تىلىدا مۇراجىئەت قىلىشنىمۇ، ۋەتەنپەرۋەرلەر تىلىدا ھۆرمەتلەشنىمۇ رەت قىلماقتا ئىدى.C نىڭ تازىمۇ روھى چۈشتى، بىئاسۇ بولسا مۇغەمبەرلىك بىلەن غەزەپلەنگەن قىياپەتتە بولۇۋېلىپ، تۇتقۇنىنىڭ تەمتىرەپ، دۇدۇقلاپ، ھولۇقۇپ تۇرۇشىدىن راسا لەززەتلىنىشكە باشلىدى.

ـئاھ، خۇدا!ـدېدى ئاخىرىC ،ـسىز مەن توغرىلىق ھەقىقەتەنمۇ يامان پىكىردە بولسىڭىز كېرەك، ئەي ئىنسانىيەت ھوقۇقىنىڭ مۇقەددەس ھىمايىچىسى.

ھەرقانداق ئىززەت ـ ھۆرمەتنى رەت قىلىۋاتقان بۇ باشلىقنى نىمە دەپ ئاتاشنى بىلمىگەن بىچارە C ئامالسىزلىقتىن بەزى ئىنقىلاپچىلار ئۆز نۇقتىلىرىدا باشقىلارنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن كۆپ قوللىنىدىغان يۇقۇرىدىكى داغدۇغىلىق تەكەللۇپ ئاتالغۇنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى.

بىئاسۇ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ سورىدى:

ـشۇنداق قىلىپ، سەن قارا ۋە رەڭلىك ئىرق كىشىلىرىنى ياخشى كۆرەتتىڭمۇ؟

ـياخشى كۆرمەيچۇ!ـدېدى C زوق بىلەن،ـمەن ھەتتا بىرىسىمۇ ۋە.....

بىئاسۇ ئۇنى زاڭلىق قىلىپ كۈلدى.

ـھاھ، ھاھا! بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنىڭ ساڭا ئوخشاش دوستلىرىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن بەختلىكمەن،ـدېدى ئۇ، ئەگەر سەن بىزنىڭ دوستىمىز بولىدىغان بولساڭ، بىزنىڭ ئادالەتلىك قوزغىلىڭىمىزغا نىسبەتەن دەھشەتلىك قىرغىن بىلەن جاۋاپ قايتۇرماقچى بولغان رەزىل مۇستەملىكىچىلەرگە نەپرەت بىلدۈرۈشۈڭ كېرەك ۋە خۇددى بىزگە ئوخشاش. ھەقىقىي جاڭجالچىلار قارا تەنلىكلەر ئەمەس، ئاق تەنلىكلەر، دەپ ھېساپلىشىڭ كېرەك. چۈنكى، ئىنسانىيەتكە ۋە كىشىلەرنىڭ تەبىئىي يارىتىلغان شەكلىگە قارشى پىتنە قوزغىغانلار ئەنە شۇ ئاق تەنلىكلەر، سەن بۇ ۋەھشىيلەرگە نەپرەت بۈلدۈرۈشۈڭ كېرەك.

ـ مەن ئۇلاردىن نەپرەتلىنىمەن! ـ دېدى C .

ـ خوش، ئۇنداق بولسا، يېقىندا قۇللارنىڭ قارشىلىقىنى باستۇرۇش ئۈچۈن، ئەللىك نەپەر قارا تەنلىكنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئۆز ھويلىسىغا كىرىدىغان بوستانلىقنىڭ ئىككى چېتىدىكى دەرەخلەرگە ئاسقان كىشى توغرىسىدا نېمە دەيسەن؟

C نىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى.

ـ كاپ شەھىرىنىڭ ئەتراپىغا قۇللارنىڭ كېسىلگەن بېشىدىن سېپىل سوقۇشنى تەكلىپ قىلغان ئاق تەنلىك توغرىسىدىچۇ؟

ـ ماڭا رەھىم قىلىڭ! ـ دەپ يېلىنىشقا باشلىدى قورقۇپ كەتكەن C .

ـ مەن سېنى قورقۇتۇۋاتقىنىم يوق، ـ دېدى بىئاسۇ سوغاقلا، ـ سۆزۈمنى بۆلمەي تۇرغىن... پىكولى پورتىدىن قاراپ كول تۆمشۇقىغىچە بولغان ئارىلىقتا نېگىرلارنىڭ كاللىسىدىن قورغان ياساماقچى بولغان ئادەم توغرىسىدا زادى نېمە دەيسەن؟ سۆزلە!

بىئاسۇنىڭ «مەن سېنى قورقۇتۇۋاتقىنىم يوققۇ» دېگەن سۆزى ھۆرمەتلىك C دا ئازراق ئۈمىد ئويغاتتى. ئۇ، «ئېھتىمال، بىئاسۇ ئۇ ۋەقەلەرنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، بۇ تەكلىپنىڭ كىم تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى بىلمەيدىغاندۇ» دەپ ئويلاپ، بىئاسۇنىڭ گۇماننى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۆزىنى ئەڭ ئېغىر سۆزلەر بىلەن ئەيىپلەپ، شۇنداق جاۋاپ بەردى:

ـ مەن ئۇنى ۋەھشىيلەرچە جىنايەت دەپ ھېسابلايمەن.

بىئاسۇ مىيىقىدا كۈلدى ۋە:

ـ توغرا، ئۇنداقتا سەن ئۇ جىنايەتچىلەرگە قانداق جازا بەرگەن بولاتتىڭ؟ ـ دەپ سورىدى.

ئەمدى بىچارە C گاڭگىراپ قالدى.

ـ نېمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن؟ قارا تەنلىكلەرنىڭ دوستىمۇ سەن ياكى ئەمەسمۇ؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى بىئاسۇ.

«نېگىر نەسلى تەرەپدارى» ئىككى ئىمكانىيەتنىڭ بىرىنى ـ ئانچە خەتەرلىك بولمىغىنىنى تاللىۋالدى: ئۇ بىئاسۇنىڭ كۆزلىرىدە ھېچقانداق غەزەپلىك ئالامەتنى كۆرمىگەندىن كېيىن، پەس ئاۋازدا شۇنداق دەپ جاۋاپ بەردى:

ـ ئۇ جىنايەتچىلەرگە ئۆلۈم جازاسى بېرىش كېرەك!

-قالتىس ياخشى جاۋاپ بولدى-دە، -دېدى بىئاسۇ ۋە چېكىۋاتقان تاماكىسىنى تۈكۈرۈپ تاشلىدى.

ئۇنىڭ بىپەرۋا قىياپىتىنى كۆرگەن بىچارە «نېگىر دوستى» بىر ئاز روھلاندى-دە، بىئاسۇنىڭ شۈبھىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن يەنە بىر قېتىم ئۇرۇنۇپ كۆردى:

-جانابىڭىزنىڭ ئىشلىرىغا ھېچكىم مەنچىلىك قىزغىن مۇۋەپپەقىيەت تىلىمەس! -دېدى ھاياجانلىنىپ، -مەن فرانسىيەدىكى بىرىسسۇ ۋە پىرىيۇنىودې -يوم گۆز بىلەن، ئامېرىكىدىكى مىگوۋو بىلەن، گوللاندىيەدىكى پاۋلىيۇس بىلەن، ئىتالىيەدىكى تامبۇرنى ھەزرەت بىلەن.....

ئۇ ۋالىي بلانىشلاندنىڭ ئۆيىدىكى كېڭەشتە يەنى باشقا بىر خىل شارائىت ئاستىدا زوق بىلەن ساناپ كۆرسەتكەن ھېلىقى فىلانتروپلارنىڭ ئۇزۇن رويخېتىنى خوشامەت بىلەن قىلىۋاتقاندا، بىئاسۇ بىردىنلا ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ شۇنداق دېدى:

-قويساڭچۇ، بۇ لاۋزا گەپلىرىڭنى، سېنىڭ بۇ ئاخباراتىڭ بىلەن مېنىڭ ئىشىم يوق! ئەڭ ياخشىسى، ماڭا ماگىزىن ۋە ئىسكىلاتلىرىڭنىڭ قەيەردىلىكىنى ئېيتىپ بەرگىن، مېنىڭ ئارمىيەم ھەربىي ئەشيالارغا مۇھتاج. دۇنيادىكى كاتتا سودىگەرلەر بىلەن مۇناسىۋىتىڭ بولغىنىغا قارىغاندا، سەن باي دېھقانچىلىق مەيدانىغان، چوڭ سودا دۇكانلىرىغا ئىگە بولساڭ كېرەك.

ھۆرمەتلىك C قورقۇپ تۇرسىمۇ، يەنە ئېتىراز بىلدۈرۈشكە جۈرئەت قىلىپ دېدى:

-ئۇلار سودىگەرلەر ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەت قەھرىمانلىرى، يەنى پەيلاسوپ، فىلانتروپ ۋە نېگىر نەسلى تەرەپدارلىرى.

-مانا، خالاس، -دېدى بىئاسۇ بېشىنى چايقاپ، -سەن يەنە كىشى چۈشەنمەيدىغان غەلىتە سۆزلەرنى بىلجىرلاشقا باشلىدىڭغۇ! قۇلاق سال، ئەگەر سېنىڭ ئۇلجا ئالغىدەك بىرەر ئىسكىلاتىڭ ياكى ماگىزىنىڭ بولمىسا، ئۇ چاغدا سەن نېمىگە ئەرزىيسەن؟

بۇ سۆزدىن كېيىن C نى ئۆمىد ئۈچقۇنى يانغاندەك بولدى، شۇڭا ئۇ بۇ گەپكە مەھكەم ئېسىلىۋالدى.

-شەۋكەتلىك قوماندان، -دېدى ئۇ يىلىنغان ھالدا، -سىزنىڭ ئارمىيىڭىزدە ئىقتىسادشۇناس بارمۇ؟

ـ بۇ يەنە نىمە دىگىنىڭ؟

ـ ئىقتىسادشۇناس دىگەن بىر مەملىكەتنىڭ ماددىي بايلىقىنى ئېنىقلاپ، ئۇنىڭدىن قىممەتلىك ئەشيالارنى تېپىپ چىقىدىغان ئەڭ مۇھىم ئادەم دىگەن سۆز، ـ دىدى Cھاياجان بىلەن ئۆز ئەندىشىسىنى تۆكىتىپ، ـ ئىقتىسادشۇناس بولغان ئادەم ھەر بىر ماددىي بايلىقنى ئۆز ئەھمىيىتى ۋە قىممىتى بويىچە تۈرگە ئايرىپ، رەتكە تۇرغۇزۇپ، تەتقىق قىلىپ، شۇ ئارقىلىق بايلىق مەنبەسىنى تاپىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش يوللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىقتىسادشۇناسلار ئومۇمىي ھايات دېڭىزىغا كىلىپ قويۇلۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشىدىغان نۇرغۇن كىچىك بايلىق ئېرىقلىرىنى ھاسىل قىلغۇچى خادىملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ـ ئەستاغپۇرۇللا! ـ دىدى بىئاسۇ باخشىغا قاراپ، ـ سىزنىڭ تەسۋىيىڭىزگە ئوخشاش قاتار تىزىلغان، باش ـ ئايىقى يوق سۆزلەر بىلەن بۇ نىمە دىمەكچىكىن؟

باخشى C نىڭ سۆزىدىن ھېچنەرسە چۈشىنەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۈرىسىنى قىسىپ قويدى، C بولسا، سۆزىنى داۋاملاشتۇرماقتا ئىدى:

ـ مەن بۇ پەنلەرنى ئۆگەنگەن... مەرھەمەت قىلىپ مىنىڭ سۆزلىرىمگە قۇلاق سېلىڭ، سان ـ دومىنگونى گۈللەندۈرگۈچى باتۇر جەڭچىلەرنىڭ شەۋكەتلىك داھىيسى جاناپلىرى، مەن ئۇلۇغ ئىقتىسادشۇناس تيۈگو، رېينال ۋە مىرابولارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۆگەنگەنمەن. ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ دوستلىرى، مەن بۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىيىلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ چىققان. مەن شاھلارنىڭ پۈتۈن دۆلەتنى ئىدارە قىلىشىغا پايدا يەتكۈزەلەيدىغان ئىلىملارنى بىلىمەن....

ـ بۇ ئىقتىسادشۇناس گەپنى ئىقتىساد قىلىشنى بىلمەيدىكەن! ـ دىدى رىگو ئىستىھزا بىلەن كۈلۈپ.

بىئاسۇنىڭ ئاچچىقى كەلدى ۋە:

ـ قىنى، ئېيتىپ باققىنا، ئالدامچى، مەن پادىشاھلىق قىلىۋاتىمەنمۇ؟ مەن قايسى دۆلەتنىڭ شاھى ئىكەنمەن؟

ـ ھازىرچە سىز بىر دۆلەتنىڭ شاھى بولمىسىڭىزمۇ، لىكىن كەلگۈسىدە شاھ بولۇشىڭىز مۇمكىن، ئالىي ھەزرەتلىرى، ـ دىدى C، ـ بۇنىڭدىن باشقا

مېنىڭ بىلىمىم شۇنچىلىك يۇقۇرىكى، ھەتتا ئارمىيە ئىشلىرىنى باشقۇرۇشمۇ قولۇمدىن كېلىدۇ.

بىئاسۇ يەنە ئۇنىڭ سۆزىنى قوپاللىق بىلەن بۆلدى:

ـ مەن ئۆز ئارمىيەمنى باشقۇرمايمەن، جانابىي زىمىندار، بەلكى ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىمەن!

ـ ناھايىتى ياخشى، ئۇنداق بولسا، سىز قوماندانلىق قىلىڭ، مەن خوجىلىق ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ بېرەي، مېنىڭ چارۋىچىلىق جەھەتتىمۇ مەخسۇس بىلىمىم بار.

ـ سەن بىزنى پادا بېقىپ، چارۋا يېتىشتۈرىدۇ، دەپ ئويلاۋاتامسەن؟ـ دېدى بىئاسۇ مىيىقىدا كۈلۈپ،ـ ياق، بىز مال باقمايمىز، بەلكى يەيمىز. ئەگەر فرانسىيە مۇستەملىكىسىدىكى چارۋا ماللار بىزنىڭ يېيىشىمىزگە يەتمىسە، تاغلاردىن ئېشىپ، ئىسپانىيە مۇستەملىكىسىگە بارىمىز ـ دە، ئۇ يەردىكى كەڭ يايلاقلاردا بېقىلىۋاتقان بۇقا، ئۆكۈز، قويلارنى ھەيدەپ كېلىمىز، ئەگەر كۇتىيۇئى، ۋېگى، سانت ـ ياگو ۋە يونا قىرغاقلىرىدىكى چارۋا ـ ماللار تۈگىسە، زۆرۈر تېپىلغاندا، ھەتتا ئىسپانىيە دومىنگوسى ئىچىدىكى سامانىسكى يېرىم ئارىلىنىڭ نېيبى دەرياسى قىرغاقلىرىدا يايلاپ يۈرگەن ماللارنى ھەيدەپ كېلىشكىمۇ، شۇ ئارقىلىق ئۇژېنى ئۆلتۈرگەن لەنتى ئىسپان مۇلۈكدارلىرىنىڭ ئوخشىتىپ ئەدىۋىنى بېرىشكىمۇ كۈچىمىز يېتىدۇ. كۆردۈڭمۇ، مېنىڭ مەئىشىتىم ئەنە شۇنداق باياشات، سېنىڭ «ناھايىتى ئېھتىياجلىق» بىلىمىڭگە ھاجىتىممۇ چۈشمەيدۇ!

بىئاسۇنىڭ بۇ كەسكىن سۆزلىرى بىچارە «ئىقتىسادشۇناس» نى يارىنىڭ گىرۋىكىگە ئەكىلىپ قويدى، شۇنداق بولسىمۇ ئۇ بايىقى چاخالغا ئېسىلىۋېلىپ، تىرەجەپ تۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇندى:

ـ مەن يالغۇز چارۋىچىلىق جەھەتتىكى ئىلىملارنىلا ئەمەس، بەلكى سىزگە چوڭ مەنپەئەت كەلتۈرىدىغان باشقا ئىلىملارنىمۇ بىلىمەن، مەن سىزگە تاش كۆمۈرنى قانداق قېزىپ چىقىرىشنى كۆرسىتىپ قويالايمەن.

ـ ئۇلارنى نېمە قىلىمەن؟ ماڭا كۆمۈر كېرەك بولۇپ قالسا، ئۇچ چاقىرىملاپ كەڭلىكتىكى ئورمانلارنى كۆيدۈرىمەن.

ـ مەن سىزگە ھەرخىل تېرەكلەرنىڭ ياغىچى نىمىلەرگە باپ كېلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن،ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى

تۇتقۇن، ـ چىنار ۋە ئابنۇس ياغىچى كىملەردە ھۇجرا ياساشقا، ئەۋرىشىم ياغىچى ئېگىپ ياسىلىدىغان نەرسىلەرگە، سۆگەت ياغىچى كېمە قوۋۇرغىسىنى ياساشقا يارايدۇ. يەنە، مەجنۇنتال، گايئاك، كېدرا، ئاكوما قاتارلىق ياغاچلاردىن...

ـ سېنىڭ جەسىتىڭنى يەتتە دوزاخنىڭ قەرىگە ئېلىپ بارىدىغان تاۋۇتلارنى ياساشقا بولىدۇ! ـ دەپ ۋارقىرىدى تاقىتى تاق بولغان بىئاسۇ ئىسپان تىلىدا ئۇنى سىلكىپ.

ـ نېمە دېگىنىڭىز بۇ، مەرھەمەتلىك خوجام؟ ـ دەپ سورىدى «ئىقتىسادشۇناس» غال ـ غال تىترەپ تۇرۇپ ئۇ ئىسپانچىنى ئانچە چۈشەنمەيتتى.

ـ قۇلاق سال، ـ دېدى بىئاسۇ، ـ ماڭا كېمىلەر كېرەك ئەمەس، مېنىڭ ئوردامدا پەقەت بىرلا مەنسەپنىڭ بوش ئورنى بار، ئۇ بولسىمۇ ئەمەلدارلىق مەنسىپى ئەمەس، بەلكى چاكارلىق مەنسىپى. ياخشى ئويلاپ باق، پەيلاسوپ ئەپەندى، بۇ مەنسەپ ساڭا لايىق كېلەمدۇ ـ يوق؟ ئەگەر لايىق كېلىدۇ، دېسەڭ، سەن مېنىڭ ئالدىمدا ئۆمىلەپ يۈرۈپ چاكارلىق قىلىشىڭ كېرەك، ماڭا چېلىم سېلىپ ئەكىلىشىڭ، غىزا ـ تاماق، تاشپاقا شورپىسى تەييارلىشىڭ كېرەك، مانا بۇ ئىككى قۇلغا ئوخشاش، كەينىمدە تۇرۇپ، پەر يەلپۈگۈچ بىلەن مېنى يەلپۈشۈڭ كېرەك، قانداق، بولامدۇ؟ ماڭا چاكار بولۇشقا رازىمۇ سەن؟

«ھۆرمەتلىك C» پەقەت ئۆز جېنىنىڭ ئامان قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ، بۇ خىزمەتكە رازىلىقى ۋە مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرۈپ، بىئاسۇغا پېشانىسى يەرگە تەككىچە ئېگىلىپ تازىم قىلدى.

ـ دېمەك، رازى بولدۇڭمۇ، ھە؟ ـ دەپ سورىدى بىئاسۇ.

ـ مېنىڭ رازى بولغانلىقىمغا شۈبھىلىنىۋاتامسىز، ئۇلۇغ جاناپ؟ مەن سىزنىڭ بۇ يۈكسەك مەرھەمىتىڭىزنى ھېچ ئىككىلەنمەستىن قوبۇل قىلىمەن ۋە سىزنىڭ ئايىغىڭىزدا خىزمەت قىلىشنى شەرەپ دەپ ھېسابلايمەن!

ئۇ بۇ سۆزنى قىلىۋاتقاندا، پىخىلداپ كۈلۈپ تۇرغان بىئاسۇ بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە قوللىرىنى كۆكسىگە گىرەلەشتۈرۈپ تەنتەنىلىك قىياپەتتە ئورنىدىن تۇردى ـ دە، ئالدىدا ئېگىلىپ تۇرغان ئاق تەنلىكنى بىر تېپىپ دۈملىتىۋەتتى. ئاندىن كېيىن ۋارقىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

ـ خۇداغا شۈكرى! مەن ئاق تەنلىكلەرنىڭ شۈنچىلىك پەسكەشلىكىنى، بىشىغا كۈن چۈشكەندە ھەرقانداق رەزىللىككىمۇ رازى بولىدىغان ۋىجدانسىز ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، بۇنىڭغا چەكسىز خوشالمەن! ھۆرمەتلىكC ، مەن سىنىڭ ئىككى قېتىملىق ئەمىلىيىتىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت دەيمەن. مەن سىنىڭ تونۇيمەن، ئەجىبا، سەن ئۆزەڭنىڭ شۈنچىلىك گالۋاڭلىغىڭنى سەزمەمسەن؟ ئىيۇن، ئىيۇل، ئاۋغۇستلاردىكى قوزغىلاڭنى سەن يىتەكچىلىك قىلمىغانمىدىڭ؟ ئەللىك نەپەر نىگىرنىڭ بىشىنى كىسىپ ھويلاڭغا كىرىدىغان بوستانلىقنىڭ ئىككى چېتىدىكى خورملارغا ئاسقان سەن ئەمەسمۇ؟ سەن قوزغىلاڭدىن كىيىن ئۆز قولۇڭدىكى بەش يۈز نىگىرنىڭ بىشىنى كىسىش ۋە كاپ شەھىرىنىڭ ئەتراپىنى پىكولى پورتىدىن كاراكول تۈمشۈقىغىچە نىگىر قۇللارنىڭ كىسىلگەن بىشى بىلەن قورغان سوقۇپ مۇداپىئە قىلىش تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويمىغانمىدىڭ؟! شۇ ۋاقىتتا، ئەگەر ئىمكانىيىتىڭ بولغان بولسا، مىنى تۇتقۇن قىلىپ، كالالامنى كەسكەن بولاتتىڭ، ھازىرچۇ؟ ماڭا چاكار بولۇپ ئىشلەشنى ئۆزەڭ ئۈچۈن بەخت دەپ ھىسابلاۋاتىسەن! ياق، ياق مەن سىنىڭ شەنىڭ ھەققىدە ئۆزەڭگە قارىغاندا كۆپرەك قايغۇرۇۋاتىمەن. مەن سىنى بۇنداق شەرمەندىلىكتىن قۇتقۇزۇپ قويماقچىمەن. ئۆلۈشكە تەييارلان!

دەھشەتتىن بىھوش بولغان بىچارە «نىگىر نەسلى تەرەپدارى» خۇدىنى يوقاتقان ھالدا بىئاسۇنىڭ ئايىغىغا ئۆزىنى تاشلىدى. بىئاسۇ يىنىدىكىلەرگە ئىشارەت قىلىۋىدى، ئۇلار بۇ بىچارە بەندىنى سۆرەپ، مىنىڭ قېشىمغا ئەكىلىپ تاشلىدى.

34

ـ ھىم، ئەمدى نۆۋەت ساڭا كەلدى، ـ دىدى باشلىق ئاخىرقى بىر ئەسىرگە بۇرۇلۇپ قاراپ. بۇ ئەسىر ئاق تەنلىكلەر «شالغۇت» دەپ كەمسىتىدىغان ۋە بۇ مەسىلە ئۈستىدە مەن بىلەن دوئىلغا چۈشكەن ھىلىقى مۇستەملىكىچى ئىدى.

قوزغىلاڭچىلارنىڭ ۋاڭ ـ چۇڭ قىلىپ ۋارقىراشلىرى ئۇنىڭ جاۋابىنى ئاڭلاتقۇزمىدى، «ئۆلتۈرۈش كىرەك، ئۆلتۈرۈش كىرەك!» دەپ ۋارقىراشتى

نىگىــرلار چىشــلىرىنى غۇچۇرلىتــىپ، بىچــارە تۇتقۇنغــا مۇشــت تەگــلەپ، دىۋەيلەپ.

ـ گېنېرال، ـ دېدى مۇلاتلاردىن ئالـدىغا چىقىـپ، ـ بـۇ ـ ئـاق تەنلـىك، ئۇنى چوقۇم ئۆلتۈرۈش كېرەك!

شـور پېشـانە مۇلۇكـدار كۆپچىلىكنىـڭ ۋاڭ ـ چـۇڭىنى بېسـىش ئۈچـۈن بـارلىق كـۈچى بىـلەن قـولىنى پۇلاڭلىتىـپ تـۇرۇپ، ئـاخىرى سۆزلىيەلىشـقا مۇۋەپپەق بولدى:

ـ ياق، ياقا، جانابىي گېنېرال، ياق، قېرىنداشلىرىم، مەن ئاق تەنلىك ئەمەس! بۇ قىپقىزىل بوھتان! مەن مۇلات، مەن خۇددى سىلەردەك ئارىلاشما قان نەسلىدىكى ئادەم، مېنىڭ ئانام خـۇددى سـىلەرنىڭ ئانـاڭلار ۋە ھەدە ـ سىڭىللىرىڭلارغا ئوخشاشلا نىگىر.

ـ ئۇنىڭ گېپى يالغان! ـ دەپ ۋارقىراشـتى غەزەپلەنـگەن نىگىـرلار، ـ ئـۇ چوقـۇم ئـاق تەنلـىك. ئـۇ دائىـم قـارا تەنلىـك ۋە رەڭلىـك ئىرقتىكىلەرنـى كەمسىتەتتى.

ـ ھەرگىـز ئۇنـداق ئەمەس! ـ دەپ ۋارقىرىـدى تۇتقـۇن، ـ مەن ئـاق تەنلىكلەردىن نەپرەتلىنىمەن! مەن سىلەرنىڭ قېرىنداشلار، مەن سـىلەرگە ئوخشاشلا ھەردائىم «نىگىرلار ئاقكۆڭۈل، ئاق تەنلىكلەر قارا كۆڭۈل» دېگەن تەمسىلگە ئىخلاس قىلىمەن.

ـ يالغـان، يالغـان! ـ دەپ ۋارقىراشـتى تـوپ، ـ ئـۇ ئـاق تەنلـىك، ئۇنى ئۆلتۈرۈڭ، ئۆلتۈرۈڭ!

بەختسىز تۇتقۇن ئىچىنىشلىق ۋارقىراپ ئۆز پىكرىنى تەكىتلەۋەردى:

ـ مەن ـ مۇلات، قان نەسلى جەھەتتىن سىلەرگە قېرىنداش.

ـ ئىسپاتلاپ كۆرسەت! ـ دېدى بىئاسۇ قوپاللىق بىلەن.

ـ مانا بىر ئىسپات: ئاق تەنلىكەر دائىم مېنى كەمسىتەتتى.

ـ بەلكىم، شۇنداقتۇ، ـ دېدى بىئاسۇ، ـ بەلكىـم، ئـاق تەنلىكـلەر سـېنى ئۇياتسىز بولغىنىڭ ئۈچۈن كەمسىتكەندۇ.

ياش بىر مۇلات قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى:

ـ ئاق تەنلىكلەرنىڭ سـېنى كەمسـىتكىنى راسـت. لـېكىن سـەن بۇنىـڭ بەدىلىگە رەڭلىك ئىرق كىشىلىرىنى كەمسىتتىڭ. گەرچە ئۆزەڭمـۇ رەڭلىـك ئىرق قاتارىدا سانالساڭمۇ، مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، سـېنى بىزنىـڭ ئەۋلادىمىزغا

مەنسۇپ دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزەڭگىنى ھاقارەتلەنگەن ھېسابلاپ، بىر ئاق تەنلىكنى دوئېلغا چاقىرغان ئىكەنسەنغۇ!

تۇپ ئىچىدە غەزەپلىك ئاۋازلار، «تۈتقۇننى ئۆلتۈرۈش كېرەك!» دېگەن ۋارقىراشلار تېخىمۇ كۈچىيىپ، ئۆزىنى ئاقلاۋاتقان مۇستەملىكىچىنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. ئۇ تەلمۈرۈپ يېلىنغان ھالدا ماڭا بىر قاراپ قويدى -دە، يالقۇۇرغان قىياپەتتە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

-بۇ-تۆھمەت! مەن ئۈچۈن قارا تەنلىكلەرگە مەنسۇپ بولۇش-زور بەخت! چوڭ شەرەپ، مەن-مۇلات.

-ئەگەر سەن ھەقىقىي مۇلات بولغان بولساڭ، «مۇلات» دېگەن سۆزنى ئېغىزغا ئالمىغان بولاتتىڭ!-دېدى رىگو خاتىرجەم ھالدا.

-ئاھ، نېمە دەۋاتقىنىمنى ئۆزەممۇ بىلمەي قاپتىمەن،-دەپ قاخشىدى شور پېشانە ئەسىر-جانابىي باش قوماندان، تىرناقلىرىم ئەتراپىدىكى مانا بۇ قارا گەردىش داغلار مېنىڭ ئىككى قان نەسلىگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىمگە ئىسپات بولالايدۇ.

-مېنىڭ رەمچى ھەزرەتكە ئوخشاش قولۇڭنىڭ بەلگىسىگە قاراپ كىملىكىڭنى تاپىدىغان ھۈنىرىم يوق. گېپىمگە قۇلاق سال، ئەسكەرلىرىمنىڭ بىر قىسمى سېنى ئاق تەنلىك دەپ ھېسابلاۋاتىدۇ، يەنە بىر قىسمى ئۆز قېرىنداشلىرىغا ساتقىنلىق قىلدى، دەپ ئەيىپلەۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، سەن چوقۇم ئۆلۈمگە مەھكۇم. بىراق سەن ئۆزەڭگىنى بىزنىڭ ئەۋلادىمىزغا مەنسۇپ، ھېچقانداق باشقىچە ئەمەس، دەپ تۇرۇۋاتىسەن. ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، پەقەت ئۆز سۆزۈڭنىڭ راستلىقىنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشتىن باشقا ئامال يوق،-دېدى بىئاسۇ.

-قانداق ئىسپاتلايمەن، جانابىي گېنېرال؟ نېمە قىلسام بولىدۇ؟-دېدى مۇستەملىكىچى ئالدىراپ،-مەن ھەممىنى قىلىشقا تەييار.

-مانا بۇ خەنجەرنى قولۇڭغا ئال-دە، ئاۋۇ ئىككى ئاق تەنلىك ئەسىرنى ئۆلتۈر! شۇنداق قىلالىساڭ، سىناقتىن ئۆتكەن بولىسەن،-دېدى بىئاسۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، قولى بىلەن بىز ئىككىمىزنى كۆرسەتتى.

بىئاسۇ زەھەرلىك تەبەسسۇم بىلەن ئۆزىگە سۇنۇپ تۇرغان خەنجەرنى كۆرۈپ مۇستەملىكىچى كەينىگە داجىدى.

ـ خوش، پېتىنالمايۋاتامسەن؟ ـ دېدى باشلىق، ـ لېكىن، بۇ ـ سېنىڭ ئاق تەنلىك ئەمەسلىكىڭنى مېنىڭ ئالدىمدا ۋە ئارمىيەم ئالدىدا ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان بىردىن ـ بىر سىناق. قېنى، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن، ۋاقىتنى ئىسراپ قىلما!

تۇتقۇن ئالاقزادە بولدى، ئۇ خەنجەرنى ئېلىش ئۈچۈن ئالدىغا بىر ئېڭىشتى، يەنە كەينىگە داجىدى، ئۇنىڭ قوللىرى لاسسىدە چۈشۈپ كەتتى، ئۇ جاقىلداپ تىترەۋاتاتتى.

ـ ئاھا، قانداق؟ مېنى ئالدىيالمايسەن! ـ دەپ ۋارقىرىدى بىئاسۇ غەزەپلىنىپ، ـ يا ئۇلارنى ئۆلتۈرىسەن، يا بولمىسا سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئۆلىسەن، ئىككىسىنىڭ بىرىنى تاللا!

تاشتەك قېتىپ قالغان ئەسىر جايىدىن قوزغالمىدى.

ـ ناھايىتى ياخشى! ـ دېدى بىئاسۇ نىگىرلارغا قاراپ، ـ بۇ جاللات بولۇشنى خالىمايدىكەن. دېمەك، جاللاتنىڭ قولىدا ئۆلۈشى كېرەك، ئۇنىڭ ئاق تەنلىك ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى، ئۇنى ئەپچىقىپ كېتىڭلار!

نىگىرلار تۇتقۇننى ئېلىپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن كېلىشتى، نىگىرلارنىڭ كېلىشى ئۇنى ئىككىنىڭ بىرسىنى تاللاشقا ـ يا ئۆلتۈرۈشكە، يا ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلدى. چېكىدىن ئاشقان قورقۇنچاقلىق بەزىدە غەزەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇ بىئاسۇنىڭ قولىدىن خەنجەرنى ئالدى ـ دە، ئويلاپ تۇرماستىنلا مېنىڭ يېنىمدا ياتقان C غا قاراپ يولۇۋاستەك ئېتىلدى.

دەھشەتلىك كۆرەش باشلاندى. بىئاسۇنىڭ ئازاپلىق سۈئال ـ سورىقىدىن روھى ئازاپلىنىپ، دەرمانسىزلانغان ۋە غەم ـ قايغۇغا چۆككەن «نىگىر نەسلى تەرەپدارى C» باشلىق بىلەن مۇلۇكدار ئوتتۇرىسىدا يۈز بېرىۋاتقان ۋەقەلەردىن، گەپ ـ سۆزلەردىن گاراڭ بولغان ھالدا قاراپ ياتاتتى، تارتىدىغان ئازاپ ـ ئوقۇبىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئەقلى ـ ھوشىنى يوقاتقانلىقتىن، مۇلۇكدارنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى، نېمە دېگەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان ئىدى. ئەمما مۇلۇكدار ئۇنى بېسىۋېلىپ، خەنجەرنى ئۇنىڭ بېشىدا پىقىرىتىشقا باشلىغاندا، بىردىنلا ھوشىغا كەلدى ـ دە، ئورنىدىن سەكرەپ قوپۇپ، ئۇنىڭ خەنجەر تۇتقان قولىغا ئېسىلدى ۋە ئېچىنىشلىق بىلەن شۇنداق دەپ ۋارقىرىدى:

رەھىم قىلىڭ، رەھىم قىلىڭ! مېنى نېمە قىلماقچىسىز؟مەن سىزگە نېمە قىلدىم؟

-سىزنى ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك، ئەپەندىم، -دېدى مۆلۈكدار ئۈنىڭ قولىدىن ئاجراشقا ئۇرۇنۇپ ۋە ئۇنىڭغا ئالاقزادىلىك بىلەن قاراپ تۇرۇپ، -قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، مەن سىزنى قىينىماي ئۆلتۈرىمەن!

-مەن سىزنىڭ قولىڭىزدا ئۆلىمەنمۇ؟-دەپ يالۋۇردى ئىقتىسادشۇناس،

- بۇ قانداق بولغىنى؟ ماڭا رەھىم قىلىڭ، ئىھتىمال، سىزنى «مۆلات» دېگەنلىكىم ئۈچۈن رەنجىگەنسىز-ھە؟ مېنى ئۆلتۈرمەڭ، مەن بۇندىن كېيىن سىزنى ئاق تەنلىك، دەپ ھېسابلاشقا ۋەدە بېرىمەن، چوقۇم ۋەدە بېرىمەن. سىز ھەقىقىي ئاق تەنلىك، ھەممە يەردە سىزنىڭ ئاق تەنلىك ئىكەنلىكىڭىزنى ئېيتىمەن. پەقەت ماڭا رەھىم قىلىڭ، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن!

«نېگىر نەسلى تەرەپدارى» ئامان قېلىشنىڭ يامان ئۇسۇلىنى تاللىغان ئىدى، مۆلات بولسا غەزەپلىنىپ:

-ئاغزىڭنى يۇم، تىلىڭنى تارت! - دەپ ۋارقىرىدى ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى نېگىرلارنىڭ ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ.

ئەمما C بولسا ئۇنى ساپ ئاق تەنلىك دەپ ۋارقىراۋەردى، مۆلات ئۇنىڭ ئېغىزىنى جىمىقتۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرقى كۈچىنى توپلاپC نىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقتى - دە، خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ كۆكرىكىگە ئۇردى. خەنجەرنىڭ پولات تىغى بەدىنىگە سانچىلغانلىقىنى سەزگەن بىچارە C جان ئاچچىقى بىلەن ئۇنىڭ خەنجەر تۇتقان قولىنى چىشلىۋالدى.

-ۋەھشىي، ساتقىن، سەن مېنى ئۆلتۈرمەكچىمۇ؟-دېدى ۋە بىئاسۇغا قاراپ:

--ئەي ئىنسانىيەت قىساسچىسى، مېنى قۇتقۇزۇڭ! - دەپ ۋارقىرىدى.

ئەمما قاتىل خەنجەر سېپىنى مەھكەم تۇتقان ئىدى. ئۇنىڭ قوللىرى قانغا بويالدى، يۈزلىرىگە قان چاچرىدى.

بىچارە «نېگىر نەسلى تەرەپدارى» نىڭ ئىككى پۇتى پۈكۈلدى، قوللىرى لاسسىدە چۈشۈپ كەتتى، كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلىدى، كۆكرىكىدىن بۇلدۇقلاپ قان ئېتىلىشقا باشلىدى - دە، پالاققىدە يىقىلدى. ئۇ ئۆلدى.

## 25

بۇ ھادىسىلەر داۋامىدا مەن ئۆز رولۇمنى ئورۇنلاشقا تەييارلىنىۋېتىپ، دەھشەتتىن بەدەنلىرىم شۈركۈنۈپ كەتتى. «ئىنسانىيەت قىساسچىسى» ئۆز قۇربانلىرىنىڭ كۆرىشىنى پەرۋاسىز ھالدا تاماشا قىلماقتا ئىدى. يۇقۇرىدا بايان قىلىنغان پاجىئەلەر تامام بولغاندىن كېيىن، بىئاسۇ قورقۇپ تىترەپ تۇرغان چاكارلىرىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ـ دە،

ـ تاماكا سېلىپ كېلىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇدى ۋە ئەكەلگەن چىلىمنى تارتىشقا باشلىدى.

باخشى بىلەن رىگو جىمجىت تۇراتتى. ئەتراپتىكى نېگىرلارمۇ ئۆز كاتتىبېشى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن بۇ ۋەھىمىلىك مەنزىرىنى دەھشەت ئىچىدە كۆزىتىپ تۇردى.

ئەمدى خەنجەر بىلەن ئۆلتۈرۈلىدىغان پەقەت بىرلا ئاق تەنلىك قالغان ئىدى، بۇ مەن ئىدىم، يەنى نۆۋەت ئەمدى ماڭا كېلىپ قالغان ئىدى. مېنىڭ جېنىمنى ئالىدىغان ۋەھشىي جاللاتقا تىكىلىپ قارىدىم، ئۇنىڭ ئەھۋالىمۇ ئېچىنارلىق ئىدى: لەۋلىرى كۆكىرىپ كەتكەن، بەدىنى تىترەپ، چىشلىرى كاسىلداپ، ھېلى سەنتۈرۈلۈپ يىقىلىپ چۈشىدىغاندەك ئاران ئۆرە تۇرۇۋاتاتتى، تۇرۇپ ئۇ قولىنى كۆتۈرۈپ، پىشانىسىدىكى قانىنى ئېرتىشقا ئۇرۇنۇپ كۆرسىمۇ، لېكىن گويا بىر نەرسە توسقۇنلۇق قىلىۋاتقاندەك پېتىنالماي، ئايىغىدا جان تالىشىپ ياتقان جەسەتكە قاراپتتى ـ دە، سەسكىنىپ چەتكە قارىۋالاتتى.

مەن ئۇنىڭ ئىشقا كىرىشىشىنى ۋە مېنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن خەنجەر سالىدىغان مىنۇتلارنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم، شۇنداقلا بۇ ئادەم ئالدىدا ئۆزۈمنى غەلىتە ھېس قىلىشقا باشلىدىم ـ تېخى يېقىندىلا ئۇ ئۆزىنىڭ ئاق تەنلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرۈشكە تاس ـ تاماس قالغان ئىدى. ھازىر بولسا، ئۆزىنىڭ مۇلات ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مېنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

ـ بولدى، بەس، سەن ئەزىمەت ئادەم ئىكەنسەن! سەندىن رازىمەن، ئاغىنە. ئىككىنچىسىنى ئۆلتۈرمىسەڭمۇ بولىدۇ. سەپكە قوشۇلغىن، سېنى ئۆز

قېرىندىشىمىز دەپ ئىلان قىلىمىز ۋە ئارمىيىمىز قارمىقىدا جاللاتلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلەيمىز، ـ دېدى بىئاسۇ ۋە سۆزلەۋېتىپ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا ماگا قاراپ قويدى.

باشلىقنىڭ سۆزىدىن كېيىن، جەڭچىلەر ئىچىدىن بىر نېگىر ئالدىغا چىقىپ، بىئاسۇغا ئۈچ قېتىم ئېگىلىپ تازىم قىلدى، ئاندىن ئۆز تىلىدا شۇنداق دېدى (سىلەرگە چۈشىنىشلىك بولسۇن ئۈچۈن، ئۇنىڭ سۆزىنى فرانسۇز تىلىدا ئېيتىپ بېرىمەن):

ـ مەنچۇ جانابىي گېنېرال؟

ـ ساگا نىمە بوپتۇ، نىمە دىمەكچىسەن؟ ـ دەپ سورىدى بىئاسۇ.

ـ ئەجىبا، سىز ماگا بىرەر ئىنئام ئاتا قىلمىسىڭىز ـ ھە، جانابىي گېنېرال ـ دېدى ئۇ، ـ ئۆزىنى بىز تەرەپتە قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئادەم ئۆلتۈرگەن بۇ ئاق تەنلىك ئىتقا يۇقىرى مەنسەپ ئاتا قىلدىڭىز، شۇنداق ئىنئامنى ماگىمۇ بەرسىڭىز بولماسمىدى؟ مەن ياخشى بىر قارا تەنلىكقۇ!

بۇ كۈتۈلمىگەن تەلەپ بىئاسۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويغاندەك بولدى، ئۇ رىگوغا بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، كەيى ئەترىتىنىڭ بۇ باشلىقى فرانسۇز تىلىدا مۇنداق دېدى:

ـ ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغىلى بولمايدۇ، سۆزىگە ئېتىبار قىلماڭ!

ـ سەن ئۆستۈرۈلۈشنى خالايتتىڭمۇ؟ ـ دەپ سورىدى بىئاسۇ «ياخشى قارا تەنلىك» تىن، ـ بۇ ياخشى گەپ، بوپتۇ، سېنى ئۆستۈرەي، قېنى، قانداق مەنسەپنى خالايسەن؟

ـ مەن ئوفىتسېر بولۇشنى خالايمەن.

ـ ئوفىتسېر بولۇشنى؟ مانا قارا! سەن ئېپولىت تاقاش ھوقۇقىغا ئىگە بولالىغىدەك قانداق خىزمەت كۆرسەتتىڭ؟ ـ دېدى باش قوماندان.

ـ مەن، ـ دەپ سۆز باشلىدى نېگىر گېپىدەيگەن ھالدا، ـ ئاۋغۇستىنىڭ باشلىرىدا لاگۇستىكى خوجايىنلارنىڭ يەر ـ مۈلكىگە ئوت قويدۇم، مۈلۈكدار كلېمانىنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ كالللىسىنى قەنت زاۋۇتىنىڭ تۇرخۇنىنىڭ ئۇستىگە ئاستىم، ئۇن نەپەر ئاق تەنلىك ئايالنى ۋە يەتتە نەپەر بوۋاقنى بوغۇزلىدىم، بىر بوۋاقنىڭ جەسىتى باتۇر بوكمان جەڭچىلىرىنىڭ بايرىقى بولۇپ خىزمەت قىلدى. ئاندىن كېيىن، مەن يەنە گالىفى پورتىدا تۆت نەپەر

مۇستەملىكىچىنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئۆيىگە سولاپ، تىرىك پېتى كۆيدۈرۈپ تاشلىدىم. مېنىڭ دادام كاپىتا چاقپەلەككە باغلاپ ئۆلتۈرۈلگەن، ئاكامنى بولسا روكرۇدا دارغا ئېسىشقان. ئۆزەمنىمۇ ئېتىۋېتىشكە ئاز قالغان ئىدى. مەن يەنە ئۈچ كافى مەيداننى، ئىككى يۈزگە يېقىن شېكەر قومۇشلۇق ئېتىزنى كۆيدۈردۈم. خوجايىنىم نوئى ۋە ئۇنىڭ ئائىىسىنى ئۆلتۈردۈم...

ـ بولدى، بۇ غازاتلىرىڭنى ساناپ بىزنى ئاۋارە قىلما! ـ دېدى رىگو. ھالبۇكى، رىگو ئۆزىنىڭ زالىملىقىنى ياسالما مۇلايىملىق بىلەن يوشۇرۇپ يۈرىدىغان كىشى ئىدى. شۇنداق دېيىشكىلا بولاتتىكى، ئۇ قانخور قاراقچى، دېگەن ئاتاقنى ئۆزىگە يۇقتۇرۇپ تۇرۇپ قان تۆكۈشكە خۇشتار ئىدى.

ـ مەن يەنە نۇرغۇن مىساللارنى كۆرسىتىپ بېرەلەيمەن، ـ دېدى نېگىر مەغرۇرلىنىپ، ـ لېكىن، سىز مېنىڭ ئوفىتسېرلىك ئۇنۋانىنى ئېلىشىمغا ۋە مانا بۇ يولداشلىرىمغا ئوخشاش، مۇرەمگە ئالتۇن ئېپولىت تاقاپ يۈرۈشۈمگە، يۇقۇرىدىكى خىزمەتلىرىمنى كۇپايە قىلىدۇ، دەپ ھېساپلايسىز! ـ دەپ سۆزىنى تاماملىدى نېگىر.

باش قوماندان بىردەم ئويلاندى ـ دە، كېيىن سىپاگەرلىك بىلەن نېگىرغا شۇنداق دېدى:

ـ مەن ساڭا خوشاللىق بىلەن ئوفىتسېرلىك ئۇنۋانى بەرگەن بولاتتىم، چۈنكى، كۆرسەتكەن خىزمىتىڭدىن رازىمەن. بىراق، ئوفىتسېر بولۇش ئۈچۈن يەنە باشقا شەرتلەرمۇ بولۇشى كېرەك. سەن لاتىنچىنى بىلەمسەن؟

قاراقچى ھولۇقتى ۋە كۆزىنى چەكچەيتىپ تۇرۇپ سورىدى:

ـ ئەپۇ قىلىڭ، سىز نىمە دەۋاتىسىز، جانابىي گېنېرال؟

ـ لاتىنچىنى بىلەمسەن، دەپ سوراۋاتىمەن، دېدى بېئاسۇ قىزىققانلىق بىلەن.

ـ لاتىنچىنى؟

ـ ھە، ھە، لاتىنچىنى، سەن لاتىنچىنى بىلەمسەن، زادى؟ دەپ قايتا سورىدى ھېيلىگەر باشلىق ۋە بىر بايراقنى كۆرسەتتى: بايراقتا «بەنى ئىسرائىل مىسىردىن چىقتى» دېگەن سۆز يېزىلغان ئىدى.

ـ ئەنە ئاشۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى بىزگە يېشىپ بەرگىنە! ـ دېدى بايراققا يېزىلغىنىنى نېگىرغا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

بۇ سۇئالدىن مەڭدەپ قالغان نىگىر باشلىقنىڭ ئالدىدا ھاڭقىيىپ قاراپ تۇراتتى ۋە لاتا بىلەن تېڭىلغان كۆزىنى قايرىپ ئېچىپ، بىردەم گېنېرالغا، بىردەم بايراققا تەلمۈرۈپ قاراپ، نىمە دېيىشنى بىلەلمىدى.

ـ قاچان سۆزلەيسەن؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى بىئاسۇ تاقەتسىزلىنىپ.

نىگىر گەدىنىنى قاشلاپ شۇك تۇرغاندىن كېيىن، ئېغىزىنى مىدىرلىتىپ ئاران شۇنداق دېيەلىدى:

ـ سىزنىڭ نىمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، جانابىي گېنېرال.

بىئاسۇنىڭ چىرايىدا بىردىنلا غەزەپ ئەكس ئەتتى.

ـ قارا، بۇنىڭ تەنتەكلىكىنى! شۇ ھالىڭغا ئوفىتسېر بولۇشنى تەلەپ قىلدىڭما! ئۆزەڭ لاتىنچىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن، تېخى! ـ دېدى ئۇ.

ـ لېكىن، جانابىي گېنېرال... ـ دەپ پىچىرلىدى نىگىر قورقۇپ دۇدۇقلاپ.

ـ ئاغزىڭنى يۇم! سېنىڭ بۇنچىلىك يۈزى قېلىن ئىكەنلىكىڭنى بىلىپ تۇرۇپ، نىمشقىدۇ سېنى ئېتىۋەتمىگىنىمنى ئۆزەممۇ چۈشەنمەيمەن!ـ دېدى بىئاسۇ غەزەپلىنىپ،ـ ئېيتىپ بېقىڭا، رىگو، ھەتتا لاتىنچىنىمۇ بىلمەيدىغان بۇنداق ئوفىتسىرنى قانداق قىلىش كېرەك؟ ماڭا قارا، ئەخمەق! سەن ئاۋۇ بايراققا يېزىلغان لاتىنچە سۆزنى بىلەلمىگەن بولساڭ، ئۇنىڭ مەنىسىنى ساڭا چۈشەندۈرۈپ قوياي: «بىرمۇ ئەسكەر لاتىنچىنى بىلمىسە، ئوفىتسېر بولالمايدۇ» دېگەن سۆز. توغرىمۇ، ئىمام ھەزرەت؟

پاكىنەك باخشى بىئاسۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ بېشىنى لىڭشىتتى. قوماندان سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ مەن ئارمىيىمىز قارىمىقىدا جاللاتلىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىگەن ئاۋۇ قىرىندىشىمىز لاتىنچىنى بىلىدۇ. سەن ئۇنىڭ ئۆسۈشىگە ھەسەت قىلىۋاتىسەن!

بىئاسۇ يېڭى جاللاتقا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە:

ـ توغرىمۇ، بۇرادەر؟ ـ دەپ سورىدى، سەن مانا بۇ ھاماقەتكە لاتىنچىنى بىلىدىغانلىقىڭنى كۆرسىتىپ قويغىنا:

«VOBISKOM DOMINOS » دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نىمە؟

پەرىشـــان ھالـــدا تۇرۇۋاتقـــان بىچـــارە قـــارا تەنلـــىك مۇســـتەملىكىچى بىئاسۇنىڭ دەھشەتلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ، خـۇددى ئۇيقۇدىن ئويغانغانـدەك چۆچـۈپ بېشـىنى كـۆتەردى ـ دە، ئـۇزاق ئۆتمۇشـتىكى مەكـتەپ ھاياتىنى ئەسلەپ، دەھشەتلىك ئوي ـ خىياللار بىلەن تولغان كۆڭلىدىن بۇ سـۆزنىڭ مەنىسـىنى ئـويلاپ تېپىشـقا ئۇرۇنـدى. ۋىجـدان ئازابىـدىن قىينىلىۋاتقـان بـۇ ئادەمنىڭ چىرايى قورقۇنۇچتىن سارغىرىپ كەتكەن ئىدى، ئاخىر ئۇ خـۇددى مەكتەپ باللىرىغا ئوخشاش ھودۇققان ھالدا بۇ لاتىـنچە سـۆزنىڭ مەنىسـىنى ئېيتتى:

«DOMINOS VOBISKOM» دېــگەن ســۆز «ســىلەرگە ئــاللا يــار بولسۇن» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

ـ «ئىمانىڭنى خۇدا ساقلىسۇن» دەپ قوشـۇپ قويـدى تەنـتەنە بىـلەن سىرلىق باخشى.

ـ ئامىن! ـ دەپ ھەممىنى دۇئاغا چاقىردى بىئاسۇ. ئاندىن ئـۆزى توقـۇپ چىققان لاتىنچە يالغان ـ ياۋىداق غەزەپلىك ئىبـارىلەرنى ئىشـلىتىپ، خـۇددى سىگانارېلغا ئوخشاش، غەزەپ بىلەن ھۆرپىيىپ سۆزلەشكە باشلىدى:

ـ بۇ قىلىقى بىلەن ئۇ قـارا تەنلـىك قـوزغىلاڭچىلارنى ئـۆز باشـلىقىنىڭ دانىشمەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولغان بولسا كېرەك.

ـ ماڭ، ئورنىڭغا بار ۋە سەپنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا تۇر! ـ بىئاسۇ ۋارقىرىدى ھېلىقى مەنسەپپەرەس نېگىرغا، ـ ھەركىـم بېشـىغا پـالاكەت كەلسـە، ئۆزىـدىن كۆرسۇن! بۇندىن كېيىن لاتىنچە بىلىدىغان باشلىقلىرىمدەك بـولىمەن دەپ، يۇقۇرى مەنسەپكە كۆتىرىلىشنى ئۈمىد قىلما، ئىككىنچى شـۇنداق قىلىـدىغان بولساڭ، سېنى دارغا ئاسىمەن! ئىستىغپار ئېيتىڭلار، قېرىنداشلار، خەيرلىك.

قورقۇپ ۋە گاڭگىراپ قالغان نېگىر يولداشلارنىڭ شـاگخو ـ كـۈلكىلىرى ئىچىدە ئـىزار تارتىـپ ئاسـتا ئـۆز ئورنىغـا كېلىـپ تـۇردى، سـەپتە تۇرغـانلار بىھـۇدە تەلەپ قويـۇپ، دانىشـمەن بـاش قومانـدان بىـلەن تاقارىشـقان «ئەخمەق» نېگىرنى مازاقلاپ، قىقاس سېلىپ كۈلۈشمەكتە ئىدى.

بۇ بىر كۆرۈنۈش ھادىسە ھېيلىگەرلىك ۋە نەيرەڭۋازلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋاللار بىئاسۇنىڭ كىشىلەرنى ئىدارە قىلىشتا بەكمۇ چېۋەر ـ پەملىك ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ كۆرسەتتى.

قـوزغىلاڭچىلار ئارىســدا مەنسەپپەرەسـلىك ۋە يۇقـۇرى كۆتۈرىلىشـنى تەلەپ قىلىــش كەيپىيــاتىنى تــۇگىتىش ئۈچــۈن، بىئاســۇ تەرىپىــدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللىنىلغان بۇ نەيرەڭ نىگىرلارنىڭ تامامەن نادانلىقىنى ۋە باشلىقلىرىنىڭ ناھايىتى ھىيلىگەرلىكىنى تولۇق ئېچىپ بەردى.

شۇ ئارىدا بىئاسۇنىڭ تاماق يېيىش ۋاقتى بولـۇپ قالـدى. قـوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ گېنېـرال-مـايورى، كاتولىـك دىنىنىـڭ ئۇلـۇغ جانـابىي ئالىيسـىغا تاشپاقا پوستىدىن ياسالغان چوڭ كاسىلاردا دورا-دەرمەكلەر بىلەن ئالاھىـدە دۇملەپ پىشـۇرۇلغان سـېمىز پـاقلان گۆشـى ۋە ھەر خىـل مەززىلىـك تائـاملار كەلتۈرۈلدى، يەنە تاۋۇز باشقا شىرىن مىۋە-چىۋە، شـەربەتلىك ئىچىملىكـلەر ھەم بىلىق، تاشپاقا گۆشـىدىن ياسـالغان ھەريـاڭزا مەئىشـەتلەرمۇ قويۇلـدى، ياغلىق قاتلىملار ۋە چىرايلىق ماركـا چاپلانغـان ۋىنـو بوتـۇلكىلىرى زىيـاپەت ئۈسـتىلىنى بېـزەپ تـۇراتتى. بىئاسـۇ يانچۇقىـدىن بىـر نەچچە تـال سامساق ئالدى-دە، ئۇنى نانغا سۈرتۈپ زور ئىشتىھا بىلەن غىزالىنىشقا كىرىشىۋېتىپ، يېنىدا ئولتۇرغـان رىگـونى تاماققا تەكلىـپ قىلـدى. بىئاسـۇنىڭ ئىشتىھاسـى ناھايىتى ياخشى ئىكەن. باخشى بۇ زىياپەتكە داخىل بولمىدى، چۈنكى، ئـۇ ئۆز كەسپىگە كىرىشكەندىن بۇيـان، نىگىرلارغا ئۆزىنىـڭ ئەۋلىيـا ۋە ئىلاھـى شـەخس ئىكەنلىكىنــى، تامـاق يېيىشــكە مۇھتـاج ئەمەسـلىكىنى كۆرسـىتىش ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئالدىدا زادىلا تاماق يېمەي كەلگەن.

زىياپەت داۋامىدا بىئاسۇ ئۆز ئادىيۇتانتلىرىدىن بىرىگە ھەربىي كۆرەكنى باشلاش ھەققىدە بۇيرۇق بەردى. شۇ ھامـان قـوزغىلاڭچىلار قوشـۇنى رەت - رەت سەپ بولۇپ، غارنىڭ ئىشـىكى ئالدىـدىن ئۆتۈشـكە باشـلىدى. بىرىنچـى رەتتە قىزىلتـاغ نىگىرلـرى ئـۆتتى: ئۇلارنىـڭ سـانى تەخمىـنەن تـۆت مىڭـچە ئىدى. ئۇلار ئادەم سانى ئانچە كۆپ بولمىغان ئىزۋودلار بويىچە تەكشى قەدەم تاشلاپ ئۆتمەكتە ئىدى. ھەر بىر ئىزۋودنىڭ ئالدىدا ئۆز باشلىقلىرى ماڭـدى. ئۇلار مەن يۇقۇرىدا ئېيتىپ ئۆتكەندەك قىزىل ئىشتان كىيگەن ۋە بەللىرىگە قىزىل كەمەر باغلىغان ئىدى.

بۇ قوشۇندىكى نىگىرلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئىگىز، گەۋدىلىك ۋە كۈچلـۈك بولـۇپ، مىلتىـق، پالتـا، قىلىچـلار بىـلەن قوراللانغـان، نۇرغـۇنى چوماق، ئارا، ئوقيا ۋە ئۆزلىرى ياسىۋالغان ئۇزۇن نەيزىلەرنى كۆتىرىشىۋالغان

ئىدى. ئۇلارنىڭ بايرىقى يوق ئىدى. بۇ جەڭچىلەر روھى چۈشكەن، جىمجىت، سۇرلۇك قەدەم تاشلاپ ئۆتۈشتى.

«قىزىلتاغ» نىگىرلىرى كۆرەكتىن ئۆتۈۋاتقاندا، بىئاسۇ يېنىدىكى رىگوغا ئېگىشىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا فرانسۇز تىلىدا شۇنداق دېدى:

ـ بلانشلاند ۋە دې رۇۋرىنىڭ زەمبىرەكلىرى مېنى بۇ «قىزىلتاغ» قاراقچىلىرىدىن قاچانمۇ قۇتۇلدۇرىدىكىن! مەن بۇلارنى بەكمۇ ئۆچ كۆرىمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك كونگو نەسلىدىن! ئەپسۇسكى، ئۇلار جەڭ قىلىشقا ماھىر. «قىزىلتاغ» لىقلار ئۆزلىرىنىڭ ئالدامچى باشلىقى بيۇگ - ژارگالنىڭ ئۆلگىسى بويىچە ئىش قىلىشىدۇ، ئۆزىنى ئالىيجاناپ، قەھرىمان قىلىپ كۆرسىتىدىغان بۇ ئەقىلسىز گۆدەككە گويا بۇتقا تىۋىنغاندەك چوقۇنىشىدۇ. سىز ئۇنى تونۇمامسىز، رىگو؟ ئىشىنىمەنكى، ئۇنىڭ بىلەن ھېچقانچان تونۇشماسسىز. ئاق تەنلىكلەر ئۇنى ئەسىر ئېلىپ تولىمۇ ياخشى ئىش قىلدى! مەن بۇكماندىن قۇتۇلغاندەك، بيۇگ-ژارگالدىنمۇ قۇتۇلدۇم.

ـ بۇكمان توغرىلىق بىر پىكىر ئېسىمگە كەلدى، ـ دېدى رىگو ئۇنىڭغا جاۋابەن، ـ ئەنە، ماكايىەنىڭ قاچان قارا تەنلىك ئەسكەرلىرى كۆرەكتىن ئۆتۈۋاتىدۇ. بۇكماننىڭ ھالاكىتى توغرۇلۇق ژان-فرانسۇئادىن خەۋەرنىڭ ئېلىپ كەلگەن ھېلىقى چاپارمەن نىگىر ئۇلارنىڭ سېپىدە كېلىۋاتىدۇ. بىلەمسىز، بىئاسۇ، بۇ نىگىرنىڭ خەتەرلىكى بۇكماننىڭ ھالاكىتى توغرىسىدىكى خەۋەرنى دەسلەپتە ماڭا يەتكۈزگەنلىكى ۋە مېنىڭ سىزگە ئېيتقانلىقىم. ئەگەر ئۇ ئۇنى ئەتەي لاگىر ئالدىدا يېرىم سائەت توختىتىپ قويغانلىقىڭىزنى ئاشكارىلاپ قويسا، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ داھىيسى بۇكماننىڭ ئۆلۈمى ھەققىدە ئالدىنئالا ئېيتىلغان پالنىڭ سىرى پاش بولۇپ قېلىشى ۋە باخشىنىڭ رەمچىلىك سەنئىتىگە بولغان ئىشەنچى ئەسكەرلەر ئىچىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى.

ـ DIABOLO، ـ دېدى بىئاسۇ سەگەكلىشىپ، ـ سىز توغرا دېدىڭىز، قەدىرلىكىم، ئۇ ئادەمنى جىمىقتۇرۇش كېرەك، توختاپ تۇرۇڭا....

ـ ماكەيىيە! ـ دەپ ۋارقىرىدى بىئاسۇ.

بۇكماننىڭ قاچاق نىگىرلىرى ئەترىتىنىڭ باشلىقى دەرھال بىئاسۇنىڭ ئالدىغا كەلدى-دە، يوغان پىلتە مىلتىقىنىڭ ئېغىزىنى يەرگە قارىتىپ تازىم قىلدى.

ـ ئەنە ئاۋۇ قارا تەنلىكنى ئۆز سېپىڭلاردىن چىقىرىڭلار! ئۇ كۆرەككە قاتنىششقا مۇناسىپ ئەمەس، ـ دېدى بىئاسۇ.

ماكايىيە چاپارمەن نېگىرنى دەرھال باش قوماندانىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. بىئاسۇنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈسكە كىردى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىنى غەزەپلەنگەن قىياپەتتە قىلىپ كۆرسىتىشكە بەكمۇ ماھىر ئىدى.

ـ سەن ئۆزەڭ كىم؟ ـ دەپ سورىدى بىئاسۇ قورقۇپ تۇرغان نېگىردىن.

ـ جانابىي گېنېرال، مەن ـ بىر قارا تەنلىكمەن، ـ دېدى چاپارمەن.

ـ ئەخمەقنىڭ گېپىنى قارا! سېنىڭ قارا تەنلىك ئىكەنلىكىڭنى بىلىۋاتىمەن، ئىسمىڭ نىمە؟

ـ مېنىڭ جەڭگىۋار لەقىمىم ـ ۋاۋىلان. دەرۋىشلەر ئىچىدىكى پىرىمىنىڭ نامى ـ مۇقەددەس سابا. ئۇ كىشى تەركىي ـ دۇنيا بولغان چوڭ ئەۋلىيا ئىدى. ئۇنىڭ خاتىرىسى ھەر يىلى ئەيسا پەيغەمبەر تۇغۇلغان تەۋەللۇت بايرىمىدىن يىگىرمە كۈن بۇرۇن بايرام قىلىنىدۇ.

بىئاسۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

ـ سەن يىرتىق ئىشتان كىيىپ، ئاق پۇتا باغلاپ، پاتقاق چاپلاشقان يالاڭغىداق پۇتۇڭ بىلەن، قاشاڭ قىلىچ ئېسىپ، ھەربىي كۆرەككە قاتنىششقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ؟

ـ جانابىي گېنېرال، بۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئەيىپلىك ئەمەس، ـ دېدى نېگىر، ـ گېنېرال ئادمىرال ژان ـ فرانسۇئا مېنى ئەنگلىيىلىك نېگىرلار ئەترىتىنىڭ باشلىقى بۇكماننىڭ ۋاپاتى توغرىسىدىكى خەۋەرنى سىزگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن چاپارمەن قىلىپ ئەۋەتكەن ئىدى. توغرا، مېنىڭ كىيىملىرىم يىرتىلدى. پۇتلىرىم پاتقاق بولدى، چۈنكى، مەن بۇ خەۋەرنى جانابىڭىزغا تېزرەك يەتكۈزۈش ئۈچۈن ھېچنەرسىگە قارىماي، بولۇشىچە چاپتىم. بىراق لاگېرغا يېتىپ كەلگەندە مېنى تۇتۇپ قىلىشتى ۋە ....

بىئاسۇ قاپىقىنى تۈردى:

ـ مەن ئۇ توغرىلىق سوراۋاتمايمەن، بەد بەخ! سەن نىمە ئۈچۈن ئۇياتماستىن جۇل ـ جۇل قىياپىتىڭ بىلەن بۇ كۆرەككە قاتناشتىڭ، دەپ سوراۋاتىمەن! ماڭ، جىنىڭنى ئاشۇ ئەۋلىيا پىرىڭ، تەركىي ـ دۇنيا دەرۋىش مۇقەددەس ساباغا تاپشۇر! سېنى ئېتىپ تاشلىغانلىقىمىزنى ئۇنىڭغا بېرىپ ئېيت.

بـۇ ھادىسـەگە قـاراپ مەن بىئاسـۇنىڭ قـوزغىلاڭچىلار ئۇسـتىدىن يۈرگۈزۈۋاتقان مەنىۋى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ نەقەدەر كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە يەنە بىر قېتىم ئىشەندىم. ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان بۇ بەختسىز نېگىر بىر ئېغىز سـۆز بىـلەن بولسـىمۇ قارشـىلىق بىلدۈرمەسـتىن، بېشـىنى ئېگـىپ، ئىككـى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ، ئۆزىنىڭ زالىم ھۆكۈمرانىغا ئۈچ قېتىم تازىم قىلدى، ئاندىن تۆۋە ـ ئىستىغپار ئوقۇپ، گۇناھىنى يۇيۇش ئۈچۈن باخشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى ـ دە، كېيىن غاردىن چىقىپ كەتتى. ئاردىن بىر نەچچە مىنۇت ئۆتمەيلا مىلتىق ئاۋازى ئاڭلاندى. بىئاسۇغا مەزكۇر نېگىرنىڭ بۇيرۇقنى بويسۇنۇپ، ئۆز جېنىنى بەرگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر قىلىشتى، نېگىر ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن ئىدى.

ئەندىشىدىن خالاس بولغان بىئاسۇ رىگۇغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ كـۆزلىرى خۇشـاللىقتىن چاقناپ تـۇراتتى ۋە چىرايىدا «قانـداق، قايىـل بولدىڭىزمۇ؟» دېگەندەك تەنتەنىلىك تەبەسسۇم ئەكس ئەتتى.

كۆرەك داۋاملىشىۋاتاتتى. بىر نەچچە سائەت ئاۋۋال ماڭا چۇۋالچاق، تەرتىپسىز ۋە تارقاق كۆرۈنگەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇنى ئەمدىلىكتە رەت ـ رەت تىزىلىپ، سەپ تارتىپ، ئاجايىپ كۆركەم بىر كۆرۈنۈشنى ھاسىل قىلدى. بىزنىڭ ئالدىمىزدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك يالاڭغاچ، يالاڭغىداق نېگىرلار گۇرۇپپىلىرى ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇلار كالتەك، توقماق، سويىلار بىلەن قوراللانغان بولۇپ، گويا قەدىمي ئادەملەردەك مۆڭگۈز ـ سۇنايلارنى چېلىپ، تەكشى قەدەم تاشلاپ ماڭماقتا ئىدى. ئاندىن كېيىن ئىسپانچە ۋە ئىنگلىزچە ھەربىي كىيىم كىيگەن. ياخشى قوراللانغان مۇنتىزىم مۇلاتلار باتالىيونلىرى گۈمبۈرلىگەن دۇمباق ساداسى ئىچىدە تەكشى قەدەم تاشلاپ ئۆتۈشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئارا، نەيزە بىلەن قوراللانغان نېگىر ئاياللىرى ۋە نېگىر بالىلىرى توپى رەتسىز، تەرتىپسىز ھالدا ئۆتتى. ياشانغان نېگىرلار قونداقسىز مىلتىقلارغا تايىنىپ ۋە ئۆزلىرى ياسىۋالغان قارا پىلتە مىلتىقلارنى كۆتۈرۈشۈپ ماڭماقتا ئىدى. ئالا ـ بالداق كىيىم كىيگەن كرىئوت ئاياللىرىمۇ كۆرەكتىن ئۆتتى. رەڭگارەڭ گىرىم قىلىشقا كرىئوتلار گىتار، بالافۇ قاتارلىق مۇزىكىلارنى چېلىشىپ قىقاس ـ چۇقان بىلەن، ئۇسۇل ئويناپ، ناخشا ئېيتىپ ئۆتمەكتە ئىدى. بۇ ئاجايىپ ئالا ـ توپىلاڭ. تەنتەنە ئىچىدە نېگىر نەسلىنىڭ ھەممە قەبىلىلىرى ـ زامبۇلار، مارابۇلار، ساكاتىرالار ۋە ماملىيۇك، كۋاتىرون

قەبىلىلىرى ھەم ئەركىن مۇلاتلارمۇ بار ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا، قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ كۈچمە كارۋىنىمۇ كۆرەكتىن ئۆتتى. كارۋاننى ئېلىپ ماڭغان نېگىرلار مۇرىسىگە يېڭى مىلتىقلارنى ئېسىپ، ھەربىي ئەسلىھە ۋە ئاق تەنلىكلەردىن ئولجا ئېلىنغان توپ-زەمبىرەكلەر بېسىلغان ھارۋىلارنى ھەيدەپ، غەنىيمەت ئېلىنغان ئوزۇق-تۈلۈكلەرنى ئارتىۋالغان كارۋانلارنى باشلاپ، بارلىق ئاۋازى بىلەن «چوڭ دالىدىكى لاگىر»، «ئۇئاناسى» دىگەن جەڭگىۋار ناخشىنى ياڭراتقىنىچە، مەغرۇر ھالدا كۆرەكتىن ئۆتتى. ئۇلارنىڭ بېشىدا ھەربىل بەلگىلەر چۇشۇرۇلگەن ئاق، قىزىل، مايىسرەڭ ئۈچ خىل بايراقلار لەپىلدەپ تۇراتتى. جەڭچىلەر ئۈچ خىل رەڭلىك قالپاقلىرىغا مايسا قادىشىۋالغان، قوللىرىدا «پوپلارغا ۋە ئاق سۆڭەكلەرگە ئۆلۈم!»، «ياشىسۇن بىدئەت!»، «بىزگە ئازاتلىق ۋە ئەركىنلىك كېرەك!»، «ياشىسۇن پادىشاھ!»، «يوقالسۇن مۇستەملىكىچىلىك!»، «ياشىسۇن ئىسپانىيە!»، «يوقالسۇن زالىملار!» دىگەن شۇئارلار يېزىلغان لوزۇنكىلارنى كۆتىرىشىۋالغان ئىدى.

بۇ تەسىرلىك كۆرۈنۈش قوزغىلاڭچىلار ئارمىيىسىنىڭ مەقسەتنى ئېنىق چۈشەنمەيدىغان سانسىز ساددا كىشىلەر تويپىدىن تەركىپ تاپقانلىقىنى، بۇ ئارمىينى تەشكىل قىلغان كىشىلەرنىڭ ئېگىمۇ خۇددى ئۇلارنىڭ سەپلىرىدەك چۇۋالچاق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

كۆرەكتىن ئۆتۈۋاتقان قىسىملار غار ئالدىدىن ئۆتكەندە، بايراقلىرىنى تۆۋەن ئېگىپ، باش قوماندانغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى. بىئاسۇ بولسا ئۆز نۆۋىتىدە ئۇلارنى تەبرىكلەپ، ھەر بىر قىسىمغا ئۆزىگە يارىشا سۆز بىلەن جاۋاب بىرەتتى: بەزىلەرگە تەنبىھ بىرىپ، بەزىلىرىنى ماختاپ قويياتتى. بىئاسۇ نىمە دىسە، جەڭچىلەر ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بولغان چەكسىز ئىشەنچادىنى ۋە ئىتائەتچانلىقىنى ئىپادىلەيتتى. خۇددى قەدىمقى زاماننىڭ ياۋايى ئادەملىرىنى ئەسلىتىدىغان بۇ گادىرماش ئالا-تويىلاڭ كۆرەك ئاخىرى تۈگىدى. راستىنى ئېيتسام، بۇ قاراقچىلار تويى دەسلەپ مېنى قىزىقتۇرغان بولسا، ئەمدى زېرىكتۇرمەكتە ئىدى. كۆڭلۈم ئۆلتۈردى. ئاخىرقى بىر قىسىم ئەسكەرلەر غار ئالدىدىن ئۆتۈۋاتقاندا، شەرقتىكى ئېگىز تاغ چوققىسىنىڭ تىك گرانىت تاشلىرى پېتىۋاتقان كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىراشقا باشلىدى.

بىئاسۇ ئويچان كۆرۈنەتتى. كۆرەك تۆگەپ، بارلىق قوزغىلاڭچىلار قوماندانىنىڭ ئاخىرقى بۇيرۇقلىرىنى ئىلىپ، ئۆز كەپىلىرىگە قايتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ دېدى:

- خوش، ياش يىگىت، مانا، سەن مېنىڭ پاراستىم ۋە قۇدرىتىم ھەققىدە تولۇق چۈشەنچىگە ئىگە بولدۇڭ. ئەمدى سېنى لېوگرىننىڭ ئالدىغا ئەۋەتىش پۇرسىتى كەلدى. سەن ئۇنىڭغا كۆرگەنلىرىڭنى سۆزلەپ بېرىشىڭ كېرەك.

- مېنى دېسەڭ، بۇ پۇرسەتنىڭ بالدۇرراق كەلگىنى ياخشى ئىدى! - دەپ جاۋاپ بەردىم ۋە سوغاقلا.

- دېگىنىڭ توغرا، - دېدى بىئاسۇ ۋە بۇ سۆزلىرىنىڭ ماڭا قانداق تەسىر قىلغانلىقىنى بايقاش ئۈچۈن بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، - لېكىن، بۇنداق پۇرسەتنىڭ زادى كەلمەسلىكىمۇ ئۆزەڭگە باغلىق.

- بۇ نىمە دېگىنىڭ؟ - دېدىم مەن ھەيران بولۇپ، - نىمە دېمەكچىسەن؟

- توغرىسىنى ئېيتسام، سېنىڭ ھاياتىڭ ئۆزەڭنىڭ قولىدا، ئەگەر خالىساڭ، ئۆز ھاياتىڭنى ئۆزەڭلا قۇتقۇزۇپ قېلىشىڭ مۇمكىن!

بىئاسۇنىڭ قەلبىدە بىرىنچى قېتىم، ئېھتىمال، ئەڭ ئاخىرقى قېتىم بىردىنلا پەيدا بولغان بۇ رەھىمدىللىك ماڭا غەلىتە بىر ھادىسە بولۇپ كۆرۈندى. خىلىدىن بېرى بەئەينى ھىندىلارنىڭ بۇتىدەك قىمىرلىماي ئولتۇرغان باخشى بۇ گەپكە مەندىن بەكرەك ھەيران بولۇپ، ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى-دە، باش قوماندانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىك تۇرۇپ، كۆڭلى قالغان قىياپەتتە شۇنداق دېدى:

- شەۋكەتلىك گېنېرال، جاناپلىرىنىڭ بۇ نىمە دېگەنلىرى؟ ئەجىبا، ماڭا بەرگەن ۋەدىلىرىنى مۇبارەك ئەسلىرىدىن تەرك قىلدىلىمۇ؟ مەزكۇر ئەسىرنىڭ جېنىنى ئۆزىمۇ، ھەتتا خۇدامۇ ساقلاپ قالالمايدۇ، ئۇنىڭ جېنى پەقەت مېنىڭلا قولۇمدا!!

بۇ بەدبەختنىڭ خۇنۇك ئاۋازى قانداقتۇ بىر تونۇش نەرسىنى دەرھال ئېسىگە سالغاندەك بولدى-يۇ، ئەمما ھېچقانداق بىر ئەسلىمە قالدۇرمايلا يوقاپ كەتتى.

بىئاسۇ خاتىرجەم ھالدا ئورنىدىن تۇرۇپ، باخشى بىلەن ئاستا پاراڭلاشتى-دە، بىر قارا بايراقنى كۆرسەتتى، بۇ بايراقنى مەن بۇرۇنلا كۆرگەن ئىدىم. شۇنىدىن كېيىن باخشى ماقۇل بولغانلىقىنى ئىپادىلەپ ئۈندىمەستىن يەرگە قارىدى، ھەر ئىككىلىسى خاتىرجەم ئۆز ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى:

-قۇلاق سال،-دېدى بىئاسۇ ماڭا، يانچۇقىدىن ژان-فرانسۇئا ئەۋەتكەن يەنە بىر پارچە مەكتۇپنى ئېلىۋېتىپ،-بىزنىڭ ئەھۋالىمىز چاتاق. بۇكمان يېقىندا جەڭدە ھالاك بولدى. ئاق تەنلىكلەر بۇختا رايونىدا ئىككى مىڭ ئىسپانچىنى قىرىپ تاشلىدى. مۇستەملىكىچىلەر توختىماي ئۆزىنى كۈچەيتىۋاتىدۇ، بىز بىخەستەلىك قىلىپ كاپ شەھىرىنى قولدىن بېرىپ قويدۇق، ئەمدى بىزگە قولاي پۇرسەتنىڭ تۈگۈلۈشى ناتايىن. شەرق تەرەپتە چوڭ يول دەريا ئارقىلىق توسىلىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ يولىمىزنى توساش ۋە بىزنى مۇھاسىرىگە ئېلىش ئۈچۈن ئاق تەنلىكلەر ئېگىز دۆڭلەرگە تويچى قىسىملىرىنى جايلاشتۇرۇۋاتىدۇ. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقىدا ھەربىي لاگېر قۇردى. جەنۇب تەرەپتە «يۇقۇرىقى تۇمشۇق» دەپ ئاتىلىدىغان، ئېدىرلىقلاردىن كېسىپ ئۆتىدىغان خۇپيانە يول بار ئىدى. ئۇلار بۇ يولنىمۇ توپچى قىسىملار بىلەن قورۇقلاپ تۇرۇپتۇ. تۈزلەڭلىك تەرەپتە ئاقلارنىڭ پوزىتسىيىسى پۇختا ئىستىھكاملار بىلەن قوغدىلىپ تۇرىدۇ، بۇ ئىستىھكاملارنى پۈتۈن ئاھالىنى ئىشقا سېلىپ ياساپ چىقىشتى، مۇستەھكەم توساقلار ئورناتتى، ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، كاپنى ئىگەللىشىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ «مۇلاتلار بۆشۈكى» دېگى قارارگاھىمىز قولدىن كەتتى. مۇداپىئە جەھەتتىكى ئاجىزلىقىمىز، يېڭىلگەنلىكىمىز ئۈستىگە يەنە ژان-فرانسۇئا لاگېرنى خانىۋەيران قىلغان بەزگەك كېسەللىكى كېلىپ قوشۇلدى. يۇقۇرىدىكى ئەھۋاللار سەۋەبىدىن، فرانسىيىنىڭ گېنېرال-ئادمىرالى ژان-فرانسۇئا ئەمدى ۋالىي بلانشلاند ۋە مۇستەملىكىلىك كېڭەش بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. بىزمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدۇق. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كېڭەشكە خەت ئەۋەتمەكچى بولدۇق. مانا شۇ خەت مېنىڭ قولۇمدا تۇرۇپتۇ.

ئوقۇپ بېرەي، ئاڭلا:

«كېڭەش ئەزالىرى ئەپەندىلەر!

بۇ چوڭ ۋە باي مۇستەملىكىنى تەڭداشسىز بەختسىزلىك قاپلاپ كەتتى. بۇ بەختسىزلىك بىزنىمۇ ئاياپ قويغىنى يوق. شۇنداق بولسىمۇ، بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ ھەققانىي ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئارتۇقچە گەپ قىلىش ھاجەت ئەمەس. قاچانلا بولسۇن، بەربىر، سىلەر بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى چۈشىنىپ، بىزگە تولۇق ئادالەت كۆرسىتىسىلەر. بىز چوقۇم پادىشاھ ليۇدۋىك XVI تەرىپىدىن جاكارلانغان ئومۇمىي كەچۈرۈمگە ئىگە بولۇشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنداق بولمايدىكەن، بىز ئىسپانىيە پادىشاھلىقىغا، يەنى بىزگە ناھايىتى ياخشى مۇئامىلە قىلغان ھەمدە ھەر جەھەتتىن مەدەت بەرگەن ئادىل پادىشاھقا سەممىي بەيئەت قىلىشقا تەييارمىز.

1791-يىلى 28-سىنتەبىردىكى قانۇندىن بىز بىز شۇنى كۆردۇقكى، مىللىي كېڭەش ۋە پادىشاھ تەرىپىدىن سىلەرگە قۇللارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش، رەڭلىك ئەرق كىشىلىرىنىڭ سىياسىي ھوقۇقى توغرىسىدا ئۆنۈملۈك تەدبىر بەلگىلەش ھوقۇقى بېرىلگەن. بىز مىللەتلەر كېڭىشىنىڭ ۋە سىلەرنىڭ قارارىڭلارنى قوغداش، ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاخىرقى بىر تامچە قېنىمىز قالغىچە كۈرەش قىلىمىز. سىلەر قۇللارنىڭ تەقدىرى بىلەن ئويناشماي، جانابىي گېنېرال تەرىپىدىن تەستىقلانغان قارارغا ئاۋاز قوشقان بولساڭلار، تېخىمۇ ياخشى بولاتتى.

سىلەرنىڭ قۇللارغا غەمخورلۇق قىلىش توغرىسىدىكى قارارىڭلارنى قۇللار ئۆز داھىيلىرى ئارقىلىق ئاڭلىسا، ئەلۋەتتە، خۇشال بولىدۇ ۋە تەڭسىزلىك ناھايىتى تېز ئۆزگىرىدۇ.

كېڭەش ئەزالىرى ئەپەندىلەر، شۇنىمۇ دەپ قويىمىزكى، بىزنى ئىنقىلابىي كېڭەشنىڭ چاقىرىقى بويىچە قوزغالدى، دەپ ئويلىماڭلار، بىز ئۈچ پادىشاھلىققا مەنسۇپ كىشىلەرمىز: بىرى-بارلىق قارا تەنلىكلەرنىڭ قەدىمقى سۇلتانى بولغان كونگو پادىشاھلىقى، بىرى-بىزنىڭ ئاتىمىز بولغان فرانسىيە پادىشاھلىقى، يەنە بىرى-بىزنىڭ ئانىمىز بولغان ئىسپانىيە پادىشاھلىقى، بۇ ئۈچ پادىشاھلىق-ھەزرىتى ئادەمگە سەجدە قىلىش ئۈچۈن ئەرشتىن چۈشكەنلەرنىڭ ئەۋلادلىرى. ئەگەر بىز ئىنقىلابىي كېڭەشنىڭ خاھىشى بويىچە ئىش قىلغان بولساق، ئۇ ھالدا، بۇ كېڭەش بىزنى يۇقۇرىدىكى ئۈچ پادىشاھلىققا يەنى ئېيتقادىمىز، پۇخرالىقىمىز بىردەك بولغان قېرىنداشلىرىمىزغا قارشى جەڭ قىلىشقا دەۋەت قىلغان بولاتتى.

ـ توغرىسىنى ئېيتساق، بىز خەلق ئەركىنلىكى دىگەن ئاتالمىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشىنەلمەي كەلدۇق. چۈنكى، بىز دۇنيا يارالغاندىن تارتىپ تا ھازىرغىچە پەقەت شاھلارنىڭ خاھىشىنىلا ئورۇنلاپ كېلىۋاتىمىز. فرانسىيە ھاكىمدارى بىزنى ياخشى كۆردۇ. ئىسپانىيە شاھمۇ بىزنى ھامان ئاسراپ كەلمەكتە. بىز ئۇلارغا ھەمكارلاشقىنىمىزدەك، ئۇلارمۇ بىزگە ياردەم بەرسە، شۇ چاغدىلا بۇ ھەقىقىي ئادىمگەرچىلىك بولىدۇ. شۇنىمۇ ئېيتىمىزكى، ئەگەر بىزگە يەنىلا ئادىمگەرچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلمىسا، ئۇ چاغدا بىز دەرھال ئۆز پادىشاھلىقىمىزنى تىكلەيمىز.

ـ بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئەنە شۇلاردىن ئىبارەت.

ـ يۇقۇرىدىكى شەرتلەر بويىچە سۈلھ تۈزۈشكە قوشۇلىمىز.

ـ ئىمزا قويغۇچىلار: گېنېرال ژان ـ فرانسۇئا

ـ گېنېرال مايۇر بىئاسۇ

ـ كومىسسارلار: دىپىرى، مانزو، تۇسېن، ئوبېر»

ھازىرغىچە سۆزمۇ ـ سۆز ئېسىمدە قالغان نىگىر دىپلوماتىيىسىنىڭ بۇ مەكتۇپىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، بىئاسۇ ماڭا قاراپ شۇنداق دىدى:

ـ كۆردۈڭمۇ؟ بىز ھەقىقەتەنمۇ تېنچلىق سۆيەر كىشىلەرمىز، ئەمدى، قۇلاق سال، مەن شۇنى تەلەپ قىلىمەنكى، ژان ـ فرانسۇئامۇ، مەنمۇ ئاق تەنلىكلەر ئۈچۈن ئېچىلغان مەكتەپلەردە ئوقۇپ، چىرايلىق جۈملە تۈزۈشنى ئۆگەنمىگەنمىز، بىز جەڭ قىلىشنىلا بىلىمىز، يېزىشنى بىلمەيمىز. شۇنداق بولسىمۇ، مۇستەملىكىچىلەرگە ئەۋەتىلىدىغان بۇ مەكتۇپىمىزدا ھۆكۈمران ـ خوجايىنلارنىڭ بىزنى ساۋاتسىزلىقتا ئەيىپلەپ، شاڭخو قىلىشقا باھانە بولىدىغان بەزى خاتالىقلارنىڭ بولۇپ قالماسلىقىنى خالايمىز. سېنىڭ، ئېھتىمال، بىز بىلمەيدىغان ئاشۇ بىمەنە ئىلىمدىن خەۋىرىڭ بولسا كېرەك. سەن بىزنىڭ خېتىمىزدىكى ئاق تەنلىكلەر مەسخىرە قىلىدىغان ئىملا خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ بەرسەڭ، بۇنىڭ بەدىلىگە جېنىڭنى قۇتقۇزۇپ قالالايسەن.

بىئاسۇنىڭ دىپلوماتىك مەكتۇپىدىكى ئىملا خاتالىقلىرىنى تۈزىتىپ بېرىش بەدىلىگە ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قېلىش شەرتى نىمىشقىدۇر ماڭا ئېغىر كەلدى. مەن بۇنداق قىلىشنى پەسكەشلىك، ئۆز غۇرۇرۇمنى ئۆزەم يەرگە ئۇرۇش، دەپ ھېسابلىدىم. شۇڭا، تېگىرقىمايلا ئۇنىڭ تەكلىپىنى رەت

قىلدىم، بۇنچىۋالا قىلىپ جىنىمنى قۇتقۇزۇپ قالسام، ھاياتىم نىمىگە ئەرزىيتتى؟

مىنىڭ جاۋابىمغا بىئاسۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى.

ـ قانداق ئادەمسەن؟ ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ ھەيرانلىق بىلەن، ـ ئاق قەغەزگە قارا سىياھ بىلەن ئىككى ـ ئۈچ ئېغىز سۆز يېزىپ بېرىشتىن ئۆلۈشنى ئەۋزەل كۆرۈۋاتامسەن؟

ـ ھەئە؟ ـ دېدىم.

مىنىڭ قەيەرلىكىم ئۇنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويدى، ئېھتىمال، بىرئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن شۇنداق دېدى:

ـ قۇلاق سال، ئەقىلسىز گۆدەك، مەن ساڭا ئوخشاش جاھىل ئەمەسمەن، ئەتە كەچكىچە پۇرسەت بېرىمەن، ياخشىراق ئويلان، سۆزۈمنى ئاڭلا. ئەتە كۈن چىقىشتىن ئاۋۋال، سېنى يەنە ئالدىمغا چاقىرتىمەن، شۇ چاغدا بويرۇقىمنى ئورۇنلا. كېچىگە قارىغاندا تاڭ سەھەردە كىشىنىڭ ئەقلى سەگەكرەك بولىدۇ. ئوبدان ئويلانغىن. ئەگەر ئۆلۈش توغرا كەلسە، ئاددى ئۆلمەيسەن، خەيرا!

دەھشەتلىك تەبەسسۇم بىلەن ئېيتىلغان بۇ ئاخىرقى سۆزنىڭ مەنىسى روشەن ئىدى: بىئاسۇ ئۆز قۇربانلىرىنى قىيناققا ئېلىش ئالدىدا ئاشۇنداق چىرايلىق گەپلەرنى قىلاتتى.

ـ كاندىپ، بۇ ئەسىرنى ئەپچىقىپ كېتىڭلار، ـ دېدى بىئاسۇ، ـ ئۇنى قىزىلتاغ قوشۇنىنىڭ جەڭچىلىرى ساقلىسۇن. مەن ئۇنىڭ يەنە بىر سوتكا ئۆمۈر كۆرۈشىنى خالايمەن. باشقا جەڭچىلەرنىڭ ساقلىشىغا بەرسەك، بەلكى، ئۇلار يىگىرمە تۆت سائەت سەۋر قىلىپ تۇرالماسلىقى مۇمكىن.

بىئاسۇ مۇھاپىزەتچىلىرىنىڭ باشلىقى بولغان مۇلات كاندى قولۇمنى باغلاشنى بۇيرۇدى، بىر جەڭچى ئاغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى تۇتۇپ مېنى غاردىن ئەپچىقىپ كەتتى.



بەختىيار ھالدا، پاراغەت ئىچىدە تىنچ ياشاۋېتىپ، كۈتۈلمىگەن پالاكەتكە، تۈيۈقسىز خەۋپ ـ خەتەرگە دۇچ كەلسىڭىز، تەقدىرنىڭ بۇ

زەربىسى سىزنى ئېغىر غەم-غۇسسىگە گىرىپتار قىلىپ، غاپىللىقتىن ئويغىتىدۇ. لېكىن، بۇنداق تاساددىپىي بەختسىزلىك كىشىگە، كۆپىنچە، ئەينى ھادىسە بولۇپ كۆرۈنمەستىن، بەلكى چۈشتەك بولۇپ كۆرۈنىدۇ. دائىم بەختىيار ياشاپ كەلگەن كىشى بىردىنلا بەختسىزلىككە يولۇقسا، ئۇمىدسىزلىنىدۇ. كۈتۈلمىگەن پالاكەت بەئەينى بىردىنلا پارتلاپ كەتكەن بومبىغا ئوخشاش كىشىنى قاتتىق چۆچۈتۈپ، گاڭگىرىتىپ قويىدۇ. كىشىنىڭ كۆز ئالدىدا «ۋال» قىلىپ يانغان كىچىككىنە يورۇقلۇق ھەرگىزمۇ كۈن نۇرىنىڭ ئورنىنى باسالمىغاندەك، ئادەملەر، شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرمۇ خۇددى چۈشتىكى ئەپسانىۋى كۆرۈنۈشلەرگە ئوخشاش غىل-پاللا ئۆتىدۇ، ئالەمدىكى ھايات تامامەن ئۆزگىرىپ كەتكەندەك، كائىنات-تەبىئەتمۇ ئۆزگىرىپ كەتكەندەك تۇيۇلىدۇ، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكىچە بىزنىڭ بەختلىك چاغلىرىمىز كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىپ، دۇچ كەلگەن ھەممە كۆڭۈلسىزلىكلىرىمىزگە روشەن سېلىشتۇرما بولىدۇ-دە، ئاندىن بىردىنلا گۇزەللىكنى يوقىتىپ، رىئال تۇرمۇشنىڭ ئالدامچىلىقىغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا ھەقىقىي ھايات دېگەننىڭ ئۆزى گويا مەۋجۇت ئەمەستەك ياكى مەنىسىز بىر نەرسىدەك بولۇپ تۇيۇلىدۇ. بىز ئۆزىمىزنىڭ شەخسەن مەۋجۇتلۇقىمىزغا زورمۇ-زور ئىشىنىشكە ئۇرۇنىمىز، چۈنكى، ئۆتمۈشتىكى بەختىيار ھاياتىمىزدىن ھېچقانداق نام-نىشان قالمىغىنىنى كۆرگىنىمىزدە، ئۇ پۈرھەتلەرنىڭ قانداقلارچە قولدىن كەتكەنلىكىنى ۋە ئۆزىمىزنىڭ نىمە ئۈچۈن ھەممىدىن جۇدا بولۇپ، يەككە-يىگانە قالغانلىقىمىزنى زادىلا چۈشىنەلمەيمىز. ئەنە شۇنداق روھىي ئازاپ ئۇزۇنغا سوزۇلغانسېرى مۇلاھىزىلىرىمىز چېچىلىپ، مېڭىمىزگە ھېچقانداق ئورۇنلۇق پىكىر كەلمەيدۇ. خۇددى شۇ پەيتتە دائىم بەختلىك ياشىغان كىشىنىڭ بەختسىزلىكى گويا خىيالىي چۈشتەك، ئۆزى بولسا، گويا بىر كۆلەڭگىدەك بولۇپ تۇيۇلىدۇ.

## 27

ئەپەندىلەر، مەن بۇ پىكىرلەرنى نىمە ئۈچۈن ئېيتىۋاتقانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. بۇلارنى ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزمەي تۇرۇپ چۈشەندۈرۈپ

بېرىشمۇ، ئىپادىلەپ بېرىشمۇ قىيىن. بۇ تۇيغۇلارنى مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

بىئاسۇنىڭ مۇلازىملىرى مېنى «قىزىلتاغ نىگىرلىرىنىڭ ساقلىشىغا تاپشۇرۇپ بەرگەندە، مەن ئەنە شۇنداق ھېسسىياتتا ئىدىم. ماڭا گويا بىر پۇرسەت ئورنىغا يەنە بىر پۇرسەت كەلگەندەك تۇيۇلدى، شۇڭا مېنى بىلمەيدىن چوڭ دەرەخقە باغلاۋاتقاندا ھېچقانداق قارشىلىق قىلمىدىم.

نىگىرلار ماڭا ياخشى شورپىسى ئەپكىلىپ بېرىشتى. مەن بۇنى چوڭ ئىشتىھا بىلەن پاك ـ پاكىز يەپ بولدۇم. خۇدا بەندىلىرىگە رەھىم قىلىپ، ھەرقانداق ئېغىر روھىي ئازاپ ئىچىدىمۇ تاماقنى ھەزىم قىلىپ كېتەلىگىدەك ئىشتىھا ئاتا قىلغان ئىكەن.

شۇنداق قىلىپ، كەچ كىردى. مېنى قوغداپ تۇرغان قاراۋۇللار ئۆز كەپىلىرىگە قايتىشتى، پەقەت ئالتە قاراۋۇل مېنى ساقلاشقا قالدى، ئۇلار چوڭ گۈلخان يېقىپ ئەتراپىدا ئولتۇرۇشاتتى. بەزىلىرى يانپاشلاپ ياتقىنىچە سالقىن كېچىدە ئوت ئىسسىنماقتا ئىدى. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتتى.

جىسمانىي جەھەتتىن قاتتىق چارچىغان بولساممۇ، ھارغىنلىق پىكىر يۈرگۈزۈشۈمگە توسقۇنلۇق قىلالمىدى، مەن چوڭقۇر خىيالغا چۆمدۈم. تېخى يېقىندىلا مارى بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن بەختلىك مىنۇتلار خۇددى مارجاندەك تىزىلىپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. بۇ بەختلىك چاغلىرىمنى تېخى يېڭىلا يۈز بەرگەن ھادىسىلەرگە سېلىشتۇرۇپ كۆردۈم، بۇ ھادىسىلەر مېنى شۈبھىلىنىشكە مەجبۇر قىلىپ تۇراتتى، مەن كۆڭلۈمدىكى ئۈچ قېتىم ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان ئەمەسمىدىم؟ بۇلارنى ئويلاپ، ئەمدى مېنىڭ ئەتراپىمنى پەقەت ئەلەم، ھەسرەت ۋە ھالاكەت ئوراپ تۇرغانلىقىغا جەزم قىلدىم. مەن بەزىدە ئۆزەمنى قانداقتۇ بىر ئەپسانىۋى دەھشەت بىلەن كۆرۈشىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم ياكى ئۆز ـ ئۆزەمدىن، بۇ ئىشلار ئوڭۇممۇ ـ چۈشۈممۇ؟ دەپ سوراپ قوياتتىم. مېنىڭ ھازىرقى پەيتتە، بىئاسۇنىڭ ئەجەل پۈركۈپ تۇرغان لاگىردا تۇرغانلىقىم راستىمۇ؟ مارىدىن مەڭگۈ جۇدا بولۇپ كېتەرمەنمۇ؟ ئەسىر ئېلىنىپ ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان، تېرەككە باغلاپ قويۇلغان ۋە مانا ئاۋۇ ئالتە نەپەر ياۋايى قوغداپ تۇرغان تۇتقۇن راستىنلا مەنمۇ؟ راست، مەنغۇ! قانچە ئۆزەمنى قاچۇرساممۇ، مارى ھەققىدىكى ئازاپلىق خىيالاردىن خالىي

بولالمىدىم. پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن ئۇنىڭ ۋىسالىغا تەلپۈندۈم! مارىنىڭ تەقدىرى نىمە بولغاندۇ، دەپ ئويلىغاندا، يۈرەك ـ باغرىم پارە ـ پارە بولاتتى! قانىتىم بولسا ئۇچۇپ بېرىپ، مارىغا ياردەم بەرگۈم كېلەتتى. ئۇخلىغان يەرلىرىمدىن قېچىپ ئاراق ئىچىپ، كۆرۈۋاتقان بۇ دەھشەتلىك چۈش بىرئازدىن كېيىن ئۆتۈپ كېتىدىغاندەك، پەرۋەردىگارىم تەرىپىدىن ماڭا نېسىپ قىلىنغان ئاشۇ پەرىشتەمنىڭ ۋىسالىغا يېتىدىغان پەيتمۇ يېتىپ كېلىدىغاندەك ئۈمىدۋارلىق تۇيغۇسى پەيدا بولاتتى. بۇ ھاياجانلىق خىياللار زەنجىرى پىيىرو ھەققىدىكى پىكىرگە كېلىپ چېتىلدى ـ دە، بىردىنلا غەزىپىم قوزغالدى، كۆزۈمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلدى، قاتتىق غەزەپتىن چىكە تومۇرلىرىم ئېتىلىپ كېتىدىغاندەك بولدى. مارىغا بولغان مۇھەببىتىم بىلەن پىيىروغا بولغان دوستلۇقىمنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمگە لەنەت ئوقۇدۇم، ئۆزۈمنى ئۆزۈم قاغىدىم، پىيىرونى «ئۇلۇغ دەريا» غا سەكرەپ چۈشۈشكە نىمە مەجبۇر قىلغانلىقىنى زادىلا چۈشىنەلمىدىم، نىمە ئۈچۈن ئۇنى شۇ پەيتتىلا ئېتىۋەتمىگىنىمگە قاتتىق پۇشايمان قىلىپ يىغلىدىم. پىيىرو ئۆلدى. مانا مەنمۇ ئۆلۈش ئالدىدا تۇرىمەن. مەن ئۇنىڭ ئۆلگەنلىكىگىمۇ، ئۆزۈمنىڭ ئۆلىدىغانلىقىمغىمۇ ئېچىنمىدىم، پەقەت ئۇنىڭدىن ئۆچ ئالالمىغانلىقىمغا قاتتىق ئەپسۇسلاندىم!

شۇ ئازاپلىق خىياللار ئىچىدە يېرىم بىھوش ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدىم، روھىي ئازاپ مېنى راسا قىينىماقتا ئىدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتكەنلىكىنى بىلمەيمەن، بىردىنلا يىراقتىن ئېيتىلىۋاتقان ناخشا ئاۋازى مېنى ھوشۇمغا كەلتۈردى. قانداقتۇر بىر ئەر كىشىنىڭ « YO QUE SOY CONTRA BANDISTA» دىگەن ناخشىسى ئېنىق ئاڭلانماقتا ئىدى. قاتتىق ھاياجانلاندىم، كۆزۈمنى ئاچتىم، ئەتراپ جىمجىت، نىگىرلار ئۇخلاشماقتا، گۈلخان كۆيمەكتە ئىدى. ناخشا توختىدى. مەن، بۇ چۈشۈمدە ئاڭلانغان ئاۋاز ئوخشايدۇ، دەپ ئويلىدىم، ـ دە، يەنە ئۆز ھالىمچە خىيال سۈرۈشكە كىرىشتىم، بىراق ناخشا ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى، كۆزۈمنى ئاچتىم، ناخشا ئاۋازى يېقىنلا يەردىن كېلىۋاتاتتى. بۇ ئىسپانچە ناخشىنىڭ تۆۋەندىكى كوپلىتى ماڭا ئېنىق ئاڭلاندى.:

(«ئوكانى ۋادىسىدا
ئەسىر چۈشتۈم دۈشمەنگە،

تۇتقۇنلۇقتا ياشايمەن.
تولۇپ ھىجران ـ ئەلەمگە»)

بۇ ئەمدى چۈشۈم ئەمەس ئىدى، ناخشىنى پىيرو ئېيتىۋاتاتتى. بىر مىنۇتتىن كېيىن مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى دەل يېنىمدا ئاڭلاشقا باشلىدىم. كىچىنىك جىمجىتلىقنى بۇزۇپ «YO QUE SOYCONTRABANDISTA» دېگەن ناخشا يېنىمدىلا ئاڭلىنىشقا باشلىدى ۋە ئالدىمغا بىر ئىت يۈگۈرۈپ كېلىپ پۇتلىرىمنى يالىدى، كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، راسىك ئىكەن! ئالدىمدا نېگىر تۇراتتى، گۈلخان يالقۇنى ئۇنىڭ ۋە ئىتنىڭ چوڭ كۆلەڭگىسىنى چۈشۈرۈپ تۇراتتى. بۇ نېگىر پىيرو ئىدى! ئىنتىقام يالقۇنى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمغا تۇتاشتى. مەن بۇ ھادىسىگە ھەيران قالدىم، چۈشۈمىكىن دىسەم، ئويغاق ئىدىم ئۆلگەن ئادەم تىرىلىپ كەلدىمۇ؟ بۇ چۈش ئەمەسقۇ! دەھشەت ئىچىدە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدىم. ئۇ ئەھۋالنى بايقاپ بېشىنى ئەگدى.

ـ ئۇكا، ـ دىدى ئۇ ئاستا، ـ سەن بۇ ناخشىنى ئاڭلىغان ھامان مەندىن گۇمانلانماسلىقتا ۋەدە بەرگەن ئىدىڭغۇ؟ قېنى، ئېيتقىنچۇ، ئۇكا، بۇ ۋەدەڭنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

غەزەپ تىلىمنى سۆزگە كىرگۈزدى.

ـ ئەبلەخ، ـ دەپ ۋارقىرىدىم مەن، ـ ئاخىر، مەن سېنى تاپتىم. سەن جاللات، تاغامنىڭ قاتىلى، مارىنى ئوغرىلاپ كەتكەن تۇرۇپ، يەنە مېنى ئۇكا دەپ ئاتاشقا قانداق پېتىندىڭ!؟ توختا، ماڭا يېقىنلاشما!

مەن ئۆزەمنىڭ مەھكەم باغلاقلىق ئىكەنلىكىمنى ۋە مىدىرلىيالمايدىغان ـ لىقىمنى ئۇنتۇغان ئىدىم. پىيرونىڭ بىلىدىكى خەنجەرنى سۇغۇرۇۋالماقچى بولدۇم. ئەپسۇسكى، قولۇم باغلاقلىق ئىدى. مېنىڭ بۇ ھەركىتىم ئۇنىڭغا چوڭقۇر تەسىر قىلدى، ھاياجانلىنىشتىن ئۇنىڭ چىرايى مۇلايىم كۆرۈنەتتى.

ـ ياق، ـ دىدى ئۇ، ـ مەن ئالدىڭغا يېقىن بارمايمەن. سەن بەختسىزلىككە يولۇقتۇڭ، ساڭا ئېچىنىمەن. گەرچە مەن سەندىنمۇ ئېغىرراق بەختسىزلىككە يولۇققان بولسامۇ، سەن ماڭا ئېچىنمايۋاتىسەن.

مەن مۇرەمنى قىستىم. ئۇ مېنىڭ سۆزسىز كەمسىتىشىمنى چۈشەندى ـ دە، خىيالچان قاراپ تۇرغىنىچە شۇنداق دىدى:

-تــوغرا، ســەن كــۆپ نەرســـەدىن ئايرىلــدىڭ، لــېكىن شــۇنىڭغا ئىشەنگىنكى، مەن ساڭا قارىغاندا تېخىمۇ كۆپ نەرسىدىن ئايرىلدىم.

شۇ ئارىدا بىرنــەك ئــاۋازسىز قــاراۋۇل نىگىرلارنــى ئويغىتىــۋەتتى، يــات ئــاۋازنى ئاڭلىغــان قــاراۋۇللار ســەكرەپ ئورۇنلىرىــدىن تۇرۇشــۇپ، قوللىرىغا قورال ئالدى-يۇ، دەرھال پىيىرونى كۆرۈپ خۇشـال بولۇشـۇپ چۇقۇراشـتى ۋە پىيىرونــىڭ ئايىغىغــا ئــۆزلىرىنى تاشــلاپ، بــاش ئۇرۇشــقا باشــلىدى. نىگىــر قــاراۋۇللار تەرىپىــدىن پىيىروغــا قىلىنغــان بــۇ ئــىززەت-ھۆرمەتــمۇ، راسـكىنىڭ بىردەم پىيىرغا، بىردەم ماڭا قـاراپ ئەركىـلەپ تۇرۇشــىمۇ ماڭـا قىلـچە تەســىر قىلمىغان، غەزەپ-نەپرەت پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى تىترەتمەكتە ئىدى.

-ئاھ، مەن نىمە دىگەن بەختسىز!-دەپ ۋارقىرىدىم ئــۆز ئەھۋالىمــدىن قاتتىق ئېچىنغان ھالدا،-مەن بۇ ئەبلەخنىڭ ئۆزلىگىدىن ئالدىمغا كېلىشىنى زادىــلا كــۈتمىگەن ئىــدىم، مەن ئــۇنى ئۆلــۈپ كەتتــى دەپ ئــويلاپ، ئــۆچ ئالالمىغىنىمغا ئېچىنغان ئىدىم. مانا ئەمدى ئۇ ئالدىمىدا پەيىدا بولـۇپ، مىنـى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ! ئۇ مىنىڭ يېنىمدا تۇرسىمۇ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش شـاتلىقىغا سازاۋەر بولالمايۋاتىمەن، ئاھ، مىنى بۇ لەنىتى ئارغامچىدىن كىممۇ بوشـىتىپ قويار!

پىيىرو نىگىرلارغا بۇرۇلۇپ قارىدى، نىگىــرلار بولسـا، تــېخىچە سـەجدە قىلىۋاتاتتى.

-يولداشلار، -دىدى ئۇ، -بۇ تۇتقۇننى بوشىتىڭلار!

## 28

نىگىــرلار ئۇنىــڭ ئېيتقىنىنــى دەرھــال ئىجــرا قىلىشــتى، ھەش-پەش دىگــىچە ئارغــامچىلارنى كىســىپ، مىنــى بوشــاتتى. لــېكىن مەن ھىچقانــداق ھەرىكەت قىلالمىدىم، چۈنكى بولۇۋاتقان ئىشلارغا ھەيران ئىدىم.

-بۇنىــڭ بىــلەن ئــىش پۈتمەيــدۇ،-دىــدى پىيىــرو ۋە قېشــىدا تۇرغــان نىگىرنىــڭ خەنجىرىنــى ئېلىــپ ماڭــا ئۇزىتىــپ، ســۆزىدە داۋام قىلــدى، -ئــارزۇيىڭنى ئــورۇنلا، ئەزىىرايــى، ســېنىڭ مىنــى ئۆلتــۈرۈش ھوقۇقىڭغــا توســقۇنلۇق قىلمــايمەن! چــۈنكى، ســەن مىنىــڭ ھايــاتىمنى ئــۆچ قىــتىم

قۇتقـۇزدۇڭ، مېنىـڭ ھاياـتىم تاماـمەن سـىنىڭ ئىلكىڭـدە. ئەگەر مېنـى ئۆلتۈرۈشنى خالايدىكەنسەن، ئۆلتۈر!

ئۇنىـڭ ئاۋازىـدا نە تەنە، نە قىيـداش بىلىنمەيتتـى، بەلكـى ئېچىـنىش بىلەن ھەسرەت جارالىقلايتتى.

مەن ئىنتىقام ئېلىشنى ئارزۇ قىلغان كىشىنىڭ بۇ قىياپىتى ۋە ئىنتىقام ئېلىشنىڭ ئەپلىـك پۇرسـتى ماڭا غەلىتە تۇيۇلـدى. مېنىـڭ پىيرونـى يامان كۆرۈشۈم ۋە مارىغا بولغان مۇھەببىتىمنىڭ قاتتىللىقى دەۋەت قىلىـش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدىم، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۇچۇن يېتەرلىك دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىـگە بولسامۇ، ئىمىشـقىدۇر، قەلبىمـدە ئۇنىـڭ دۈشـمەنلىكى ۋە خائىنلىقىغا نىسبەتەن روشەن شۈبھە تۇغۇلدى. ئەگەر ئۇ خائىن ۋە دۈشـمەن بولغىنىدا، بۇنچىۋالا مەردانىلىق بىلەن ئالدىمغا كېلىپ، ئىنتىقام ئېلىشـىمنى ۋە جازالىنىشىمنى كۈتۈپ تۇرمىغان بولاتتى. بۇنىڭـدىن باشـقا، بـۇ ئاجايىـپ ئادەمـدە، قانـداقتۇ، مەغرۇرلـۇق، ھاكىمـدارلىق كەيپىيـاتى گەۋدىلىنىـپ تۇراتتى. شۇنىڭ ئۈچـۈن بـۇ ئـادەمگە شـۇنداق ئەپلىـك پۇرسـەتتىمۇ قارشـى چىقىشقا پېتىنالمىدىم، سىلەرمۇ، بەلكى، بۇنى چۈشەنگەنسىلەر.

ـ بەدبەخت!ـ دەپ ۋارقىرىدىم مەن خەنجەرنى پىقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ،

ـ مەن سېنى يەككىمۇـ يەككە ئېلىشىپ ئۆلتۈرمەكچىمەن. خـۇددى قاتىللارغا ئوخشاش خەنجەر ئۇرۇشنى ياقتۇرمايمەن، تەييارلان!

ـ مەن تەييارلىنىمەنمۇ؟ ئۆزەمنى قوغداش ئۈچۈنمۇـ دىدى پىيرو ھەيران بولۇپ، ـ كىمگە قارشى تەييارلىنىمەن؟

ـ ماڭا قارشى تەييارلىنىسەن!

ئۇ ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قاراپ قالدى.

ـ ياق، مەن ساڭا قارشى تۇرالمايمەن، بۇ سېنىڭ بويرۇقىڭنى بىرىنچى رەت قىلىشـىم بولىـدۇ. راسـكىقا قارىغىنـا، مەن ئـۇنى بوغـۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشـىم مۇمكىن، ئـۇ مېنىـڭ شـۇنداق قىلىشـىمغا مەجبـۇر قىلالمـايمەن، ئـۇ بۇنـداق قىلىشـقا ئۈنىمايـدۇ، سـېنى زادىـلا چۈشـىنەلمىدىم، مەن سـېنىڭ ئالدىڭـدا راسكىتەك ئادەممەن!

بىر ئاز جىم تۇرغانـدىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ مەن كۆزلىرىڭدىن نەپرەت ئۇچقۇنىنى كۆرۈۋاتىمەن. خۇددى شۇنداق نەپرەت ئۇچقۇنىنى سەن مېنىڭ كۆزلىرىمـدە كـۆرگەن ئـىدىڭ. بىشـىڭغا

ئېغىر كۈلپەت چۈشكەنلىكىنى بىلىمەن، تاغاڭنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى، يەر-زېمىنلىرىڭنى كۆيدۈرۈۋېتىشتى، دوستلىرىڭنى بۇغۇزلاشتى. مال-دۇنيايىڭنى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىشتى، هوزۇر-هالاۋەتلىك تۇرمۇشۇڭ خانىۋەيران قىلىندى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مېنىڭ ئادەملىرىم قىلدى، لېكىن مەن قىلمىدىم. قۇلاق سال، مەن قاچاندۇر بىر چاغدا ساڭا «سېنىڭ ئاق تەنلىكلىرىڭ ماڭا كۆپ زۇلۇم قىلدى» دېگىنىمدە سەن، «ئەمما مەن ساڭا زۇلۇم قىلمىدىم» دېگەن ئىدىڭغۇ. شۇ ۋاقىتتا مەن ساڭا قانداق مۇئامىلە قىلغان؟

ئۇنىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى، ئۇ مېنى «قوينۇمغا ئۆزىنى ئاتىدۇ» دەپ ئويلىغان ئىدى، لېكىن مەن ھۆرپەيگەن پېتىم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىۋەردىم.

- سەن ئۆز ئادەملىرىڭنىڭ ماڭا قىلغان يامانلىقى ئۈچۈن جاۋابكار ئەمەسلىكىڭنى ئېيتىۋاتىسەن، -دېدىم غەزەپ بىلەن، -خوش، سەن ئۆزەڭ ماڭا نىمىلەرنى قىلمىدىڭ؟ بۇ توغرىلىق گەپ قىلمايسەنغۇ؟

-مەن ساڭا قانداق يامانلىق قىپتىمەن؟-دېدى پېيرو.

مەن ئۇنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كېلىپ ۋارقىرىدىم:

- قېنى مارى، مارىنى نېمە قىلدىڭ؟

مارىنىڭ نامىنى ئاڭلىغان ھامان پېيرونىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى، بىردەم نىمە دېيىشنى بىلمەي جىم تۇرۇپ قالدى-دە، ئاندىن دېدى:

-ئاھ، مارىيە! توغرا، سەن ھەقلىق. لېكىن بۇ يەردە يات كىشىلەر بار. ئۇنىڭ «سەن ھەقلىق» دېگىنى مېنىڭ تېخىمۇ غەزىپىمنى قوزغىدى، ماڭا ئۇ جاۋاپ بېرىشكە پېتىنالمايۋاتقاندەك تۇيۇلدى، ئەمما ئۇ ماڭا يۈزمۇ-يۈز يېقىن كېلىپ، چوڭقۇر ھاياجان بىلەن شۇنداق دېدى:

-مەندىن گۇمانلانما، ئۆتۈنۈپ سورايمەن! مەن ساڭا ھەممىنى سۆزلەپ بېرىمەن، بىراق بۇ يەردە ئەمەس. مەن سېنى قانداق ياخشى كۆرگەن بولسام، سەنمۇ مېنى شۇنداق ياخشى كۆرگىن ۋە ماڭا ئىشەنگىن-پېيرو بۇ سۆزنىڭ ماڭا قانداق تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاش ئۈچۈن بىردەم كۆزۈمگە قاراپ تىكىلىپ تۇرۇپ، ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن سۆزىنى داۋام قىلدى-مەن سېنى ئۇكام دەپ ئاتىسام بولامدۇ؟

پېيرونىڭ بۇ يۇمشاق سۆزى ماڭا گويا ئىككى يۈزلىمىلىكتەك بولۇپ تۇيۇلغانلىقتىن تېخىمۇ غەزەپلەندىم.

ـ سەن ئۆتمەشنى ئېسىڭگە سالماقچى بولۇۋاتامسەن؟ ۋاپاسىز ئەبلەخ! ـ دەپ ۋارقىرىدىم.

پيېرو سۆزۈمنى بۆلدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن مۇنچاقتەك ياشلار تۆكۈلمەكتە ئىدى.

ـ ياق، مەن ساڭا ۋاپاسىزلىق قىلمىدىم!

ـ بۇ گېپىڭنى شامالغا دەپ بەر! ـ دېدىم مەن ئۇنى سىلكىپ، ـ مارىنى نىمە قىلدىڭ؟

ـ بۇ يەردە ئۇنى ئېيتمايمەن، خىلۋەت ئورۇنغا بارايلى، ـ دېدى پيېرو، ـ بۇ يەردە يات كىشىلەر بار. نىمە ئۈچۈن مېنىڭ سۆزۈمگە ئىشەنمەيسەن؟ ۋاقىت زىچ. ئەنە تاڭمۇ يورۇپ كېلىۋاتىدۇ، مەن سېنى بۇ يەردىن ئېلىپ كېتىشىم كېرەك، قۇلاق سال، ئەگەر ماڭا ئىشەنمىسەڭ، ھەممە ئىش ھالاك بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كۆرە مېنى ئۆلتۈرۈۋەتكىنىڭ ياخشى، سەۋر قىل، مەندىن ئىنتىقام ئېلىشىڭ ئۈچۈن سېنى چوقۇم تۇتقۇنلۇقتىن قۇتقۇزۇشۇم كېرەك! جۇر، بىئاسۇنىڭ ئالدىغا بارايلى.

ئۇنىڭ ھەركىتىدە ۋە سۆزلىرىدە مېنى ھەيران قالدۇرغان قانداقتۇ بىر سىر بار ئىدى. مېنىڭ قارشىلىقىمغا قارىماي، ئۇنىڭ سۆزى قەلبىمنىڭ نازۇك تارىلىرىنى چېكىشكە باشلىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىگە كۆنىدۇم ۋە نىمىشقىدۇر يوشۇرۇن ھاكىمىيەتكە ئىختىيارسىز بويسۇندۇم؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆچ ئېلىش ئارزۇيۇمغا يېتىش بىلەن ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئىچىنىش ۋە سۆزلىرىگە ئىشىنىش ئوتتۇرىسىدا تەۋرىنىپ قالدىم، شۇنداق بولسىمۇ، ئاخىر ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدىم.

بىر قىزىلتاغ نېگىرلىرىنىڭ قاراۋۇللىرى ئالدىدىن ئۆتتۇق. تېخى تۈنۈگۈنلا ھەربىر قاراقچى مېنىڭ قېنىمنى ئىچىشكە تەشنا بولۇپ تۇرغان بۇ ياۋايىلار قاراگاھىدا ئەركىن كېتىپ بارغانلىقىم ماڭا غەلىتە تۇيۇلدى. يول بويى بىزگە ئۇچراشقان نېگىرلار ياكى مۇلاتلار بىزنى تۇتۇپ قېلىش ـ توختىتىپ قويۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، بەلكى خوشاللىق بىلەن قىقاس سېلىشىپ، تەئەججۈپلەنگەن ھالدا، بىزنىڭ ئايغىمىزغا يىقىلاتتى ۋە بىزگە باش ئۇراتتى.

مەن پيېرونىڭ قوزغىلاڭچى قوشۇن ئىچىدىكى ئورنىۋانىنى بىلمەيتتىم، شۇنداقتىمۇ، ئۇنىڭ قول يولداشلىرى ئارىسىدا چوڭ تەسىرگە ئىگە

ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە چۈشۈردۈم، شۇنىڭ ئۈچۈن قوزغىلاڭچىلارنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن چوڭقۇر ئىززەت-ھۆرمىتى مېنى ئانچىمۇ ھەيران قالدۇرمىدى.

بىز بىئاسۇ تۇرىدىغان غارغا، مۇھاپىزەت قىلغۇچى ئەترەت جايلاشقان ئورۇنغا يېتىپ كەلگىنىمىزدە، مۇھاپىزەتچىلەر باشلىقى مۇلات كاندى بىزگە قاراپ «گېنېراللىڭ قاراگاھىغا يېقىنلاپ كېلىشكە قانداق پېتىندىڭلار!» دەپ ۋارقىرىغا پېتى ئالدىمىزغا كەلدى. ئەمما، يېقىن كېلىپ، پېيرونى تونۇپلا، گويا ئۇنىڭ قەددى-قامىتىدىن چۆچۈگەندەك، چاققانلىق بىلەن ئالتۇن بەلگە قادالغان شەپكىسىنى ئېلىپ، پېيروغا بېشى يەرگە تەككىچە ئېگىلىپ تازىم قىلىپ ئاندىن بىزنى بىئاسۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ ماڭدى ۋە يول بويى بىئەدەپلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن ئەپۇ سوراپ ۋالاقلاپ ماڭدى. ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە جاۋابەن پېيرو مەنسىتمەسلىك بىلەن قولىنى شىلتىپ قويدى.

ئاددى ئەسكەرلەرنىڭ پېيروغا ئېگىلىپ تازىم قىلىشى مېنى ئانچىمۇ ئەجەبلەندۈرمىگەن ئىدى. لېكىن قوزغىلاڭچىلارنىڭ باش ئوفىتسېرلىرىدىن بىرى بولغان كاندىنىڭ تاغامنىڭ قۇلى پېيرو ئالدىدا شۇ قەدەر مۇلازىمەت قىلىپ كېتىشىنى كۆرگىنىمدە، مەن ئۆز-ئۆزەمدىن، ئىناۋىتى بۇنچىلىك يۇكسەك بولغان بۇ ئادەم زادى قانداق ئادەمدۇ؟ دەپ سورىدىم. ئۆز تەختىدە يالغۇز ۋە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ كاۋا شورپىسى ئىچىۋاتقان باش قوماندان بىئاسۇ پېيرونى كۆرۈپ، بىردىنلا سەكرەپ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى ۋە چىرايىدىكى ۋەھىمە ۋە ئەجەبلىنىشنى يوشۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئالاھىدە ئەدەپ بىلەن مېنىڭ ھەمراھىمغا ئېگىلىپ تازىم قىلغانلىقىنى، پېيرونىڭ بولسا سالامنى ئىلىك ئالمىغىنىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ ئەجەبلەندىم.

- ۋان، بىئاسۇ، مەن سىزنىڭ تەختىڭىزنى ئىگەللەش ئۈچۈن كەلمىدىم، بەلكى، سىزىن خەير-ئەھسان سوراش ئۈچۈنلا كەلدىم، - دېدى پېيرو.

- ئالىي جاناپلىرى، - دېدى بىئاسۇ ئۇنىڭغا يەنە تازىم قىلىپ تۇرۇپ، - ۋان-بىئاسۇغا مەنسۇپ بولغان ھەممە نەرسە، ۋان-بىئاسۇنىڭ قول ئاستىدىكى ھەممە بايلىق، ھەتتا كەمىنە ۋان-بىئاسۇنىڭ ئۆزىمۇ سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا.

بىئاسۇنىڭ پېيرونى «ئالىي جاناپلىرى» دېگەن ئىلتىپاتلىق نام بىلەن ئاتىغانلىقى ئەجەبلىنىشىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋەتتى.

ماڭا بۇنچىۋالا كۆپ نەرسىنىڭ كېرىكى يوق،ـ دېدى پيېرو جىددىي هالدا،ـ مەن سىزدىن پەقەت مانا بۇ تۇتقۇننىڭ قىنىدىن كېچىشىڭىزنى ۋە ئۇنىڭغا ئازاتلىق بېرىشىڭىزنىلا تەلەپ قىلىمەن.

پيېرو مېنى كۆرسەتتى. بۇ گەپنى ئاڭلىغان هامان بىئاسۇ هولۇققانىدەك بولسىمۇ، دەرهال ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ شۇنداق دېدى:

ـ سىز سادىق خىزمەتچىڭىزـ كەمىنە بىئاسۇنى ئوڭايسىز ئەهۋالغا چۈشۈرۈپ قويدىڭىز، جانابىي ئالىيلىرى، ئەپسۇسكى، كەمىنىڭىز بۇنداق چوڭ ئىشنى ئورۇنلاپ بېرىشكە قادىر ئەمەس. بۇ تۇتقۇن پېقىرغا تەئەللۇق بولغانلىقى ۋەجىدىن ئۇنىڭ تەقدىرىنى كەمىنىڭىز بىر تەرەپ قىلالمايدۇ.

ـ نېمە دېمەكچىسىز؟ـ دەپ سورىدى پيېرو غەزەپ بىلەن، ـ ئۇنداقتا، بۇ تۇتقۇننىڭ تەقدىرىنى كىم هەل قىلىدۇ؟ ئەجىبا، بۇ يەردە سىزدىن باشقا يەنە بىرەر هۆكۈمران بولسا؟

ـ ئەپسۇسكى، بار، جانابىي ئالىيلىرى!

ـ ئۇ كىم؟

ـ مېنىڭ ئارمىيەم!

پيېرونىڭ دادىل ۋە تويتوغرا ئوتتۇرىغا قويغان سوئالىغا جاۋاپ بېرىشتىن باش تارتقان بىئاسۇنىڭ هىيلىگەر ۋە مەككارلىقى شۇنى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، بىئاسۇ ئۆزىنى پيېروغا نىسبەتەن پەقەت تاشقى ئىززەتـ هۆرمەت بىلەنلا چەكلەپ تۇرىدىكەن.

قانداقلارچە سىزنىڭ ئارمىيىڭىز سىزگە هۆكۈمرانلىق قىلىدۇ؟ـ دەپ ۋارقىرىدى پيېرو،ـ سىز ئۆز ئارمىيىڭىزگە قوماندان ئەمەسمۇ نېمە؟

بىئاسۇ ئۆزىنىڭ بۇ يەردە خوجايىن ئىكەنلىكىنى هېس قىلىپ، ئەدەپلىك قىياپىتىنى بۇزمىغان هالدا سوئىئي مۇلازىمەت بىلەن شۇنداق جاۋاپ بەردى:

ـ تەئەججۈپكى، جانابىي ئالىيلىرى قۇللۇققا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەن كىشىلەرگە بىسىم ئىشلىتىش مۇمكىن، دەپ ئويلىسا؟

مەن بۇلارنىڭ مۇنازىرىسىگە سەۋەپچى بولغان جېنىمنى ئەرزىمەس بىر نەرسە، دەپ هېسابلىدىم. تېخى تۈنۈگۈنلا مەن كۆرۈپ ئۆتكەن هادىسىلەر بىئاسۇنىڭ بارلىق ئىسيانچى لەشكەرلەر ئۈستىدىن چەكسىز هۆكۈمرانلىق

قىلىدىغانلىقىنى تولۇق ئىسپاتلاپ بېرەتتى. بۇ پاكىت بىئاسۇدىكى ئىككى يۈزلىمىلىكنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يېيىشقا تولۇق ئىمكانىيەت بېرەتتى.
پيېرو ئۇنىڭغا شۇنداق دېدى؛
ـ خوپ، مەيلى، ئەگەر سىز ئۆز ئارمىيىڭىزگە بۇيرۇق بېرىشكە جۈرئەت قىلالمىسىڭىز، يەنە سىز ئۆز ئەسكەرلىرىڭىزگە بويسۇنسىڭىز، قېنى، ئېيتىپ بېقىڭچۇ، ئۇلار بۇ ئەسىرنى نېمە سەۋەبتىن ئۆچ كۆرىدۇ؟
ـ تۇنۇگۈن بۇكمان ھۆكۈمەت قوشۇنلىرى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى،ـ دەپ جاۋاپ بەردى بىئاسۇ تەبەسسۇملۇك چىرايىغا غەمكىنلىك تۈس بېرىپ،
ـ مېنىڭ جەڭچىلىرىم بۇ ئاق تەنلىكتىن يامايكا نېگىرلىرىنىڭ داھىيىسى بۇكماننىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى، ئۇلار بۇ ياش ئوفىتسېرنىڭ كاللىسىنى كېسىپ، قانغا ـ قان، جانغا ـ جان ئېلىشنى خالايدۇ. ئۇنىڭ كاللىسى بۇكماننىڭ كاللىسىغا ئوخشاشلا قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى خۇدانىڭ ئالدىدا كۆرسەتمەكچى!
ـ بۇ رەزىل ئادالەتسىزلىككە سىز قانداقمۇ يول قويىسىز؟ـ دەپ ۋارقىرىدى پيېرو، ماڭا قاراڭ، ژان ـ بىئاسۇ، مۇشۇنداق زالىملىق بىزنىڭ ھەققانىي ئىشىمىزنى گۇمران قىلىۋاتىدۇ، مەن ئاق تەنلىكلەر قارارگاھىدا ئەسىرلىكتە ئىدىم، ھازىر شۇ يەردىن قېچىپ كېلىۋاتىمەن. بۇكماننىڭ ئۆلۈمىدىن خەۋىرىم يوق ئىدى، بۇنى بىرىنچى بولۇپ سىزدىن ئاڭلىدىم. بۇكماننىڭ ھالاكىتى ـ ئۇنىڭ گۇناھى ئۈچۈن ئاللاتائالا تەرىپىدىن ئېلىنغان ھەققانىي قىساس! مەن سىزگە يەنە بىر يېڭىلىقنى ئېيتىپ بېرەي:
ئاق تەنلىكلەرنى «مۇلاتلار بۆشۈكى» جىراسىدا قايمۇقتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن نېگىرلارنىڭ باشلامچىسى ژانۇمۇ يېڭىلا ئۆلتۈرۈلدى. سىز بىلىسىزكى ـ سۆزۈمنى بۆلمەي تۇرۇڭ، بىئاسۇ ـ سىز بىلىسىزكى، زالىملىق مەسىلىسىدە ژانۇ بۇكمان ۋە سىز بىلەن دائىم تاكاللىشىپ تۇراتتى، ئۇنى ئۆلتۈرگەن خۇدانىڭ قەھرى ـ غەزىپىمۇ ئەمەس، ئاق تەنلىكلەرمۇ ئەمەس، بەلكى ژان ـ فرانسۇئانىڭ ئۆزى! ئۇ ژانۇ ئۈستىدىن سوت ئويۇشتۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈردى، بۇ ئېسىڭىزدە بولسۇن!
پيېرونىڭ سۆزىنى جىمجىت، ئەدەپ بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان بىئاسۇ بۇ سۆزلەرگە ئەجەپلىنىش ئىپادىسىنى بىلدۈردى. شۇ پەيتتە رىگو كىرىپ كەلدى ـ دە، پيېروغا ئېگىلىپ تازىم قىلىپ، ئاندىن بىئاسۇنىڭ قۇلىقىغا بىر

نىملەرنى دېدى، تاشقىرىدا چوڭ غۇلغۇلا كۆتىرىلدى. پىيېرو سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ژان ـ فرانسۇئانىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇ. ئۇنىڭ ھەشەمەتلىك زىبۇ ـ زىننەتكە، ئەيش ـ ئىشرەتكە بېرىلىشتىن، ئالتە ئات قوشۇلغان ياسىداق مەپىدە ئولتۇرۇپ، ھەر كۈنى ئۆز قاراگاھىدىن چىقىپ، ئۇلۇغ دەريا ساھىلىدىكى چېركاۋغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈن بېرىشتىن باشقا غېمى يوق. ئەنە شۇ ژان ـ فرانسۇئا ژانۇنى مىسلىسىز زالىملىق بىلەن ئۆلتۈردى. بۇ قاراقچىنىڭ يېلىنىپ ـ يالۋۇرۇشىغا، ئاخىرقى مىنۇتقىچە پېشىگە مەھكەم ئېسىلىۋېلىشىغا قارىماي، ئۇنى سۆرەپ ئاپىرىپ، ئۇ ئۆزى بۇرۇن كىشىلەرنى ئېسىپ ئۆلتۈرگەن ھېلىقى چوڭ دەرەخ تۈۋىدە تۇنۇگۈن ئېتىپ تاشلاشتى، بۇ ۋەقە سىزگە ساۋاق بولسۇن، بىئاسۇ! زالىملىقىمىزنى ئاق تەنلىكلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىدىغان بۇنداق بىھۇدە قان تۆكۈشنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ شەپقەتسىز زۇلۇمنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن بەختسىز يولداشلىرىمىز ئارىسىدا غەزەپ ـ نەپرەت قوزغىتىش ئۈچۈن ھەرخىل ھىيلە ـ نەيرەڭلەرنى قوللىنىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟ تىرى ـ كوففىدا بىر نەيرەڭۋاز مۇلات بار ئىكەن، ئۇنى «رىم پالچىسى» دەپ ئاتاشقان. ئۇ قارا تەنلىكلەر ئارىسىدا مۇتەئەسسىپلىك قوزغىتىپ، ئاللاغا تائەت ـ ئىبادەت قىلىش باھانىسى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىتىكاپتا ئولتۇرۇپ بۇۋى مەريەم بىلەن سۆزلەشكىنىگە، ئۇنىڭدىن ۋەھىي كەلگەنلىكىگە باشقىلارنى ئىشەندۈرگەن، ئۆز يولداشلىرىنى ئۇلۇغ مەريەم نامىدىن ئادەم ئۆلتۈرۈشكە، بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىشقا دەۋەت قىلغان!

پىيېرو بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا، مەن، ئېھتىمال، نازۇك بىر تۇيغۇغا كېلىۋاتقان بولسامۇ، لېكىن بۇ ئېتىقات قىلىش تۇيغۇسى ئەمەس ئىدى، چۈنكى، ئېتىقات تۇيغۇسىدىن خورلۇغۇم كېلەتتى ۋە ئەجەپلىنەتتىم.

ـ خوش، ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى پىيېرو سىلەرنىڭ لاگىرىدىمۇ ئاشۇ «رىم پالچىسى» غا ئوخشايدىغان قانداقتۇ بىر نەيرەڭۋاز باخشى بار ئىمىش! مەن ھەرخىل مەملىكەت كىشىلىرى، ھەرخىل قەبىلە ۋە ھەربىل ئىرقلاردىن تەشكىل قىلىنغان ئارمىيىگە قوماندانلىق قىلغاندا، ئۇلار ئارىسىدا بىر خىل ئورتاق مۇناسىۋەت ئورنىتىش زۆرۈر، دەپ ھېسابلايمەن. ئەجىبا، سىز خۇراپىي مۇتەئەسسىپلىك ۋە ئەپسانىۋى ئىرىملاردىن باشقا بىرەر ئورتاق مۇناسىۋەت ئۇسۇلىنى تاپالمىغان بولسىڭىز! شۇنىڭغا ئىشىنىڭكى، بىئاسۇ،

ئاق تەنلىكلەر بىزدەك زالىم ئەمەس، مەن ئۇ قۇللارنىڭ ھاياتىنى قوغداپ قالغان مۇلۇكدارلارنى كۆردۈم. توغرا، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئادەمنىڭ ھاياتىنى ئەمەس، بەلكى، ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ پۇل-دۇنياسىنى قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈنلا ئۆز قۇللىرىنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن قۇللار ھاياتىنىڭ قوغدىلىشى، بەرىبىر، بىز ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇلارغا قارىغاندا شەپقەتلىكرەك بولۇش ئۆزىمىز ئۈچۈنلا پايدىلىققۇ. ئەگەر بىز ئاياللارنى ئېتىپ تاشلاپ، باللارنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈپ، قېرىلارنى قىيناپ، مۇستەملىكىچىلەرنى تىرىك پېتىچە ئۆيلىرىگە سولاپ كۆيدۈرۈۋەتسەك، بىزنىڭ ئىشىمىز تېخىمۇ مۇقەددەس، تېخىمۇ ئادىل بولغان بولامدۇ؟ ئەپسۇسكى، بىز ھەر كۈنى شۇنداق قىلىۋاتىمىز! جاۋاپ بېرىڭچۇ، بىئاسۇ، بىز ھەر دائىم باسقان ئىزىمىزدا خانىۋەيرانچىلىق، قان قالدۇرۇپ يۈرۈشىمىز مۇمكىنمۇ؟

پيېرو جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ چاقناپ تۇرغان كۆزى، جاراڭلىق ئاۋازى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە چەكسىز تەسىر ۋە ئىشەنچ بېغىشلاپ تۇراتتى. بىئاسۇ بەئەينى شىرغا دۈچ كەلگەن تۈلكىدەك ئالاقزادە بولۇپ، بۇ قۇدرەتلىك رىقابەتچىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئەتراپىدىن نىجاتلىق ئىزدەۋاتقاندەك ھالەتتە قالدى. ئۇ ئەنە شۇنداق قۇتۇلۇش ئامالىنى ئىزدەپ تۇرغان پەيتتە، كەي ئەترىتىنىڭ باشلىقى تۇنۇگۈن كۆز ئالدىدا يۈز بەرگەن ياۋۇز جىنايەتلەرگە بېخىرامان قاراپ تۇرغان ھېلىقى رىگو بىردىنلا پيېرو تەرىپىدىن ئەيىپلەنگەن زوراۋانلىققا نارازى بولغان قىياپەتكە كىرىۋالدى -دە، رەزىل ئىككى يۈزلىمىلىك بىلەن ۋارقىرىدى:

-ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، غەزەپلەنگەن خەلقنىڭ كۈچى نېمە دېگەن دەھشەتلىك - ھە!

29

شۇ ئارىدا تاشقىرىدىكى شاۋقۇن-سۈرەن كۈچەيدى. بىئاسۇ ۋەھىمىگە چۈشۈپ قالدى. كېيىنرەك بىلىشىمچە، «قىزىلتاغ» نېگىرلىرى پۈتۈن لاگېر بويلاپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپ، مېنىڭ نىجاتىم بولغان پيېرونىڭ قايتىپ كەلگەنلىكى ھەققىدە خەۋەر تارقاتقان ۋە ئۇنى قوللاش ئۈچۈن غار ئالدىغا توپلىشىپ غۇلغۇلا كۆتۈرگەن ئىكەن. رىگو بۇ ھەقتە باش قوماندانغا خەۋەر

يەتكۈزدى. بىئاسۇ جەڭچىلەر ئىچىدە ئىنزا تۈغۈلۈشتىن قورقۇپ، پىيىروغا يول قويۇشقا مەجبۇر بولدى.

- ئالىي جانابلىرى، - دېدى مۇ مەيۈس ھالدا، - بىز ئاق تەنلىكلەرگە قاتتىق مۇئامىلە قىلغان بولساق، سىزمۇ بىزگە قاتتىق مۇئامىلە قىلۋاتىسىز. مېنى رەھىمسىزلىكتە ئەيىپلىشىڭىز توغرا ئەمەس. رەھىمسىزلىكنى مەن ئۆزەم تالىلۋالغىنىم يوق، بەلكى ئەھۋال مېنى قاتتىق قول بولۇشقا ئۈگەتتى. قېنى، ئېيتىڭچۇ، سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى خۇشال قىلىش ئۈچۈن ئەمدى نىمە قىلىشىم كېرەك؟

- مەن سىزگە ئاللىقاچان ئېيتتىمغۇ، بىئاسۇ ئەپەندىم، - دېدى پىيىرو، - مانا بۇ ئەسىرنى قويۇۋېتىڭ ۋە ماڭا قوشۇپ بېرىڭ.

بىئاسۇ بىردەم ئويلاندى- دە، ئاندىن چىرايىغا ئەدەپلىك تۈس بېرىشكە تىرىشىپ شۇنداق دېدى:

- ئەسلىدە، جانابى ئالىيلىرى، مېنىڭ سىزگە خىزمەت قىلىش ئارزۇيۇمنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتكۈم بار ئىدى. بۇ تۇتقۇنغا خالىدا يۈز تۈرانە ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشقا رۇخسەت قىلىڭ، شۇندىن كېيىن ئۇ سىز بىلەن كېتىشى مۇمكىن.

- شەرتىڭىز شۇلىما؟ مەرھەمەت! - دېدى پىيىرو. ئۇنىڭ غەمكىن چىرايى، مەيۈس قىياپىتى بۇ جاۋاپتىن كېيىن بىر ئاز ئېچىلدى ۋە بىر نەچچە قەدەم نېرى بېرىپ تۇردى.

بىئاسۇ مېنى غارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا باشلاپ بېرىپ، شۇبىرلىدى:

- مەن سېنىڭ ھاياتىڭنى قۇتقۇزۇپ قېلىشىم مۇمكىن، پەقەت بىر شەرت بار، بۇنى سەنمۇ بىلىسەن، قانداق، ئويلاندىڭمۇ؟

ئۇ ماڭا ژان- فرانسۇئانىڭ خېتىنى تەڭلىدى، مەن بۇ شەرتكە ماقۇل بولۇشنى پەسكەشلىك دەپ ھېسابلاپ، «ياق!» دەپ جاۋاپ بەردىم.

- سەن تېخىچە جاھىللىق قىلۋاتامسەن؟ - دېدى ئۇ ئادىتى بويىچە ھىجىيىپ تۇرۇپ، - كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، سەن ئۆز نىجاتكارىڭغا تازىمۇ ئىشىنىپ كەتكەن ئوخشايسەن، بىلەمسەن، ئۇ كىم؟

- ھەئە، بىلىمەن، - دېدىم مەن قىزىشىپ، - ئۇمۇ ساڭا ئوخشاشلا بىر ۋەھشىي، پەقەت ساڭا قارىغاندا ۋاپاسىزراق، خالاس!

بىئاسۇ ھەيران بولۇپ، سەكرەپ كەتتى ۋە مېنى چاچچاق قىلىۋاتامدىكىن، دەپ ئويلاپ، كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىدى.

ـ دىمەك، سەن ئۇنى راستىنلا تونۇمايدىكەنسەن ـ دە؟

مەن ئۇنىڭغا مەنستىمەسلىك بىلەن شۇنداق جاۋاپ بەردىم:

ـ مەن پەقەت شۇنى بىلىمەنكى، ئۇ تاغامنىڭ پىيىرو ئىسىملىك قۇلى!

بىئاسۇ ئەمدى پىخىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى.

ـ ھى، ھى! ئەسلى تاماشا بۇ يەردە، دىگىنە! ئۇ سەن ئۇچۇن ھاياتلىق ۋە ئەركىنلىك تىلەۋاتسا، سەن ئۇنى «ۋەھشىي» دەۋاتىسەنغۇ!

ـ باشقا تەرىپى بىلەن چاتىقىم نىمە، ـ دىدىم مەن، ـ ئەگەر مەن بىر مىنۇت بولسىمۇ ئەركىنلىككە ئىگە بولالىسام، ئۆزەمنىڭ ھاياتىمغا ئەمەس، بەلكى ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە ئىرىشكەن بولاتتىم!

ـ بۇ گېپىڭنىڭ مەنىسى نىمە؟ ـ دەپ سورىدى بىئاسۇ، ـ سەن كاللاڭغا كەلگەن خىيالنىڭ ئۆزىنىلا ئىپتىۋاتقانىدەك قىلىسەن، لېكىن، ئۆز ھاياتىڭ بىلەن بىھۇدە ئويناشما. بۇ يەردە مەن چۈشەنمەيدىغان بىرەر سىر باردەك قىلىدۇ. سەن ئۈچ كۈردىغان ئادەم سېنىڭ ھاياتىڭنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بولۇۋاتسا، سەن ئۇنى ئۆلتۈرىمەن، دەيسەن، مەيلى، ماڭا بەربىر، سەن بىر مىنۇت بولسىمۇ ئازاتلىقنى ئارزۇ قىلىدىك، مۇھىمى شۇ. مەن ساڭا ئازاتلىق بېرىمەن، سىنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قويۇۋېتىمەن. لېكىن، ئالدى بىلەن سەن كۆن پېتىشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن مېنىڭ ئالدىمغا قايتىپ كېلىشكە ۋە مېنىڭ ئىختىيارىمدا بولۇشقا ۋەدە بەرگىن، سەن فرانسۇزمۇ؟

سىلەرگە نىمە دەيمەن، جاناپلار! مېنىڭ ھاياتىم بەكمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئىدى: ئۇنىڭ ئۇستىگە بەزى سەۋەپلەردىن كۆرە، مەن ئۆچ كۆرىدىغان پىيىرو مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزماقچى بولىۋاتقىنى مېنى تېخىمۇ غەزەپلەندۈرمەكتە ئىدى. ئېھتىمال، مېنىڭ بىر قارارغا كېلىشىمگە كۆڭلۈمدىكى ئىشەنچمۇ سەۋەپ بولغاندۇر، چۈنكى، قولغا چۈشكەن رىسقىنى ھېچقاچان قويۇۋەتمەيدىغان بىئاسۇ بىكاردىن ـ بىكارغىلا مېنى ئازات قىلىۋېتىشكە قوشۇلمايتتى، مەن ئۆلۈشتىن ئاۋۋال سۆيۈملۈك مارىنىڭ تەقدىرى ـ يەنى ئۆز تەقدىرىم ھەققىدە بىرەر نەرسە بىلىۋېلىش ئۇچۇن ھەقىقەتەن بىر نەچچە سائەتلا ئەركىنلىككە ئىگە بولۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. بىئاسۇنىڭ مېنى جىڭ فرانسۇز ھىسابلاپ ۋەدە ئېلىشى، مېنىڭمۇ ۋەدە

بېرىشىم ئۆمرۈمنى يەنە بىر كۈن ساقلاپ قېلىشىنىڭ ئەڭ ئىشەنچلىك ۋە يېنىك ۋاستىسى ئىدى، شۇڭا مەن ۋەدە بەردىم.

بىئاسۇ ۋەدەمنى ئېلىپ پيېرونىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـ جانابىي ئالىيلىرى،ـ دېدى ئۇ،ـ ئاق تەنلىك ئەسىر ئەمدى سىزنىڭ ئىختىيارىڭىزدا، سىز ئۇنى ئېلىپ كېتىشىڭىز مۇمكىن، ئۇ ئازات.

مەن پيېرونىڭ كۆزىنىڭ بەختىيارلىق بىلەن چاقناپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈم.

ـ رەھمەت، بىئاسۇ!ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ قولىنى سوزۇپ،ـ رەھمەت، سەن ماڭا شۇنچىلىك چوڭ خىزمەت كۆرسەتتىڭكى، بۇنىڭ بەدىلىگە مەندىن خالىغان نەرسەڭنى سورىشىڭ مۇمكىن، تاكى مەن قايتىپ كەلگىچە مېنىڭ قېرىنداش ـ «قىزىلتاغ» جەڭچىلىرىمگە داۋاملىق قوماندانلىق قىلغۇەر.

ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە:

ـ مانا، سەن ئازات بولدۇڭ! كەتتۇق، ـ دېدى.

پيېرو شجائەتلىك بىلەن مېنى باشلاپ ماڭدى.

بىئاسۇ پيېرونى ئەدەپ بىلەن ئېگىلىپ تازىم قىلىپ ئۇزىتىپ قويدى ـ دە، ئارقىمىزدىن ھاڭ ـ تاڭ بولغىنىچە قاراپ قالدى.

مەن پيېرو بىلەن يالغۇز قالغاندا تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدىم، مارىنىڭ تەقدىرى ھەققىدە سورىغىنىمدا، ئۇنىڭ خىجالەت بولغانلىقى، مارىنىڭ نامىنى قانداقتۇ نازۇك مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئېلىشى، مەن تېخى خوتۇنۇم دەپ ئاتاشقا ئۈلگۈرەلمىگەن مارىنى گالىغى پورتىدىكى يانغىن ئىچىدىن پيېرونىڭ يېتىلەپ ئەكەتكەنلىكى ئېسىمگە كېلىپ، ئۆچمەنلىكىم تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. مېنىڭ ئۇنىڭغا نىسبەتەن شۇ قەدەر چوڭقۇر ئاداۋىتىم بولۇپ تۇرۇقلۇق، ئۇنىڭ مېنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن زالىم بىئاسۇنىڭ ئالدىغا كېلىشى، مېنىڭ ھايات قېلىشىم ئۈچۈن جان كۆيدۈرۈشى ۋە ئۇنىڭ سۆز ـ ھەركىتىنىڭ غەلىتە بولۇشى نىمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ بۇ سىرلىق ھەرىكەتلەر مەن ئۈچۈن قانداق ئەھمىيەتكە ئىگە؟ مەن پيېرونىڭ ئۆلگەنلىكىگە جەزمەن ئىشىنىپ تۇرغان بىر پەيتتە، ئۇنىڭ ئالدىمدا تىرىك پەيدا بولۇپ قېلىشىدا نىمە سىر بار؟ مەن ئۇنىڭ «ئۇلۇغ دەريا» غا سەكرەپ چۈشۈپ چۆكۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەنمىدىم؟ شۇندىن كېيىن ئۇ قانداقلارچە ئاق تەنلىكلەر لاگېرىغا ئەسىر چۈشتى؟ بىر قول بىردىنلا ھۆكۈمرانغا، ئەسىر ئازات قىلغۇچىغا ئايلىنىپ قالدىغۇ! بۇنىڭدا قانداق سىر

بار؟ مانا بۇ نۇرغۇن چۈشىنىكسىز ھادىسىلەر ئىچىدىن ماڭا پەقەت بىرلا نەرسە ئېنىق ئىدى، ئۇ بولسىمۇ، ئۇنىڭ مارىنى شەرمەندىلەرچە ئوغرىلاپ كېتىشى! بۇ ئازاپ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىشنى تەلەپ قىلاتتى. بۇ جەرياندا يۈز بەرگەن چۈشىنىكسىز ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى مېنى پەقەت ئۆز مۇددىئايىمنى تېزرەك ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا دەۋەت قىلىپ تۇراتتى. شۇڭا مەن ئۆز رەقىبىمنى جاۋابكارلىققا تارتىش پۇرسىتىنىڭ تېزرەك كېلىشىنى تاقەتسىزلىك بىلەن كۈتمەكتە ئىدىم. مانا، ئاخىر بۇ پۇرسەتمۇ كەلدى.

بىز ئۆچ قۇر سەپ بولۇپ تىزىلىپ تۇرغان نېگىر ئەسكەرلەر ئارىسىدىن ئۆتتۇق. ئۇلارنى بىزنى كۆرۈپلا، ھەيران بولغان ھالدا:

ئەنە مۆجىزە، ئۇ ئەمدى ئەسىر ئەمەس!» دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى. بۇ سۆز كىمگە قارىتىپ ئېيتىلغانلىقىنى بىلمىدىم: پىيېروغا قارىتىپ ئېيتىلدىمۇ ياكى ماڭا قارىتىپ ئېيتىلدىمۇ.

مانا، بىز لاگېر چېگرىسىدىن چىقتۇق. بىئاسۇنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاراۋۇلى ئالىلقاچان قويۇق ئورمان ۋە تاشلىق غارنىڭ كەينىدە قالدى. راسىك كەينىدە قالدى. راسىك قىن ـ قىنىغا پاتمىغان ھالدا يۈگۈرۈپ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كەتتى ۋە بىردەملا قايتىپ كەلدى. پىيېرو ئالغا قاراپ تېز كېتىۋاتاتتى. مەن ئۇنى قوپاللىق بىلەن توختىتىۋالدىم.

ـ ماڭا قارا، ـ دېدىم ئۇنىڭغا، ـ نېرىغا بېرىشىنىڭ ھاجىتى يوق. سەن ئېھتىيات قىلغان يات قۇلاقلار بۇ يەردە گەپلىرىمىزنى ئاڭلىيالمايدۇ. سۆزلە، مارىنى نىمە قىلدىڭ؟

قاتتىق ھاياجان ئىچىدە ئاۋازىم تىترەپ چىقاتتى.

پىيېرو ماڭا بىردەم تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ دېدى:

ـ يەنە شۇ گەپمۇ؟

ـ ھەئە، يەنە شۇ گەپ! ـ دېدىم مەن غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ، ـ يەنە شۇ گەپ! مەن تاكى ئاخىرقى نەپسىمگىچە ۋە سېنىڭ ئاخىرقى نەپسىڭ تىنغىچە سەندىن قايتا ـ قايتا سورايمەن، مارى قەيەردە؟

ـ دېمەك، گۇمانىڭ زالىلا تۈگىمەيدىكەن ـ دە! بىر ئازدىن كېيىن ھەممىنى چۈشىنىسەن، ـ دېدى ئۇ.

ـ بىر ئازدىن كېيىن دەمسەن، مۇتىھەم! مەن ھازىرلا بىلىشنى خالايمەن. مارى قەيەردە؟ ئاڭلاۋاتامسەن، جاۋاپ بەر! بولمىسا جانغا جان ئالىمەن، تەييارلان!

ـ مەن ساڭا قارشى تۇرالمايدىغانلىقىمنى ئاللىقاچان ئېيتتىمغۇ،ـ دېدى پىيېرو مەيۈس ھالدا، ـ بىر تامچە سۇ ھېچقاچان چوڭ بۇلاقنى بېسىپ كېتەلمەيدۇ، سەن مېنىڭ ھاياتىمنى ئۈچ قېتىم قۇتقۇزۇپ قالدىڭ، شۇڭا مەن ساڭا قارشى كۈرەش قىلالمايمەن! مەن كۈرىشىشنى خالىغان تەقدىردىمۇ، ساڭا قارشى چىقىشىم مۇمكىن ئەمەس ـ ئىككىمىزدە بىرلا خەنجەر بار.

شۇ سۆزلەرنى ئېيتىپ تۇرۇپ، بېلىدىن خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئالدى ـ دە، ماڭا ئۇزاتتى.

ـ مە، ئال بۇنى.

مەن نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم ۋە بىردىنلا خەنجەرنى ئالدىم ـ دە، ئۇنىڭ كۆكرىكىگە تاقىدىم، پىيېرو تېز پۈكۈشنى خىيالىغمۇ كەلتۈرمەيتتى.

ـ بەدبەخت! ـ دېدىم ۋارقىراپ، ـ مېنى قاتىللىققا مەجبۇر قىلما! ئەگەر ئايالىمنىڭ قەيەردىلىكىنى دەرھال ئېيتمايدىغان بولساڭ، خەنجەرنى يۈرىكىڭگە تىقىمەن!

ـ سەن مېنىڭ خوجايىنىم،ـ دېدى ئۇ ھېچبىر رەنجىمەستىن، ـ سەندىن شۇنى سورايمەنكى، ماڭا يەنە بىر سائەت ياشاش پۇرسىتى بەرگىن ـ دە، كېيىمدىن ئەگىشىپ ماڭ، سەن ئۆزەڭ ھاياتىنى ئۈچ قېتىم قۇتقۇزۇپ قويغان كىشىڭدىن گۇمانلىنىۋاتامسەن، سېنى ئۆز ئۇكىسى دەپ ھېسابلاۋاتقان كىشىدىن گۇمانلىنىۋاتاتتىسەن. لېكىن، ئېسىڭدە بولسۇنكى، يەنە بىر سائەتتىن كېيىنمۇ گۇمانىڭ يوقالمىسا، ئۇ چاغدا مېنى ئۆلتۈرۈشكە ھەقلىقسەن، بۇنىڭغا ھامان ئۆلگۈرەلەيسەنغۇ، مانا ساڭا ھېچقاچان قارشىلىق كۆرسەتمەيدىغانلىقىمنى كۆرۈۋاتىسەن. بۇ ھەقتە مارىنىڭ نامى بىلەن، سېنىڭ خوتۇنۇڭنىڭ نامى بىلەن قەسەم ئىچىمەنكى، يەنە بىر سائەت سەۋر قىل! ئۆزەم ئۈچۈنلا بۇنچىۋالا يېلىنىۋاتقىنىم يوق، بەلكى سەن ئۈچۈن يېلىنىۋاتىمەن!

ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ئاۋازى ئادەتتىن تاشقىرى ئىشەنچلىك جاراڭلىماقتا ئىدى. كۆڭلۈمدە قانداقتۇ چۈشىنىكسىز ھېسسىياتلار ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى

تۇغرىسىدۇ، دەپ تەستىقلاپ تۇراتتى. ئەگەرچەندە ئۇئۆز هاياتىنىلا قۇتقۇلدۇرۇش غەرىزىدە بولغان بولسىلا، بۇنچىلىك دادىل، سەممىي ۋە جىددىي سۆزلەر بىلەن يىلىنمىغان بولاتتى، دەپ ئويلىدىم-دە، ئاخىرى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ سىرلىق هۆكۈمرانلىقىغا بوي سۇندۇم، قىلغانلىرىمغا ئازراق نومۇسمۇ قىلدىم.

-بوپتۇ، دېدىم مەن، -ساڭا يەنە بىر سائەت ۋاقىت بېرىپ، كەينىڭدىن ماڭاي.

خەنجەرنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەرمەكچى بولدۇم.

-ياق، -دېدى ئۇ، -خەنجەر سەندە تۇرىۋەرسۇن، سەن ماڭا ئىشەنمەيسەن ئەمەسمۇ! يۈر، ماڭايلى، ۋاقتىمىز ئاز.

**30**

پىيرو ئالغا قاراپ ماڭدى. بىز پاراڭلىشىۋاتقىنىمىزدا، بىر نەچچە قېتىم ئالدىمىزدا يۈگۈرۈپ كېتىپ، يەنە قايتىپ كېلىپ خۇددى بىزدىن، نىمە ئۈچۈن توختاپ قالدىڭلار، دەپ سورىغاندەك تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان راسك ئەمدى خۇشاللىق بىلەن ئالغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. بىز بۆك-باراقسان قاراڭغۇ ئورمان ئىچىگە كىرىپ كەتتۇق. يېرىم سائەتچە ماڭغاندىن كېيىن، ئاجايىپ گۈزەل چىمەنلىك دالاغا چىقتۇق. دالانىڭ ئەتراپى ياپ-يېشىل قېرى دەرەخلەر بىلەن ئورالغان، قىيا تاشلىق چوققىلاردىن باشلانغان شارقىراتما ساي بولۇپ ئېقىپ تۇراتتى، دالانىڭ ئاخىرىدا بىر ئۆڭكۈر بولۇپ، ئەتراپى بىر-بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن ئىلجىرىق، يۆگىمەچ ۋە ياسىمەنگە ئوخشاش گۈل-چىچەكلىك ئوت-چۆپلەر بىلەن پۈركەنگەن ئىدى. راسك قاۋىماقچى بولىۋىدى، پىيرو ئىشارەت بىلەن ئۇنى توختاتتى ۋە مېنى ئىملاپ ئۆڭكۈر ئىچىگە ئەكىردى.

ئۆڭكۈردە بورا ئۈستىدە بىر ئايال يۈزىنى يورۇق تەرەپكە قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇ ئاياق تىۋىشىنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ قارىدى... ئاھ، دوستلىرىم، بۇ مارى ئىدى!

مارىنىڭ ئۈچىسىدا توي كۈنى كىيگەن ئاق كۆينەك، بېشىدا نىكاھلىنىۋاتقان قىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىزلىق بېزىكى هېسابلىنىدىغان گۈل

چەمبىرەك بار ئىدى، مەن بۇ گۈل چەمبىرەكنى ئۇنىڭ بېشىدىن ئېلىۋېتىشكە تېخى ئۈلگۈرەلمىگەن ئىدىم، مارى مېنى كۆرۈپلا تونىدى ـ دە، ۋارقىراپ قۇچىقىمغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە ھاياجىنىدىن گاڭگىراپ ھوشىدىن كەتتى. مەنمۇ داڭ قېتىپ قالدىم.

مارى ۋارقىرىغاندا، ئۆككۈرنىڭ يەنە بىر بۇلۇڭىدا ئايرىم ياساپ قويۇلغان ئۆيدىن بىر موماي چىقتى، ئۇنىڭ قۇچىقىدا بالا بار ئىدى. موماي مارىنىڭ تەربىيىچىسى، بالا بولسا، شور پېشانە تاغامنىڭ كەنجە بالىسى ئىدى.

پىيىرو دەرھال بۇلاققا يۈگۈرۈپ بېرىپ سۇ ئەكىلىپ، قولى بىلەن مارىغا سەپتى، ئەندىككەن مارى ھوشىغا كېلىپ، كۆزىنى ئاچتى.

ـ لېوپولد، جېنىم لېوپولد! ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ.

«مارى!...» دېگىنىمچە، باشقا سۆزنى قويۇپ، ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈشكە باشلىدىم.

ـ مېنىڭ ئالدىمدا سۆيۈشمىسەڭلار ئىكەن! ـ دېدى كىمدۇ بىرى يۈرەكنى تىترىتىدىغان ئاجايىپ ئاھاڭدا، بۇرۇلۇق قارىساق، پىيىرو ئىكەن، سۆيۈشۈۋاتقىنىمىزدا پىنىمىزدىلا تۇرغان ئىكەن. بىزنىڭ سۆيۈشكەنلىكىمىزنى كۆرۈپ، ئۇ روھىي جەھەتتىن ئازاپلىنىپ، ھاياجان بىلەن ئېغىر نەپەس ئېلىۋاتاتتى، پېشانىسىدا مۇنچاق ـ مۇنچاق تەر، پۈتۈن بەدىنى تىترەۋاتاتتى. ئۇ دەرھال قولى بىلەن يۈزىنى توساپ، ئەلەم بىلەن «مېنىڭ ئالدىمدا ئۇنداق قىلمىساڭلار» دېگەن پېتى يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

مارى ئاستا ئۆزىنى مەندىن يىراقلىتىپ، پىيىرونىڭ ئارقىسىدىن قاراپ ھەيران بولغان ھالدا دېدى:

ـ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم! لېوپولد، ئۇ ئېھتىمال، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزدىن رەشك ئازابىنى چېكىۋاتقان بولسا كېرەك، ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا ئەجەپ ئەمەس ـ ھە؟

پىيىرونىڭ قىلمىشى كۆڭدەشلىكنى ئىسپاتلىغان بولسا، مارىنىڭ ئېيتقانلىرى ئۇنىڭ ماڭا دوست ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى.

ـ مارى! ـ دېدىم ـ دە، شۇ ھامان قەلبىمدە قانداقتۇر بىر ھوزۇرلىنىش بىلەن بىللە چوڭقۇر ئېچىنىش پەيدا بولدى، ـ مارى ئەجەبا، سەن بۇنى تېخىچە چۈشەنمىگەن بولساڭ؟

ـ توغرا، مەن ھازىرمۇ بۇنداق تۇيغۇنى سەزگىنىم يوق، ـ دەپ جاۋاپ بەردى مارى خىجالەتچىلىكتە قىزىرىپ، ـ ئۇ مېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولسا، بۇ قانداق بولغىنى؟ مەن ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى زادىلا بايقىغىنىم يوققۇ!

مەن مارىنى باغرىمغا چىڭ باستىم.

ـ مەن ئەمدى ئايالىمنىمۇ، دوستۇمنىمۇ قايتىدىن تېپىۋالدىم، ـ دېدىم ھاياجان بىلەن، ـ مەن ھەم بەختلىك، ھەم ئەيىپكارمەن. چۈنكى مەن پىيېردىن گۇمانلانغان ئىدىم!

ـ گۇمانلانغان، دەمسەنا؟ـ دەپ سورىدى مارى ھەيران بولۇپ،ـ كىمدىن، پىيېرودىنمۇ؟ راست، ھەقىقەتەن سەن ئەيىپلىك ئىكەنسەن! ئۇ مېنىڭ ھاياتىمنى ئىككى قېتىم قۇتۇلدۇرۇپ قالدى، بەلكى ھاياتىمدىنمۇ چوڭراق نەرسىنى قۇتۇلدۇرۇۋالدى،ـ دېسەممۇ بولىدۇ،ـ دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، تىمساق مېنى ھالاك قىلغان بولاتتى، ئەگەر ئۇ بولمىغان بولسا، نىگىرلار مېنى... بەختسىز دادامنىڭ كەينىدىنلا... نىگىرلار مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتقاندا، پىيېرو مېنى ئۇلارنىڭ قولىدىن يۇلۇپ تارتىۋالدى.

مارى توختاپ يىغلىدى.

ـ لېكىن، نىمە ئۈچۈن پىيېرو سېنى كاپىتان، مېنىڭ ئالدىمغا ئەۋەتمىدى؟ ـ دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.

ـ ئۇ شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنۇپ كۆردى. بىراق بولمىدى. بۇنىدق قىلىش بەكمۇ قىيىن ئىدى، سەۋەپ پىيېرو نىگىرلاردىنمۇ، ئاق تەنلىكلەردىنمۇ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن، بىز سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن خەۋەرسىز ئىدۇق. بەزىلەر سېنىڭ ئۆلگەنلىكىڭنى كۆردۇق، دېيىشتى، پىيېرو بۇ گەپلەرنىڭ يالغانلىقىغا مېنى ئىشەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ سېنىڭ ھايات ئىكەنلىكىڭگە ئىشەندىم. ئەگەر سەن راستىنلا ئۆلۈپ كەتكەن بولساڭ، يۈرىكىم ئەلۋەتتە سەزگەن بولاتتى ـ دە، مەنمۇ شۇ مىنۇتتىلا ھالاك بولغان بولاتتىم.

ـ دېمەك، بۇ يەرگە سېنى پىيېرو ئەكىلىپ قويغان ئىكەن ـ دە؟ ـ دەپ سورىدىم مەن.

ـ ھەئە. جېنىم لېوپولد، بۇ خىلۋەت ماكاننى ئۇنىڭدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەن بىلەن بىللە بۇ يەرگە كەلگەن مومامنىمۇ، كىچىك ئۇكامنىمۇ پىيېرو قۇتۇلدۇرۇپ، ھەممىمىزنى مۇشۇ پىنھان ئورۇنغا يوشۇرۇپ قويدى. ساگا شۇنى ئېيتايكى، بۇ يەر بىزگە ناھايىتى قولاي، ئەگەر بۇ ئەلنىڭ ھەممە بۇلۇڭ ـ پۇچقاقلىرىنى ئۇرۇش قاپلاپ كەتمىگەن بولسا، بىز قايتىدىن كۆرۈشكەن مۇشۇ پەيتتىن باشلاپ بۇ ئۆڭكۈردە سەن بىلەن ئۆمۈرۋايەت بىللە ياشاشقا خۇشاللىق بىلەن رازى بولغان بولاتتىم. بىزگە كېرەكلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى پىيېرو يەتكۈزۈپ بەردى. ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كىرگەندە، ئادەتتە چىچىغا قىزىل پەي قاداپ كىرىدۇ. ئۇ سەن توغرىلىق سۆزلەپ بېرىپ مېنى خاتىرجەم قىلدى ۋە بىزنىڭ پات يېقىندا يەنە قايتا بىللە بولىدىغانلىقىمىزنى ئېيتىپ مېنى ئىشەندۈردى. كېيىنكى ئۈچ كۈن ئىچىدە ئۇ بىزنىڭ ئالدىمىزغا كەلمىگەن ئىدى. تازا بىئارام بولۇۋاتاتتىم. مانا ئەمدى ئۇ سەن بىلەن بىللە كەلدى، بىچارە دوستۇم! بايا، ئۇ سېنىڭ ئالدىڭغا بارغان ئىكەن ـ دە؟

ـ ھەئە.

ـ شۇنداق تۇرۇپ ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مارى، ـ سەن بۇنداق بولۇشىغا ئىشىنەمسەن؟

ـ ئەمدى ئىشەندىم، ـ دېدىم مەن، ـ ماڭا خەنجەر كۆتەرگەن ۋە سېنى قايغۇغا سېلىپ قويۇشتىن قورقۇپ، خەنجەرنى ئۇرۇشتىن يالتايغان كىشى شۇ ئىكەن؛ دەريا بويىدىكى شىپاڭ ئەتراپىدا ساڭا بېغىشلاپ ناخشا ئېيتقانمۇ شۇ ئىكەن.

ـ ئەجىبا! ـ دېدى مارى ئادەتتىن تاشقىرى ھەيران بولغان ھالدا، ـ ئۇنداقتا، ئۇ ساڭا رەقىپ بولىدىغۇ؟ ياق. مېنىڭ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ. ئۇ مېنى بىزنىڭ قۇلىمىز بولغان چاغلاردىكىدىنمۇ بەكرەك قوغدىدى، مېنى چەكسىز ھۆرمەت قىلدى. توغرا، بەزىدە ماڭا قانداقتۇ ئاجايىپ بىر زوق بىلەن قاراپ قوياتتى، بىراق مەن ئۇنىڭ قاراشلىرىدا پەقەت ھەسرەتتىن باشقا ئالامەتنى كۆرمەيتتىم، شۇ، مېنىڭ قايغۇمغا ئېچىنىۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئۇ ماڭا سەن توغرۇلۇق نەقەدەر سەمىمىيەت بىلەن سۆزلەپ بەرگەنلىكىنى بىلسەڭ ئىدىڭ! ئۇنىڭ ساڭا بولغان دوستلۇقى خۇددى مېنىڭ ساڭا بولغان مۇھەببىتىمدەكلا پاك.

مارىنىڭ ئىپتىقانلىرى مېنى تەسىرلەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەن ئەپسۇسلاندىم، بۇ ئالىيجاناپ پىيېروغا قانچىلىك قوپال مۇئامىلە قىلغانلىقىمنى ئەسلەپ، ئۇنىڭ «مەن ئۆز قەدرىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئەمەس» دېگەن قىسقا، كەمتەر تەنىسىدە چوڭ بىر ئادالەت بارلىقىنى ھېس قىلدىم.

شۇ پەيتتە پىيېرو كىرىپ كەلدى. ئۇ مۇڭلۇق ۋە غەمكىن كۆرۈنەتتى، گويا جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان، لېكىن قىيناقلارغا مەرتلەرچە تەييار تۇرغان كىشىگە ئوخشايتتى. ئۇ ئاستا مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى ـ دە، بېلىمگە قىستۇرۇلغان خەنجەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، جەددىي دېدى:

ـ بىر سائەت ئۆتتى.

ـ بىر سائەت ئۆتسە نىمە بوپتۇ؟ ـ دەپ سورىدىم مەن.

ـ سەن ماڭا بىر سائەت مۆھلەت بەرگەن ئىدىڭغۇ؟ سېنى بۇ يەرگە ئەكىلىش ئۈچۈن مەن سەندىن بىر سائەتلىك ئۆمۈر بېرىشىڭنى ئىلتىماس قىلغان ئىدىم، ۋاقىت توشتى. ئەمدى سەندىن جېنىمنى ئېلىشىڭنى ئۆتۈنىمەن!

ناھايىتى نازۇك تۇيغۇ ـ مۇھەببەت، دوستلۇق، مىننەتدارلىق تۇيغۇسى بىلەن قەلبىمدىن زىلزىلىگە كېلىپ تۇرغانلىقىدىن ئۆزەمنى تۇتالماي، ھۆكرەپ يىغلىغان پېتىم پىيېرونىڭ ـ قۇلنىڭ ئايىغىغا ئۆزەمنى تاشلىدىم. ئۇ چاققانلىق بىلەن مېنى يۆلەپ تۇرغۇزدى ـ دە:

ـ نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟! ـ دەپ ۋارقىرىدى.

ـ مەن سېنىڭ ھەرقانداق خىزمىتىڭگە تەييارمەن، ئەپسۇسكى، سېنىڭ دوستلۇقۇڭدەك يۈكسەك دوستلۇققا مۇناسىپ ئەمەسمەن. ساڭا مېنىڭ ھەممە ۋاپاسىزلىقىمنى ئەپۇ قىلغۇدەك چوڭ مىننەتدارلىق ئىزھار قىلالماسلىقىم مۇمكىن.

پىيېرونىڭ چىرايىدا بىر ئاز جەددىيلىك ئىپادىلەندى، ئۇنىڭ قەلبىدە ئازاپلىق ئىچكى كۈرەش بولۇۋاتقاندەك ئىدى. ئۇ بىر قەدەم ئالدىمغا كېلىپ توختىدى ـ دە، لېۋىنى قىمىرلاتتى، ئەمما بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلالمىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئىككىلىنىشى ئۇزاققا سوزۇلمىدى، غۇلچىنى يېيىپ مېنى قۇچاقلىدى ـ دە، شۇنداق دېدى:

ـ ئەمدى مەن سېنى، ئۇكام دەپ ھېسابلىسام بولامدۇ؟

جاۋاپ ئورنىغا مەنمۇ ئۇنى بوينىنى قۇچاقلىدىم.
بىر ئاز جىم تۇرغاندىن كېيىن ئۇ يەنە شۇنداق دېدى:
ـ سەن ياخشى يىگىت ئىدىڭ، ئەپسۇسكى، تەلەي ساڭا ئادالەتسىزلىك قىلدى.
ـ مەن ئۆز ئاكامنى قايتىدىن تېپىۋالدىم، ـ دېدىم ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋابەن، ـ مەن ئەمدى بەختلىك، ئەمما گۇناھكارمەن!
ـ سەن، گۇناھكارمۇ، ئۇكا؟ مەندىمۇ ئەيىپ بار. مىنىڭ ئەيىپىم سىنىڭكىدىن كۆپرەك. ھازىر سەن بەختلىك، ئەمما مەن دائىم بەختسىزمەن!
پىيرونىڭ چىرايىدا يېڭى تىكىلگەن دوستلۇقنىڭ شاتلىقى بىردەم چاقنىغان بولسىمۇ، تېزلا ئۆچتى ۋە نىمشقىدۇ كەمكىنلىك ۋە قەيسەرلىك ئەكس ئېتىشكە باشلىدى.
ـ قۇلاق سال، ـ دېدى ئۇ كەسكىن ھالدا، ـ مىنىڭ دادام كاكونگو مەملىكىتىنىڭ سۇلتانى ئىدى. ئۇ ئۆز ئوردىسى قارىمىقىدا ئەدلىيە تەشكىل قىلىپ، پۇقرالارنى ئادىل ئىدارە قىلاتتى. سۇلتاننىڭ ئادىتى بويىچە، ئۇ بىرەر ھۆكۈم چىقارغان ۋاقىتتا لىپمۇ ـ لىپ بىر چىنە خورما ۋىنوسى ئىچەتتى. بىز بەختلىك ۋە قۇدرەتلىك ئىدۇق. ئەپسۇسكى، ئېلىمىزگە ياۋروپالىقلار كېلىشتى. سېنى ھەيران قالدۇرغان ئاشۇ مەنىسىز بىلىمنى مەن ياۋروپالىقلاردىن ئۆگەنگەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىسپانىيىلىك بىر كاپىتان بولۇپ، دادامغا بىزنىڭ يېرىمىزدىنمۇ كۆپرەك يەر بېرىشنى ۋە ئاق تەنلىك ئاياللاردىن ئېلىپ بېرىشنى ۋەدە قىلدى. دادام پۈتۈن ئائىلە بىلەن ئۇلارغا ئەگىشىپ كەتتى.... ئۇكا، ئۇ ياۋروپالىقلار بىزگە خائىنلىق قىلدى!
پىيرو ئېغىر خۇرسىندى، كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ۋە ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا يېنىدىكى ياش بىر كۆچەتنى شۇنچىلىك قاتتىق تۇتتىكى، كۆچەت سۇندى. ئاندى گويا ماڭا قاراپ ئەمەس، ئۆزىچە سۆزلەۋاتقاندەك سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.
ـ كاكونگو مەملىكىتى ھۆكۈمدارى ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىدىغان خوجايىنلار پەيدا بولۇپ قالدى. ھۆكۈمدارنىڭ ئوغلى بولسا، سان ـ دومىنگو دالىلىرىدا قۇلغان ئايلاندۇرۇلدى. ياش شىرنى قېرى ئاتىسىدىن ئايرىۋەتكەنلىكى ئۇچۇن، كاكونگو مەملىكىتىنى ئۇلار ئاسانلا بويسۇندۇرۇۋالدى. ياش ئايالنى ئۆز ئېرىدىن تارتىۋېلىشتى. كۆپرەك پايدا

ئېلىش ئۈچۈن بىزنى باشقىلارغا قويۇۋېتىشتى، بوۋاقلار سۈت بەرگەن ئانىسىنى، باللار تاغ سۈيىگە چۆمۈلدۈرىدىغان دادىسىنى ئىزلەشتى. لېكىن ئۇلار ئەشەددىي زالىملارغا دۇچ كېلىشتى، باللار خۇددى ئىت ـ ئىشەك قاتارىدا مۇئامىلىگە ئۇچرىدى.

پىيېرو جىم بولۇپ، لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى، ئۆتكۈر كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىكتى ۋە بىردىنلا مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ئۇكا، بىلەمسەن؟ مېنى خۇددى هايۋانغا ئوخشاش هەرخىل خوجايىنلارغا سېتىشتى... ئوۋېنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ئېسىڭدە بارمۇ؟ قۇلاق سال، ئۇكا، شۇ كۈنى مەن دادامنى يەنە بىر قېتىم كۆردۈم.... ئۇ چاقپەلەككە باغلانغان ئىدى!

پىيېرونىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تەنلىرىم شۈركىنىپ كەتتى.

ـ ئاق تەنلىكلەر، ـ دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـ مېنىڭ ئايالىمنى قاتتىق ئاهانەت قىلدى. ئايالىم ئىنتىقام ئېلىشنى ماڭا قەتئىي ۋەسىيەت قىلدى! بۇ ساڭا چۈشىنىشلىك بولسا كېرەك ـ هە؟ ـ ئۇ تەۋرىنىپ تۇرۇپ كۆزلىرىنى ئەتراپقا تىكتى، ـ مەن ئايالىم ئالدىدا ئەيىپلىكمەن، چۈنكى، مەن باشقا بىرسىنى ياخشى كۆرۈپ قالدى. خەير، بۇ گەپنى قويۇپ تۇرايلى... مېنىڭ يولداشلىرىم ئۆزلىرىنى ئازاتلىققا چىقىرىشنى ۋە ئىنتىقام ئېلىشىمنى تەلەپ قىلىشتى. راسىڭ ماڭا ئۇلار تەرەپتىن خەۋەر يەتكۈزۈپ تۇراتتى، مەن ئۇلارنىڭ ئارزۇسى يولىدا ئىشلەشكە ئامالسىز ئىدىم، بۇ ۋاقىتتا مەن تاغاڭنىڭ تۈرمىسىدە ئىدىم. سەن مېنىڭ ئەيۋۇ قىلغانلىقىم هەققىدىكى خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن كۈنى مەن ئۆز پەرزەنتلىرىمنى زالىم خوجايىنلارنىڭ قولىدىن ئازات قىلىش ئۈچۈن تۈرمىدىن قاچتىم، مانا، مەن كەلدىم. ئاڭلا، ئۇكا، كاكونگو سۇلتانىنىڭ ئاخىرقى نەۋرىسى ئاق تەنلىكلەرنىڭ زۇلمى ئاستىدا تېخى يېقىندىلا قۇربان بولدى! قالغانلىرى ئۇنىڭدىن بۇرۇن شېھىت بولغان ئىدى!

ـ پىيېرو سۆزىنى توختىتىپ، سوغاققانلىق بىلەن مەندىن سورىدى:

ئۇكا، سەن مېنىڭ ئورنۇمدا بولغان بولساڭ قانداق قىلغان بولاتتىڭ؟

ئۇنىڭ يۈرەكنى لەززىتى كەلتۈرىدىغان بۇ ھېكايىسى مېنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى. مەن ئۇنىڭ سوئالىغا غەزەپلىك قىياپەتتە جاۋاپ بەردىم، ئۇ مېنى چۈشەندى ـ دە، ئىستېھزا بىلەن كۈلۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ ئاق تەنلىك خوجايىنلار مېنىڭ باللىرىمنى ئۆلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن، قۇللار ئۆز خوجايىنلىرىغا قارشى قوزغىلىپ، ئۇلارنى جازالىدى. ئۇلار مېنى ئۆزلىرىگە داھىي قىلىپ سايلاشتى. بۇ قوزغىلاڭنىڭ قانچىلىك باللايى ـ ئاپەت كەلتۈرگەنلىكىنى سەن بىلىسەن. تاغاڭنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىكى نېگىرلار بۇ ئىشتا ئۆلگە يارىتىشقا تەييارلانغانلىقىنى مەن بىلىپ، قوزغىلاڭ كۆتىرىلگەن كۈنى كېچىدە ئاكيۇلغا باردىم، سەن يوق ئىكەنسەن. تاغاڭ تېخى يېڭىلا ئۆز ئورنىدا بوغۇزلاپ تاشلانغان، قارا تەنلىكلەر ئېتىز ـ مەيدانلارنى ئاللىقاچان كۆيدۈرۈپ تاشلىغان ئىكەن. مەن ئۈچۈن ئىنتىقام ئېلىش مەقسىتىدە دەرغەزەپ بولۇپ قوزغالغان ۋە تاغاڭنىڭ يەر ـ مۈلكىنى كۆيدۈرگەن قۇللارنى توختىتىۋېلىشقا ئىمكان بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، سېنىڭ ئائىلەڭدە ئامان قالغانلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشقا كىرىشتىم، مەن پورتقا بۇرۇن ئۆزەم بەلگە سېلىپ قويغان خۇپىيانە يول بىلەن كىردىم. ئايالىڭنىڭ تەربىيىچىسىنى قۇتۇلدۇرۇشنى مەن ئىشەنچلىك بىر يولداشقا تاپشۇردۇم. مارىيەنى قۇتۇلدۇرۇش بەكمۇ قىيىن بولدى. ئۇ قىرغىنچىلىقتىن ئامان قالغان بىردىن ـ بىر قېرىندىشى بولغان ئۇكىسىنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن پورتنىڭ كۆيۈۋاتقان قىسمىغا ئۆزىنى ئاتماقتا ئىدى. قارا تەنلىكلەر ئۇنى قورشىۋالدى. ئۇلار مارىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنۇۋاتاتتى، مەن ئۇلارنىڭ قېشىغا كىلىپ، مارىدىن ئۆزەم ئۆچ ئالىمەن، ئۇنىڭغا چېقىلماڭلار، دەپ بۇيرۇدۇم، نېگىرلار تارقاپ كېتىشتى. مەن ئايالىڭنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يېتىلەپ، بالىنى راسكقا بىرىپ، بۇلارنى ئۆزەمدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان مۇشۇ غارغا ئەكەلدىم. مېنىڭ جىنايەتلىرىمنىڭ ھەممىسى مانا شۇ، ئۇكا!

مىننەتدارچىلىق بىلەن ۋىجدان ئازابى قوشۇلۇپ ماڭا يېڭى كۈچ بېغىشلىدى، مەن يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ ئايىغىغا يىقىلماقچى بولدۇم، لېكىن ئۇ مېنى خىجالەت بولغان قىياپەتتە توختىتىۋالدى.

ـ يېتەر ئەمدى، يۈر، كېتەيلى، ـ دىدى ـ دە، قولۇمدىن تۇتتى، ـ ئايالىڭنى قولۇڭغا ئال، ھەممىمىز بىرلىكتە كېتەيلى!

مەن ھەيرانلىق بىلەن ئۇنىڭدىن بىزنى يەنە قەيەرگە ئاپىرىدىغانلىقىنى سورىدىم.

-ئاق تەنلىكلەر لاگىرىغا، - دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ - بۇ ئورۇن ئەمدى ئىشەنچلىك ئەمەس، ئەتە تاڭ سەھەردە ئاق تەنلىكلەر بىئاسۇ لاگىرىغا ھۇجۇم باشلايدۇ. ئېھتىمال، ئورمانلار كۆيدۈرۈپ تاشلىنىشى مۇمكىن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بىر مىنۇت ۋاقتىنىمۇ قولدىن بەرمەسلىكىمىز كېرەك. مەن ئۈچۈن ئون نەپەر ئادەم گۆردە تۇرىۋاتىدۇ، مەن بارمىسام، ئۇلار بىشىدىن ئايرىلىدۇ. سەنمۇ ئازات بولدۇڭ، ئەمدى بىز ئالدىرىشىمىز كېرەك، بىز چوقۇم كېتىشىمىز زۆرۈر. مەن تېخى ئازات بولغىنىم يوق.

ئۇنىڭ سۆزى مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. مەن ئۇنىڭدىن گەپنىڭ تېگىنى چۈشەندۈرۈپ قويۇشنى سورىدىم.

-سەن بىيۇگ-ژارگالنىڭ ئەسىر ئېلىنغانلىقىنى تېخىچە ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ - دەپ سورىدى ئۇ سالماقلىق بىلەن.

-ئاڭلىغان ئىدىم، لېكىن سېنىڭ بۇ بىيۇگ - ژارگال بىلەن نىمە ئالاقەڭ بار؟

بۇ سۆزۈمگە ئۇمۇ ھەيران قالدى ۋە مەغرۇرلۇق بىلەن دىدى:

-بىيۇگ - ژارگال دىگەن مەن بولىمەن!

## 30

شۇنداق دىسەم بولىدۇكى، بۇ ئادەمدە كۆرۈلىدىغان ھەرقانداق تاساددىپي ھالەتكە مەن ئادەتلىنىپ كەتكەن ئىدىم. بۇنىڭدىن بىر مىنۇت ئاۋۋال مەھكەم پىيىرونىڭ ئافرىقىلىق شاھزادە ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران قالغان بولسام، ئەمدى ئۇنىڭ قىزىلتاغ نىگىرلىرىنىڭ ئاشۇ جەسۇر ۋە ئالىيجاناپ داھىيسى بىيۇگ - ژارگال ئىكەنلىكىنى بىلىپ، تېخىمۇ ئەجەپلەندىم. بارلىق قوزغىلاڭچىلارنىڭ ھەتتا بىئاسۇنىڭمۇ بۇ داھىي بىيۇگ - ژارگالغا يەنى كاكونگو سۇلتانىغا نىمە ئۈچۈن چەكسىز ھۆرمەت بىلدۈرىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنىمۇ ئاخىرى چۈشەندىم.

ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى مەندە نەقەدەر چوڭقۇر تەسىرات قالدۇرغانلىقىنى، ئېھتىمال، ئۇ سەزمىگەن بولسا كېرەك، سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ شۇنداق دېدى:

ـ سېنىڭ بىئاسۇ لاگېرىغا ئەسىر چۈشكەنلىكىڭنى ماڭا ئېيتىشتى، شۇڭا مەن سېنى ئازات قىلىش ئۈچۈن بۇ يەرگە كەلگەن.

ـ ئۇنداقتا، سەن ھازىرلا ماڭا مەن ئازات ئەمەس، دېدىڭغۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

مېنىڭ بۇ ئورۇنلۇق سوئالنى نىمە ئۈچۈن سورىغانلىقىمنىڭ سەۋەبىنى بىلمەكچى بولغاندەك، ئۇ ماڭا تىكىلىپ قاراپ تۇرۇپ دېدى:

ـ ماڭا قارا، بۈگۈن ئەتىگەندە مەن سېنىڭ ئادەملىرىڭ ئىچىدە ئەسىرلىكتە ئىدىم. ئاقلار لاگېرىدا، بىئاسۇ كۆن پېتىشتىن بۇرۇن لېوپولدىي ئۆۋېرنە ئىسىملىك بىر ياش ئەسىرنى ئۆلتۈرمەكچىمىش، دېگەن پاراڭنى ئاڭلاپ قالدىم. مېنى قوغداشنى كۈچەيتىشنى ۋە ماڭا سەن ئۆلتۈرۈلسەڭ، ئاندىن كېيىنلا مېنمۇ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى، ئەگەر مەن قېچىپ كەتسەم، مەن ئۈچۈن ئون نەپەر يولدىشىمنى ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئاڭلىدىڭمۇ؟ شۇڭا مەن تېزرەك قايتىشىم كېرەك!

مەن يەنە سورىدىم:

ـ دېمەك، سەن قېچىپ كەلگەنمۇ؟

ـ قېچىپ كەلمىسەم، بۇيەرگە قانداق پەيدا بولاتتىم؟ ئۆز ھاياتىم ئۈچۈن ساڭا قەرزدار بولۇپ تۇرۇقلۇق، مېنىڭ سېنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزماسلىقىم كېرەكمىدى؟ ئەمدى سەن مەن بىلەن كەتكىن. بىز بىئاسۇ لاگېرىدىنمۇ، ئاق تەنلىكلەر لاگېرىدىنمۇ بىر سائەتلىك مۇساپىدە تۇرىمىز. كۆرۈۋاتامسەن. خورما دەرەخلىرىنىڭ سايىسى بارغانسېرى ئۇزىرىۋاتىدۇ، غۇژمەك يوپۇرماقلارنىڭ دۈگلەك سايىسى بارغانسېرى كېڭىيىۋاتىدۇ، يەنە ئۈچ سائەتتىن كېيىن كۈن ئولتۇرىدۇ. يۇر، ئۇكا، كېتەيلى، ۋاقىت ساقلاپ تۇرمايدۇ.

«يەنە ئۈچ سائەتتىن كېيىن كۈن ئولتۇرىدۇ» دېگەن بۇ ئاددىي سۆز مېنىڭ ئالدىمدا ئەجەل ئۇيۇقىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغانلىقىنى بىلدۈردى. يۈرۈكۈم گۈپۈلدەپ تېپىشكە باشلىدى. بۇ سۆز ـ مېنىڭ بىئاسۇغا بەرگەن ۋەدەمنى تەقدىرىمنى ھەل قىلىدىغان ئاشۇ ۋەدەمنى ئېسىمگە سالدى. ئۇھ! مارىنى

كـۆرۈپلا، يېقىـنلاپ كېلىۋاتقـان جـۇدالىقنى، مەڭگۈلـۈك ھىجرانىـى تامامەن ئۇنتۇغــان ئــىدىم، مەن بــۇ ئۇچرىششــقا تامــامەن مەپتــۇن بولــۇپ كەتكەنلىكىمــدىن ھوشـۇمنى يوقىتىـپ، ئـۆز بەختىمـنىلا ئـويلاپ، ئۆلۈمنىـڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى ئەستىن چىقارغـان ئـىدىم. دوسـتۇمنىڭ سـۆزى مېنـى بىردىنلا چوڭقـۇر بەختسـىزلىك ئازگىلىغا ئىتتىرىۋەتكەنـدەك بولـدى، «يەنە ئۈچ سائەتتىن كېيىن كۆن ئولتۇرىدۇ!» بىئاسۇ لاگىرىغا بېرىش ئۈچۈن بىر سائەت ۋاقىت كېتەتتى. ۋەدەمنى ئورۇنلاش بۇرچى شەپقەتسىزلىك بىلەن كۆز ئالدىمـدا گەۋدىلىنىشـكە باشـلىدى: مەن ئـۇ قاراقچىغا ۋەدە بېرىـپ قويغان ئىدىم! ئۆز ۋەدەمگە ۋاپا قىلماي، بىر ۋەھشـىينىڭ ئالدىـدا كەمسىتىلىشـتىن، بولۇپمۇ فرانسۇز مىللىتىنىڭ بىئاسۇ ئىشەنگەن شۆھرىتىگە داغ چۈشۈرۈشـتىن كۆرە ئۆلگىنىم ياخشـىراق ئـىدى! مەن ئـۆز ۋەدەمنـى ئـورۇنلاش، مەردانىلىـك بىـلەن شـەنىمنى قوغـداش يـولىنى تاللىـدىم، بـۇ يـول دەھشـەتلىك ئـىدى! لــېكىن، جانــاپلار، شــۇنى ئېتىــراپ قىلىمەنكــى، دەســلەپ مەن بىــر ئــاز تەۋرەندىم، بۇ قارارىم ئۈچۈن مېنى ئەيىپلەش مۇمكىنمۇ؟

## 31

ئاخىرى، مەن قاتتىق خۇرسىنىپ تـۇرۇپ، بىـر قولـۇم بىـلەن بىيـۇگ - ژارگالنىڭ قولىنى، يەنە بىر قولۇم بىلەن قاتتىق ئەنسىزلىك ئىچىـدە مېنىـڭ سۈلغۇن چىرايىمغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان بىچارە مارىنىڭ قولىنى تۇتتۇم.

-بىيـۇگ-ژارگـال، -دىـدىم تەسـلىكتە، -دۇنيـادا سـەندىنمۇ ئەزىـز كۆرىدىغان بىردىن-بىر ئـادىمىم بولغـان مـارىنى سـاڭا تاپشـۇرىمەن، سـىلەر بىللە ئاقلار لاگىرىغا قايتىپ كېتىڭلار، مەن سىلەر بىلەن كېتەلمەيمەن!

-ئاھ، خۇدا! يەنە نـىمە دىـگەن بەختسـىزلىك بـۇ! - دەپ ۋارقىرىـدى مارى ئاران نەپەس ئېلىپ.

بىيۇگ-ژارگـال تىتـرەپ كەتتـى، ئۇنىـڭ كۆزىـدىن ھەسـرەت ئۇچقـۇنى چاقنىدى.

-نىملەرنى دەۋاتىسەن، ئۇكا؟

يىغىدىن باشـلىنىدىغان پـالاكەتنى ئـويلاپ، دەھشـەت ئىچىـدە قالغـان مارىنىـڭ چوڭقـۇر مېھىـر-مـۇھەببىتىنى بايقىغانلىقىمـدىن، بىچـارە قىزنىـڭ

يۈرىكىنى زىدە قىلماسلىق ئۈچۈن، ھەقىقىي سىرنى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇشقا ۋە خوشلاشماسلىققا مەجبۇر بولدۇم-دە، بىيۇگ-ژارگالغا ئېگىلىپ ئاستا شۇنداق دېدىم:

-مەن-ئەسىرلىكتىكى ئادەم، مەن بىئاسۇغا قايتىپ كېلىمەن، دەپ ۋەدە بەرگەن ۋە كۈن پېتىشتىن ئىككى سائەت بۇرۇن ئۇنىڭ ئىختىيارىدا بولۇشقا لەۋزە قىلغان ئىدىم.

بىيۇگ - ژارگال غەزەپتىن تىپىرلاپ كەتتى ۋە قاتتىق ۋارقىراپ تۇرۇپ دېدى:

-بىئاسۇنىڭ سەن بىلەن يۈز تۇرانە سۆزلەشمەكچى بولغىنى شۇ ئىكەن - دە! ئۇ سەندىن ئاشۇ ۋەدىنى ئېلىۋالغان ئىكەن - دە، ئەبلەخ! مەن قانداقلارچە ئۇ ئېپلاس بىئاسۇغا ئىشەندىمكىن! مەن بۇنداق ھىيلە - مىكىرنى ئالدىنئالا بايقىشىم كېرەك ئىدى. چۈنكى، ئۇ قارا تەنلىك ئەمەس، بەلكى مۇلات!

-سەن نىمە دەۋاتىسەن، قانداق ۋەدە ئۇ؟ قانداق ھىيلە-مىكىر؟ -دەپ ۋارقىرىدى مارى ۋەھىمە بىلەن، -بىئاسۇ دېگىنىڭ كىم؟

-بولدى، قوي، سۆزلىمە! -دېدىم مەن بىيۇگ-ژارگالغا پىچىرلاپ تۇرۇپ، - مارىنى ئەندىشىگە سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق!

-خوپ، -دېدى بىيۇگ-ژارگال غەمكىن ھالدا، -لېكىن بىئاسۇنىڭ گېپىگە نىمىشقا ماقۇل بولغانسەن؟ ئاشۇنداق ۋەدە بېرىشكە قانداقمۇ ئاغزىڭ بارغاندۇ؟

-مەن سېنىڭ توغراڭدا، بىزگە ۋاپاسىزلىق قىلدى، مارىدىن پۈتۈنلەي ئايرىلدىم، ئەمدى ياشاشنىڭ ئەھمىيىتى يوق، دەپ ئويلىغان ئىدىم.

-ئەمما، ئېغىزدا بەرگەن بىرلا ۋەدە بىلەن ئۆزەڭنى ئۇ قاراقچىغا تۇتۇپ بەرسەڭ بولمايدۇ!

-مەن ئۇنىڭغا لەۋزە قىلدىم - دە!

قارىماققا، بىيۇگ - ژارگال سۆزۈمنىڭ ئەسلى مەنىسىنى چۈشىنىشكە ئۇرۇنىۋاتسا كېرەك.

-لەۋزە قىلغان؟ خوش، لەۋزى دېگەن نىمە؟ سىلەر بىر قاچىدىن شاراپ ئىچىشتىڭلارمۇ، بىرەر ھالقىنى ياكى چىچەكلەپ تۇرغان كىلىيون شېخىنى سۇندۇرۇشتۇڭلارمۇ؟

ـ ياق.

ـ ئەمىسە، نىمىنى ۋەدە، لەۋزى دەپ ھېسابلاۋاتىسەن.

ـ ئۆز شەنىمنى.

ـ چۈشەنمىدىم. بۇ ھېچقانداق مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ. سېنى بىئاسۇغا باغلايدىغان ھېچقانداق ۋەدە يوق! يۈر، بىز بىللە كېتەيلى!

ـ كېتەلمەيمەن، ئاكا، مەن لەۋزى قىلىپ قويغان.

ـ ياق، سەن ھېچقانداق لەۋزى قىلمىغان! ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ سىلكىپ، ئاندىن مارىغا قاراپ پەس ئاۋاز بىلەن دېدى:

ـ سىڭلىم، ماڭا ياردەملىشىڭ، ئىرىكىزنىڭ بىزنى تاشلاپ كېتىشىگە رۇخسەت قىلماڭ! ئۇ قارا تەنلىكلەر لاگىرىغا قايتىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇ، مەن ئۇنى ئاشۇ يەردىن قۇتۇلدۇرۇپ كەلگەن ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن كەتمەكچى بولۇۋاتىدۇكى، ئۇ قارا تەنلىكلەرنىڭ داھىيسى بىئاسۇغا، ئۆلۈشكە رازى بولىمەن، دەپ ۋەدە بېرىپتۇ!

ـ قانداق قىلغىنىڭ بۇ! ـ دەپ ۋارقىرىدىم مەن بيۇگ ـ ژارگالغا.

ئەمما، پۇرسەت ئۆتكەن ئىدى. مەن بيۇگ ـ ژارگالنىڭ ئۆز رەقىبىنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا ياردەم بېرىش توغرىسىدا ئۆزى ياخشى كۆرگەن كىشىگە ئىلتىجا قىلىشىنى ۋە بۇنىڭدىن پەيدا بولغان نازۇك ھاياجاننى ئالدىنئالا باسالمىدىم. مارى پەريات چەككەن ھالدا ئۆزىنى ماڭا تاشلاپ، كۆكرىكىمگە باش قويدى. بوينۇمنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ مەھكەم يېپىشتى، ئۇنىڭ نەپسى بوغۇلغان، ئۆزى مادارسىز ئىدى.

ـ ئاھ، جېنىم لېوپولد، ئۇ نىمە دەۋاتىدۇ؟ ـ دېدى ئۇ ئاران ـ ئاران سۆزلەپ، ـ بۇنداق قىلما، بىز يەنە قايتىدىن دىدار كۆرۈشكەن مۇشۇنداق پەيتتە مېنى تاشلاپ ئۇ ياققا بارمىغىن، تاشلاپ كېتىش دېگەن سۆز ـ ھالاك قىلىش دېگەن سۆز! قېنى، تېزرەك گېپىمگە ماقۇل بول، بولمىسا، مەن ئۆلىمەن! سېنىڭ پەقەت ئۆزەڭنىلا ئۆلۈمگە تۇتۇپ بېرىشكە ھەققىڭ يوق! مېنىمۇ ئۆلۈمگە بىللە ئاپار! سەن مېنى تاشلاپ، مەندىن ئەبەدى جۇدا بولۇشنى خالامسەن!

ـ مارى! ـ دېدىم مەن، ـ ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمە، راستىنى ئېيتسام، مەن سېنى تاشلاپ كېتىشكە مەجبۇرمەن. شۇنداق قىلمىسام بولمايدۇ. بىز يەنە باشقا جايدا سەن بىلەن ئۇچرىشىمىز...

ـ باشقا جايدا... قەيەردە ئۇچرىشىمىز؟ ـ دەپ تەكرارلىدى ئۇ قورقۇنچ ئىچىدە.

ـ ئۇ دۇنيادا! ـ دېدىم مەن پەرىشتەمنى ئالداشقا تىلىم بارماستىن.

مارى بىھوش بولۇپ يىقىلدى. بۇ قېتىم ئۇ ھەسرەت ئىچىدە ھوشىدىن كەتكەن ئىدى. مىنىڭ قارارىم قەتئىي ئىدى. شۇڭا ۋاقىتنى سوزۇپ تۇرالمايتتىم. مەن مارىنى بىۋگ ـ ژارگالغا تاپشۇردۇم. ئۇ كۆزىدىن تارام ـ تارام ياش ئاققۇزۇپ تۇرۇپ ماڭا قارىدى.

ـ دېمەك، سېنى ھەرقانداق قىلىپ تۇتۇپ قالغىلى بولمايدىكەن ـ دە؟ ئۆزەڭ كۆرۈپ تۇرغان بۇ ئەھۋالغا مەن ھېچنېمە دېيەلمەيمەن. مارىنىڭ رايىنى قايتۇرۇشقا يۈرۈگۈڭ قانداق چىدايدۇ؟ مەن ئۇ ئېيتقان ھەر بىر ئىبغىز سۆزگە پۈتۈن ئالەمنى سەدىقە قىلغان بولاتتىم، ئەپسۇسكى، سەن ئۇنىڭ سۆزىگە ھەتتا شەنىگىنمۇ پىدا قىلالمىدىڭ؟

ـ جېنىمنى پىدا قىلدىم! ـ دەپ ئېتىراز بىلدۈردۈم، ـ خەير، بىۋگ ـ ژارگال، خەير، ئاكا! مەن مارىنى ساڭا تاپشۇردۇم، ۋەسىيىتىم شۇ!

ـ بىۋگ ـ ژارگال قولۇمنى تۇتتى. ئۇ چوڭقۇر ئويغا پاتقانلىقتىن سۆزۈمنى تولۇق ئاڭلىمىغاندەك كۆرۈنەتتى.

ـ ئۇكا، دېدى ئۇ، ـ ئاقلار لاگېرىدا سېنىڭ بىر قېرىندىشىڭ بار ئىكەن، مارىنى شۇنىڭغا تاپشۇرۇپ بېرىمەن. ماڭا نېمە قويۇپتۇ، سېنىڭ ۋەسىيىتىڭگە قاراپ مارىغا ئىگىدارچىلىق قىلالمايمەن.

ئۇ ماڭا قىيا تاشلىق ئىگىز بىر چوققىنى كۆرسەتتى. بۇ چوققا ئەتراپتىكى ھەممە جايدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ـ ئاۋۇ چوققىنى كۆردۈڭمۇ؟ سەن ئۆلتۈرۈلگەن ھامان ئاشۇ چوققىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىڭ ھەققىدە بەلگە كۆرۈنىدۇ، خۇددى شۇ پەيتتە ئېتىلغان مىلتىق ئاۋازى مىنىڭمۇ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىمدىن خەۋەر بېرىدۇ، خەير!

بىۋگ ـ ژارگالنىڭ بۇ ئاخىرقى سۆزىنىڭ مەنىسىنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا ئۇنى قۇچاقلىدىم. مومىسىنىڭ بەزلىشى بىلەن بىر ئاز ئۆزىنى تۇتىۋالغان مارىنىڭ ئاپپاق پېشانىسىدىن سۆيدۈم ـ دە، ئۇنىڭ ئاخىرقى قارىشى ۋە يالۋۇرۇشى مېنى ئۆز قارارىمدىن يالتايتىپ قويمىسۇن دەپ قورقۇپ، ئالدى ـ كەينىمگە قارىماستىن يۈگۈرۈپ كەتتىم.

مەن يۈگۈرگەن پېتىم بىز بىسىپ ئۆتكەن چىغىر يوللارنى بويلاپ كەتتىم، زادىلا كەينىمگە قارىمىدىم، كۆڭلۈمنى پەرىشان قىلىدىغان خىياللارنى بېسىش ئۈچۈن توختىماي يۈگۈرۈپ كېتىۋەردىم، قېلىن چاتقاللارنى، ئازگال-دۆڭلەرنى بېسىپ ئۆتۈپ، ياكى تاغ ئارىسىدىن چىقىپ كەتكىچە يۈگۈردۈم. ئاخىرى ئېگىز يان باغرىدىن بىئاسۇ قارار گاھىدىكى هارۋىلارنىڭ ئەگرى-بۈگرى تۈپى ۋە چېدىر-كەپىلەر خۇددى چۇمۇلە ئۇۋىسىدەك قارا بولۇپ كۆرۈنگەندە توختىدىم. مەن يولۇمنىڭ - هاياتىمنىڭ ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ كەلگەن ئىدىم. هارغىنلىق ۋە هاياجاندىن دەرمانىم قۇرۇغان ئىدىم. يىقىلىپ چۈشمەسلىك ئۈچۈن بىر تۈپ دەرەخقە يۆلىنىۋالدىم. شۇ پەيتتە تەقدىرىم يېشىلىدىغان بۇ توقايزارلىق كۆز ئالدىمدا ئىمىر-چىمىر بولۇپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

شۇ ۋاقىتقىچە مەن هەممە غەم-غۇسسە ۋە پەرىشانلىق شارابىنى تولۇپ ئىچىپ بولدۇم، دەپ هېسابلىغان ئىدىم. لېكىن مەن ئەڭ قاتتىق ئازاپنى، يەنى تاشقى هادىسىلەر كۈچەيدىنمۇ قۇدرەتلىك بولغان ئەخلاقىي كۈچكە بويسۇنۇشنى-بەختلىك بولۇش ۋە مۆرىتى كەلگەندە ئۆز ئىختىيارى بىلەن بەختتىن ۋاز كېچىش كۈچىنى، ياشاش ۋە ياشاشتىن بېرىش كۈچىنى تېخى سىناپ كۆرمىگەن ئىكەنمەن، بۇنىڭدىن بىر نەچچە سائەت ئاۋۋالقى هاياتىنىڭ مەن ئۈچۈن ئەهمىيىتى قانچىلىك ئىدى؟ ئۇ چاغدا مەن ياشاشقا لايىق ئەمەس ئىدىم، چۈنكى، چوڭقۇر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ياشاش ئۆلۈم بىلەن باراۋەر ئىدى. بۇ، كىشىنى مەرتىلەرچە ئۆلۈشكە مەجبۇر قىلىدۇ. ئەمما، مەن بۇ ئۈمىدسىزلىكتىن قۇتۇلۇپ، مارى بىلەن قايتىدىن ئۇچراشقان ئىدىم. مېنىڭ گۇمران بولغان بەختىم قايتىدىن تىرىلگەن، ئۆتمۈشۈم مېنى ئىستىقبالغا ئېلىپ چىققان ئىدى. دېمەك، مېنىڭ ئۆچكەن هەممە ئارزۇ - ئارمىنىم خۇددى ئاۋۋالقىدەكلا قايتىدىن چاقناپ يانغان هەقىقىي هايات مەشئىلىگە ئايلانغان، ياشلىق باهارىم، يارغا مەپتۇنلۇق، تولۇپ تاشقان مۇهەببەت-بۇلارنىڭ هەممىسى كۆز ئالدىمدا خۇددى ئۇيۇقتەك يورۇپ كەلمەكتە ئىدى، كۆڭۈللۈك هاياتىمنى قايتىدىن باشلىشىم مۇمكىن ئىدى، ئەتراپىمدىكىلەرمۇ، قەلبىممۇ مېنى بۇنىڭغا دەۋەت قىلۋاتاتتى، بۇنىڭدا هېچقانداق ئەمەلىي توسقۇنلۇق، هېچقانداق قىيىنچىلىق يوق ئىدى. مەن ئازات بولغاندا، ئۆز بەختىمگە ئېرىشكەندە، ماڭا يەنە ئۆلۈش زۆرۈر بولۇپ قالدى! مەن ئۈچۈن

گۈزەل جەننەتكە قەدەم قويا ـ قويمايلا يەنە ئارقىغا يېنىش زۆرۈر بولۇپ قالدى! قانداقتۇ بىر غۇۋا مەجبۇرىيەت مېنى ئارقىغا چېكىندۇرۇپ، ئەجەلگە قاراپ مېڭىشقا زورلاۋاتاتتى.

ھىجران ئوتىدا ۋە قايغۇ ـ ئەلەمدە خازان بولغان روھىي سۇنغانلار ئۈچۈن ئۆلۈم ھېچ گەپ ئەمەس، لېكىن ياش قەلبى ھاياتنىڭ ھوزۇر ـ ھالاۋىتىدىن بەھرىمان بولۇۋاتقان كىشىگە ئۆلۈمنىڭ سوغاق قولى تەگسە، بۇ نىمە دېگەن دەھشەتلىك! بۇ دەھشەتنى مەن ئەمدىلا ھېس قىلدىم ۋە قەبرە تېگىدىن قايتىپ چىقىپ، بۇ دۇنيادىكى نازۇ ـ نىمەتلەر، خوشاللىقلار ئىچىدە ئەڭ قەدىرلىك ۋە گۈزەل بولغان مۇھەببەتنىڭ ھېرىسلىق ۋە ئازاپلىقنىڭ لەززىتىنى بىردەم تېتىدىم، ئەمدى بولسا، يەنە قەبرىگە ـ لەھەتكە كىرىپ كېتىۋاتىمەن!

بۇ ئاجىز مىسكىنلىكىمنى ئويلاپ، ئۆزەمگە ئېچىنغان، ئەپسۇسلانغانسېرى مەندە قانداقتۇ بىر خىل ئەسەبىيلىك قوزغالدى ـ دە، چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلاپ، تويتوغرا قارارگاھ جايلاشقان دالىغا قاراپ ماڭدىم. شۇ تاپتا مەن ھەممە نەرسىدىن تېزرەك ئادا ـ جۇدا بولۇشنى خالايتتىم. نىگىرلار قاراۋۇلنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۆزەمنى تونۇشتۇردۇم، پوستا تۇرغان نىگىرلار ماڭا ھەيران بولۇپ قاراشتى ۋە لاگىرغا كىرىشىمگە رۇخسەت قىلمىدى. كۆردۈڭلارمۇ، تەقدىرنىڭ بۇ ئاچچىق مەسخىرىسىنى: لاگىرغا كىرىشىم ئۈچۈن قاراۋۇلغا يالۋۇرۇشقا توغرا كەلدى. ئاخىر، ئۇلاردىن ئىككىسى مېنى بىئاسۇنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى.

مەن باش قوماندان جايلاشقان غارغا كىرگىنىمدە، ئۇ ئالدىدا تۇرغان قىيناق قوراللىرىنى تاللاپ ئېلىپ، تەكشۈرۈپ كۆرۈۋاتقان ئىكەن، بىزنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭىمىزنى ئاڭلاپ بۇرۇلۇپ قارىدى ـ دە، مېنىڭ قايتىپ كەلگىنىمگە ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قالدى.

ـ كۆردۈڭمۇ بۇلارنى؟ ـ دېدى بىئاسۇ ئالدىدا چېچىلىپ ياتقان ھەرخىل قىيناق قوراللىرىنى كۆرسىتىپ.

مەن خاتىرجەم قاراپ تۇردۇم. بۇ «ئىنسانىيەت قەھرىمانى» نىڭ زالىملىقىنى ياخشى بىلەتتىم، شۇڭا ھەر قانداق قىيىن قىستاقنى ئۆڭمەستىن، دادىل قارشى ئېلىشقا تەييارلاندىم.

ـ ئېھتىمال، لېوگرى دارغا ئېسىلغاندا، ئۇنىڭ راسا ئامىتى كەلگەن بولغىدى ـ ھە؟ سەن قانداق ئويلايسەن؟ ـ دەپ سورىدى ئۇ يەنە ھىجىيىپ تۇرۇپ، مەن ئۇنىڭ سوئالىغا مەنستىمەسلىك نەزىرىم بىلەن جاۋاپ بەردىم.

ـ ئىمام ھەزرەتنى چاقىرىپ كېلىڭلار، ـ دەپ بۇيرۇدى بىئاسۇ ئادىيۇتانتلىرىنىڭ بىرىگە.

ھەر ئىككىمىز خېلى ۋاقىتقىچە بىر ـ بىرىمىزگە قارىشىپ ئۈنچىقماي تۇردۇق. مەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىدىم، ئۇمۇ مېنى سىنچىلاپ كۆزىتىپ تۇردى.

رىگو كىرىپ كەلدى. قارىماققا، ناھايىتى ئالدىراش ئىدى، بىئاسۇغا پىچىرلاپ بىرنېمىلەرنى دېدى.

ـ ھەربىي باشلىقلارنىڭ ھەممىسى چاقىرىلسۇن، ـ دەپ بۇيرۇق بەردى بىئاسۇ خاتىرجەملىك بىلەن.

چارەك سائەتتىن كېيىن ئاجايىپ ـ غارايىپ كىيىنىشقان ھەربىي باشلىقلار غار ئالدىغا توپلىنىشتى.

ـ قۇلاق سېلىڭلار، دوستلار ـ دەپ سۆز باشلىدى بىئاسۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، ـ ئەتە تاڭ سەھەردە ئاق تەنلىكلەر بىزگە ھۇجۇم قىلىشقا تەييارلىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭ مۇداپىئەيىمىز ئىشەنچلىك ئەمەس، شۇڭا بۇ يەرنى تاشلاپ كېتىشىمىز كېرەك. كۆن چىقىشتىن بۇرۇن ھەممىمىز قوزغىلىپ، ئىسپانىيە مۇستەملىكىسى چېگرىسىغا يۆتكىلىمىز. ماكايىيە، سىز ئۆز قاچاقلىرىڭىز بىلەن ئالدىدا ماڭىسىز. پادرىژدان، سىز پرالوتا تۈپچى قىسىملىرىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان قورال‌لارنىڭ ئېغىرنى مىجىپ تاشلىشىڭىز كېرەك. بىز بۇ قورال‌لارنى تاغمۇ ـ تاغ توشۇپ يۈرەلمەيمىز. كۇرۇئادې ـ بۇكېنىڭ يىگىتلىرى ماكايىيە ئەترىتىنىڭ كەينىدىن ماڭسۇن. تۇسېن لېوگان ۋە ترۇ ئەترەتلىرىنىڭ نېگىرلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئەگەر كرېئوت قەبىلىسىنىڭ ئەر ـ ئاياللىرى ئازراقلا شاۋقۇن ـ سۈرەن كۆتۈرسە، دەرھال جالالاتلارغا تاپشۇرۇلسۇن! كابرون تۇمشۇقىغا جايلاشتۇرۇلغان ئىنگلىز مىلتىقلىرىنى پودپولكوۋنىك كىلۇ باش بولۇپ ئەركىن مۇلاتلار ئەترىتىگە تارقىتىپ بەرسۇن ۋە ئۇلارنى ۋېتى چىغىر يولى ئارقىلىق باشلاپ ماڭسۇن، قېپ قالغان ئەسىرلەر قىرىپ تاشلانسۇن، ئوقلارنىڭ ئۇچى سۇرمەل قىلىنسۇن، ئوقيالار زەھەرلەنسۇن! لاگىردىكى بۇلاقلارغا ئۇچ توڭ مىشەك

تاشلاپ، سۇنى زەھەرلەرگىلار، چاگقىغان ئاق تەنلىكلەرنىڭ ئۇسسۇلۇقى ئوبدان قانسۇن! لىمبىي، دونىدون ۋە ئاكيۇل قوشۇنلىرى پۈتۈن تەكىبى بىلەن كلۇ ۋە تۇسىپىن ئەترەتلىرىنىڭ كەينىدىن ھەرىكەتلىنىشى كېرەك. بارلىق يول ـ ئىپدىرلىقلارنى قۇرام تاشلار بىلەن تولدۇرۇۋېتىڭلار، چىغىر يوللارنى بۇزۇپ تاشلاڭلار، ئورمانلارنى كۆيدۈرۈڭلار. رىگو، سىز بىزگە ھەمرا بولۇڭ. كاندى، سىز مېنىڭ شەخسىي مۇھاپىزەتچىلىرىمگە مەسئۇل بولىسىز، «قىزىلتاغ» نېگىرلىرى ھەممە قوشۇننىڭ كەينىدە ماڭسۇن ۋە تاڭ يورۇغاندىلا لاگىرنى تاشلاپ يولغا چىقسۇن.

بىئاسۇ رىگوغا قاراپ ئاستا شۇنداق دېدى:

ـ بيۇگ ـ ژارگالنىڭ بۇ نېگىرلىرى تامامەن يوقالسا بەكمۇ ياخشى بولاتتى

ـ دە! چەگچىلىرى ھالاك بولسا، ئۇنىڭ داھىيىسمۇ تېزرەك يوقىلاتتى!

ـ ئىشقا كىرىشىڭلار، قېرىنداشلار، ـ دەپ سۆزىنى تاماملىدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، پارولنى كاندى ئارقىلىق بىلىسىلەر.

ھەربىي باشلىقلار تارقىلىشتى.

ـ گېنېرال، ـ دېدى رىگو، ـ ژان ـ فرانسۇئانىڭ ئالدىراش مەكتۇپىنى ئەۋەتىۋېتىش كېرەك ئىدى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز يامان؛ بۇ مەكتۇپ ئاق تەنلىكلەرنى بىر ئاز بولسىمۇ ئىنساپقا كەلتۈرۈشى مۇمكىن.

بىئاسۇ خەتنى دەرھال يانچۇقىدىن ئالدى.

ـ سىزنىڭ بۇنى ئېسىمگە سېلىپ قويغىنىڭىز ياخشى بولدى. بىراق، بۇ مەكتۇپتە ئاق تەنلىكلەر بىزنى مەسخىرە قىلىدىغان خېلى گراماتىكىلىق خاتالىقلار بار. ماڭا قارا، ـ دېدى بىئاسۇ خەتنى ماڭا تەڭلەپ، ـ جېنىڭنى قۇتۇلدۇرۇشنى خالامسەن؟ مېنىڭ كۆڭلۈم تۈز، سەن قانچە جاھىللىق قىلساڭمۇ، مەن يەنىلا ساڭا بۇ تەلەپنى قويۇۋاتىمەن. خەتنى تۈزىتىپ چىقىشقا ياردەملەشكىن، مەن ئۆز پىكىرلىرىمنى ساڭا ئېيتىپ بېرەي، سەن بۇ پىكىرلەرنى «ئاق تەنلىكلەر ئۇسلۇبى» بويىچە تۈزەپ چىق.

مەن قەتئىي رەت قىلىپ بېشىمنى چايقىدىم. بىئاسۇ بۇ ھەركىتىمدىن راسا رەنجىدى بولغاي:

ـ دېمەك، ماقۇل بولمامسەن؟ ـ دەپ سورىدى.

ـ ياق! ـ دېدىم مەن.

-ياخشىراق ئويلاشقىن، - دېدى ئۇ قەتئىي ھالدا ئالدىدا تۇرغان قىنىاق قۇراللىرىنى ماڭا كۆرسەتكەندەك قىلىپ مەنىلىك قاراپ قويدى.

-مەن ئۇبدان ئويلىشىپ بولغانلىقىم ئۈچۈن بۇ تەكلىپىڭىزنى رەت قىلىۋاتىمەن،-دەپ جاۋاپ بەردىم،-كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، سەن ئۆزەڭنىڭ ۋە ئادەملىرىڭنىڭ تەقدىرىدىن قورقۇۋاتىسەن، بۇ خەت ئارقىلىق ئاق تەنلىكلەرنىڭ ھۇجۇمىنى ۋە ئۆچ ئېلىشىنى توختىتىشقا بولارمىكىن، دەپ ھېسابلاۋاتىمەن. ئەگەر بۇ خەت سېنىڭ ھاياتىڭنى قۇتقۇزۇپ قالالايدىغانلا بولسا، ئۇ ھالدا، بۇ جانىڭ ماڭا كېرىكى يوق، مېنى قىيناشقا بۇيرۇق بېرىۋەر!

-گېپىم شۇ، دىگىنە، بالا،-دېدى بىئاسۇ تەنە قىلىپ ۋە پۇتى بىلەن قىنىاق قۇراللىرىنى تۇرتۇپ قويۇپ، سەن بەلكى، بۇ قۇراللارنى كۆرۈپ يۈرىكىڭنى توختىتىۋالغان بولساڭ كېرەك. كۆپ ئەپسۇسكى، بۇ قۇراللارنىڭ كۈچىنى ساڭا بىر كۆرسىتىپ، ئەدىۋىڭنى بېرىشكە ۋاقىت بولماي قالدى. بىزنىڭ ئەھۋالىمىز خەۋپلىك بولغانلىقتىن، بۇ ئورۇندىن تېز يۆتكەلگىلىۋاتىمىز. سەن ماڭا كاتىپ بولۇشنى زادى خالىمامسەن؟ مەرھەممەت، سەن توغرا قىلدىڭ. كاتىپ بولغىنىڭدىمۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە سېنى، بەربىر، ئۆلتۈرۈۋەتكەن بولاتتىم. كىمكى بىئاسۇنىڭ بىرەر سىرىدىن خەۋەردار بولىدىكەن، ئۇ ھامان ھايات قالمايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەزىزىم، سېنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا مەن ئىمام ھەزرەتكە ۋەدىمۇ بېرىپ قويغان ئىدىم، - ئۇ غارغا يېڭىلا كىرىپ كەلگەن باخشىغا بۇرۇلۇپ قارىدى ۋە - ھۆرمەتلىك ئاتا، ئادەملىرىڭىز تەييارمۇ؟ - دەپ سورىدى.

باخشى ئۈندىمەي بېشىنى لىڭشىتتى.

-«قىزىلتاغ» نېگىرلىرىنى ئۆز قارىمىقىڭىزغا ئالدىڭىزمۇ؟ پۈتۈن قوشۇن ئىچىدە پەقەت شۇلارغىلا ھۇجۇمغا تەييارلىنىش مەجبۇرىيىتى بېرىلمىدى.

باخشى يەنە باش لىڭشىتتى.

بىئاسۇ غارنىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىكلەپ قويۇلغان چوڭ قارا بايراقنى ماڭا كۆرسەتتى. مەن بۇ قارا بايراققا خېلى بۇرۇنلا دىققەت قىلغان ئىدىم.

-سېنىڭ كاپىتانلىق پاگونىڭنى ئورۇن باسارىڭغا ئېلىپ بېرىش زۆرۈرلۈكىنى ئاق تەنلىكلەرگە مانا بۇ قارا بايراق ئارقىلىق ئۇقتۇرۇپ قويىمىز. ھازىرقى پەيتتە بىزنىڭ سەپەرگە ئاتلىنىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىپ تۇرۇپسەن.

ئېيتماقچى، سەن ئەتراپىنى سەيلەپ قىلىپ هازىرلا قايتىپ كەلدىڭغۇ، دېيمەن. بۇ يەرلەردىكى مەنزىرىلەر قانداقراقكەن، ساڭا ياقتىمۇ؟

ـ هەئە، بۇ تەرەپلەردە سېنى ۋە سېنىڭ شايكاڭنى ئېسىشقا يەتكىدەك دەرەخلەر بار ئىكەن، ـ دېدىم بىئاسۇغا سوغاققانلىق بىلەن.

بىئاسۇ زورىغا كۈلۈپ قويدى.

ـ سەن بارغان تەرەپلەردە بىر جاي بار، بۇ جاينى تېخى كۆرمىگەن ئوخشايسەن، هۆرمەتلىك ئاتىمىز ئۇ جاينى ساڭا كۆرستىپ قويىدۇ. خەير، ياش كاپىتا، لېوگرىغا مەندىن سالام ئېيتىپ قوي!

ئۇ خۇددى يىلان ۋىشىلدىغاندەك خىقراپ كۈلۈپ تۇرۇپ، ماڭا ئېگىلىپ تازىم قىلدى ـ دە، قاراۋۇلغا ئىشرەت قىلىپ، يۈزىنى مەندىن ئۆرىدى. نېگىر مېنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. يۈزىگە نىقاپ تارتىۋالغان باخشى قولىدا تەسۋى تۇتۇپ، بىرنىڭ كەينىمىزدىن بىللە ماڭدى.

مەن هېچقانداق قارشىلىق كۆرسەتمەيلا كېتىۋەردىم، توغرىسىنى ئېيتقاندا، قارشىلىق كۆرستىش پايدىسىز ئىدى. بىز ئېدىرلىقنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئېگىز چوققىغا چىقىپ، شۇ يەردەم دەم ئالدۇق. مەن تىك تۇرۇپ، پېتىپ كېتىۋاتقان كۈننى كۆزەتتىم، كۈننىڭ چىقىشىنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمىغان ئىدى. كېيىن بىز يەنە يولغا راۋان بولدۇق ۋە ئانچە چوڭ بولمىغان بىر تۈزلەڭلىككە چۈشۈشكە باشلىدۇق. باشقا ۋاقىت بولغان بولسا، بۇ تۈزلەڭ بىزنى قىزىقتۇرغان بولاتتى. بۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتكەن تاغ سۈيى مۇنبەت يەرلەرنى سۇغىراتتى ۋە ئاخىرىغا بېرىپ، بىر كۆلگە قويۇلاتتى. بۇنداق كۆللەر سان ـ دومىنگونىڭ تاغلىق جايلىرىدا كۆپ ئۇچرايتتى. مەن بەختلىك چاغلىرىمدا كەچقۇرۇقلۇقى بۇنداق كۆللەرنىڭ قىرغاقلىرىدا سەيلە قىلىپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىراتتىم ۋە زۇمرەتتەك كۆل يۈزىنىڭ ئاستا ـ ئاستا كۈمۈش تۈسكە ئايلىنىشىنى هەمدە يۇلتۇز شولىسىنىڭ سۇ دولقۇنىدا ئالتۇندەك چاقنىشىنى تاماشا قىلاتتىم! مانا هازىرمۇ كۆپ پېتىۋاتىدۇ، ئەپسۇسكى، مەن كۆل قىرغىقىدىن توختىماي ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن! بۇدا كۆزۈمگە قانچىلىك گۈزەل كۆرۈنگەنلىكىنى سۆز بىلەن ئۇقتۇرالمايمەن، ئەتراپىمىزنى ئاجايىپ كاتتا، ئۇلۇغۋار چىنار دەرەخلىرى ئوراپ تۇراتتى، ئۇستى تەپ ـ تەكشى، بۇك ـ باراقسان MAURITIA خورمىلىرىنىڭ هەرخىل تۈرلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ سايىسى شۇنچىلىك قېلىن ئىدىكى، ئۇنىڭ تېگىدە هېچقانداق گىياھ

كۆكلىمەيتتى. چوڭ - چوڭ گۈل - چېچەك ئاچېـدىغان ماگنولىيە دەرىخى خـۇددى ئەتەي قىرقىـپ ياسـاپ قويغانـدەك تـۇراتتى، يېشـىل يوپۇرمـاقلىق كاتـالپە دەرىخىـمۇ نۇرغـۇن ئـىدى. بـۇ دەرەخزارلىـق ئـالتۇن رەڭلىـك ئالىـپ تـاغلىرى جىلغىلىرىـدىكى تالونزارلارغـا ئوخشـاش ئالاھىـدە كـۆزگە تاشـلىنىپ تـۇراتتى، ئـاق، سـېرىق كانـادا زۇلپـى گـۈللىرى نىگىــرلار «كوئـالى» دەپ ئاتايـدىغان زەڭگـەر قوڭغـۇراق گـۈللەر بىـلەن چىرمىشـىپ كەتـكەن ئىـدى. باراقسان بولۇپ كۆكلىگەن ياپ - يېشىل سۇمبۇل گـۈللەر يەنە بىـر چـوققىنى توساپ تۇرغان يېشىل پەردىگە ئوخشايتتى. تەبىئەتنىـڭ بـۇ ئاجايىـپ گـۈزەل بوسـتانىدىن شـۇنچىلىك خـۇش بـۇي پـۇراق تارىلىـپ تـۇراتتىكى، بۇنـداق خۇشـپۇراقنى ئـادەم ئاتـام بىرىنچى بولـۇپ جەننەتتىكى بىرىنچى گۈلـدىن پۇرىغان بولغىيدى، بەلكىم!

شۇنداق قىلىـپ، بىـز شـاقىراتمىنىڭ ئەتراپىـدىكى چىغىـر يـول بىـلەن ماڭدۇق. بۇ يول تىك يانباغىر بويلاپ سوزۇلاتتى ۋە گۈمبەزدەك چوڭ ئۆڭكـۈر ئىچىــگە كىرىــپ كېتەتتــى. ئۆڭكۈرنىــڭ ئىچىــدىن شــارقىراپ ســۇ ئېقىــپ چىقىۋاتــاتتى ۋە قانــداقتۇ ھــۆركىرىگەن، گۈلــدۈرلىگەن ئــاۋازلار ئاڭلىنىــپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم.

نىگىــرلار سـول تەرەپتىكـى ئەگـرى - توقـاي چىغىـر يولغـا بۇرۇلـدى، كۆرۈنۈشچە، بۇ يول بىر چاغلاردا سۇ ئاققان ئېرىقنىڭ ئورنى ئىدى.

بىـردىنلا ئۆڭكـۈر ئالـدىغا كېلىـپ قالـدۇق. ئۆڭكۈرنىـڭ ئـاغزى ئارچـا، ئازغـان ۋە قارىقـات ئۆسـۈملۈكلىرى بىــلەن قاپلىنىــپ تـۇراتتى، ئـۇ يەردىــن گـۈركىرىگەن ئـاۋاز ئاڭلىنىـپ تـۇراتتى. نىگىـرلار مىنـى ئۆڭكـۈرگە ئېتتىرىـپ كىرگۈزدى. مەن تېخى بىر قەدەم ئالماستىنلا، باخشى ئالدىمغا كېلىپ، غەلىتە ئاۋاز بىلەن دېدى:

- ھازىر مەن ساڭا يەنە بىر نەرسىدىن بىشارەت بېرىمەن: بۇ ئۆڭكۈردىن پەقەت ئىككىمىزنىڭ بىرىلا چىقىپ كېتەلەيمىز!

مەن ئۇنىڭغا جاۋاپ بېرىشنى لايىق كۆرمىدىم. بىز قاپ - قاراڭغۇ جايغا يېتىـپ بارغانـدا، ئۆڭكۈرنىـڭ ئىچىـدىكى ئـاۋاز تېخىمـۇ كۈچلـۈك ئاڭلىنىشقا باشـلىدى، ھەتتـا بىـز قەدەم تاۋۇشـىمىزنىمۇ ئاڭلىيالمىـدۇق. مەن بـۇ بىـرەر شـاقىراتمىنىڭ شـاۋقۇنى بولسـا كېـرەك، دەپ ئويلىـۋىـدىم. راسـتىنلا شـۇنداق ئىكەن! قاراڭغۇلۇقتا ئون مىنۇت ماڭغاندىن كېيىن، تاغنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا

تەبىئەت قولى بىلەن ياساپ قويۇلغان يېرىم دائىرە شەكلىدە بىر مەيدانغا چىقتۇق، يۇقۇرىدىن ئېتىلىپ شاقىراپ چۈشۈۋاتقان تاغ سۈيى مەيدانىنىڭ چوڭ يېرىمىنى بېسىپ ئۆتەتتى. مەيدانىنىڭ يۇقىرى تەرىپى خۇددى گۈمبەزگە ئوخشاش دۈگىلەك بوشلۇق بولۇپ، بەئەينى يەر ئاستى سارىيىنى ئەسلىتەتتى. گۈمبەز ئەتراپى پۇركەلگەن سۇدىن ياپ-يېشىل دۇخاۋىغا ئايلىنىپ كەتكەن، گۈمبەزنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى دەز كەتكەن چوڭ يوچۇقلاردىن خىرە يورۇقلۇق چۈشۈپ تۇراتتى. كۆن نۇرى يوچۇقلار ئەتراپىدا ئۆسكەن يېشىل ئوت - چۆپلەرنى ئالتۇن رەڭگە كىرگۈزۈپ تۇراتتى. مەيداندا ئايلىنىپ ئاققان سۇ ئۇنىڭ شىمال قىرغىقىدىن چوڭ شارقىراتما بولۇپ، يەر قەرىگە شىددەتلىك ئېقىپ چۈشەتتى. شاقىراتمىنىڭ تېگى يۇقۇرىدىن چۈشكەن يورۇقلۇقتا غۇۋا كۆرۈنسىمۇ، ھاڭنىڭ تۈۋىنى يورۇتالمايتتى، شاقىراتما چۈشۈۋاتقان يار لېۋىدە چوڭ بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرىغان شاخلىرى سۇ ئۈستىگە ئېگىلىپ تۇراتتى. چوڭ-چوڭ يىلتىزلىرى يار لېۋىدە، يانباغىردا بۆرتۈپ چىقىپ تۇراتتى، دەرەخ يوپۇرماقسىز، قىپ-يالىڭاچ ئىدى، ئۇنىڭ يىلتىزلىرىغا جان بېرىپ، كۆكەرتىپ تۇرغان سۇ ئۆزىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى بىلەن ئۇنىڭ نازۇك شاخ پۇتاقلىرىنى تامامەن سىيرىپ-يالىڭاچلاپ قويغان. بۇ يەر تەبىئەتنىڭ ئاجايىپ بىر مۆجىزىسى ئىدى.

## 32

مۇشۇ قاراڭغۇ جايغا كېلىپ، نېگىرلار توختىدى. مەن ئەجەل سائىتىمنىڭ يېقىنلاپ كەلگەنلىكىنى چۈشەندىم، شۇنى ئېيتىشىم مۇمكىنكى، چوڭقۇر يار لېۋىدە تۇرغان بۇ پەيتتە، بۇنىڭدىن بىر نەچچە سائەت ئاۋۋال مەن ۋاز كەچكەن ئاشۇ بەخت ئىختىيارسىز ھالدا كۆز ئالدىمغا كەلدى، ئاچچىق پۇشايمان ۋە ئەلەمدىن يۈرەكلىرىم ئېچىشىپ كەتتى. شەپقەت سوراپ يېلىنىش يارىماسلىق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئىختىيارسىز ھالدا ئېغىزىمدىن ئۆتۈنۈش چىقتى:

- دوستلار، - مۇراجىئەت قىلدىم مەن ئەتراپىمنى ئوراپ تۇرغان نېگىرلارغا قاراپ، - يېگىرمە ياشقا كىرىپ، ئۇن گۈلۈڭنىڭ بىرى ئېچىلمىغان، راسا يېتىلگەن ۋاقتىڭدا ۋە يار ۋىسالىغا يېتىپ، ئىشق-مۇھەببەتتىن مەس بولغان

پەيتتە، بولۇپمۇ سېنى ئارزىقىپ ياش تۆكىدىغان كۆزلەر ساڭا تەلمۈرۈپ تۇرغان پەيتتە ئۆلۈش نەقەدەر ئېچىنىشلىق-ھە!

مېنىڭ سۆزۈمگە جاۋابەن ياۋايىلارچە قاقاقلىغان كۈلكە كۆتۈرۈلدى. بۇ، پاكار باخشىنىڭ كۈلكىسى ئىدى. بۇ ياۋۇز سىرلىق مەخلۇق كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئالدىمغا كەلدى.

-ئاھا، جېنىڭغا ئىچىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ - دېدى ئۇ شۇكرى،-مەن سېنى ئۆلۈمدىن قورقماسمىكىن، دەپ ئەندىشە قىلغان ئىدىم!

مېنى خىيالغا چۈشۈرۈپ قويغان ھېلىقى ئاۋاز، ئاشۇ كۈلكە يەنە بىر قېتىم ئاڭلىنىۋاتاتتى.

-سەن ئۆزەڭ كىم، دوزاق بەندىسى؟-دېدىم مەن ۋارقىراپ.

-مېنىڭ كىملىكىمنى ھازىر بىلىسەن،-دەپ ئۇ قورقۇنچلۇق ھالدا ۋە، - مانا قارا،-دەپ كۈن نۇرى چۈشۈپ تۇرغان يورۇق تەرەپكە ئۆتتى.

مەن ئۇنىڭغا ئېتىلماقچى بولدۇم، ئۇنىڭ ئوچۇق تۇرغان يۈگلۈق مەيدىسىدە ئىككى خىل بەلگە بىلەن يېزىلغان ئىككى خىل ئىسىمگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ ئىسىملارنىڭ بىرى «ئېففىنگىم» يەنە بىرى «دې ئوۋېرنە» ئىدى! بۇ ئىسىملارنىڭ بىرى قىزىتىلغان تۆمۈر بىلەن بېسىلغان تامغا، يەنە بىرى يىڭنە بىلەن يېزىلغان خەت ئىدى. مەن ھەيران بولۇپ داڭ قېتىپ قالدىم.

-خوش، نېمە بولدۇڭ، لېوپولددې ئوۋېرنە؟ مەيدەمگە يېزىلغان ئىسمىڭ مەن توغرۇلۇق ساڭا ھېچ نەرسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمىدىمۇ؟

-ياق!-دېدىم مەن ئۇنىڭ قانداقلارچە مېنىڭ ئىسمىمنى بىلىدىغانلىقىغا ھەيران بولۇپ،-«ئېففىنگىم» ۋە «دې ئوۋېرنە» دىگەن بۇ ئىسىملار پەقەت تاغامنىڭ چاكىرى بولغان خەبىبرانىڭ كۆكسىدىلا بار ئىدى. ئۇ رەھمەتلىك چاكار ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن. بىزگە بەك سادىق ئىدى... سەن ھەرگىز خەبىبرا ئەمەس، بۇنداق بۇلۇشى زادىلا مۇمكىن ئەمەس!

-خۇددى شۇنىڭ ئۆزىمەن! - دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، قانغا بويالغان قالپىقىنى ئېلىپ، يۈزىدىكى نىقاپنى ئاچتى. تاغامنىڭ ئاشۇ بەت - بەشىرە چاكىرى مېنىڭ ئالدىمدا تۇراتتى! ئۇنىڭدا مەن ئادەتتە كۆرۈپ يۈرگەن قىزىقچىلىق، خۇشخۇي قىياپەتتىن ئەسەرمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ماڭا بەكمۇ سۈرلۈك ۋە دەھشەتلىك قاراپ تۇراتتى، تەئەججۇپ ئىچىدە تىترەپ كەتتىم.

ـ ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىم، ئەجىبا، ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تىرىلگەن بولسا! بۇ راستىنلا تاغامنىڭ قىزنىقچى چاكىرى ئاشۇ خەبىبراغۇ!
ـ ھەئە، تاغاڭنىڭ چاكىرى ھەم ئۇنىڭ قاتىلى! ـ دېدى ئۇ خىقىراپ ۋە خەنجىرىنىڭ سېپىنى تۇتۇپ. مەن دەھشەت ئىچىدە كەينىمگە داجىدىم.
ـ تاغامنىڭ قاتىلى سەنمىدىڭ، مۇتىھەم؟ دېمەك، تاغامنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىغا ئەنە شۇنداق جاۋاپ قايتۇرۇپسەن ـ دە!
ـ ئۇنىڭ ياخشىلىقلىرىمىش، تېخى! ـ سۆزۈمنى بۆلدى ئۇ، ـ ئۇنىڭ ھاقارەتلىرى ئۈچۈن، دېگىنىڭ تۈزۈك!
ـ تاغامنى ئۆلتۈرگەن ئەبلەخ سەن ئىكەنسەن ـ دە، ئەمدى بىلدىم!
ـ ھەئە، مەن!ـ دېدى ئۇ رەڭگىنى بۇزۇپ، ـ مەن تاغاڭنىڭ دەل يۈرىكىگە خەنجەر سالدىم. تاغاڭنىڭ دەل يۈرىكىگە خەنجەر سالدىم. خەنجىرىم شۇنچىلىك جايىغا ئۇرۇلغانكى، ھەتتا تاغاڭ ئويغىنىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتتى، پەقەت ئاستالا «خەبىبرا، قېنى سەن...» دېيىشكىلا ئۈلگۈرەلمىدى. مەن ئۇنىڭ قېشىدا ئىدىم!
خەبىبرانىڭ بۇ غەلىتە ھېكايىسى، ئۇنىڭ سۈرلۈك قىياپىتى مېنى ھەيران قالدۇردى.
ـ قاتىل، مۇناپىق، ۋەھشىي! تاغامنىڭ ساڭا قىلغان شۇنچىۋالا ياخشىلىقنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟ سەن تاغامنىڭ داستىخىنىدىن تاماق يەپ، ئۇنىڭ يۇمشاق تۆشەكلىرىدە ئۇخلىمىغانمىدىڭ؟!
ـ ھەئە، تاغاڭ مېنى خۇددى ئىتنى باققاندەك باققان ئىدى. نىمىسىنى ئېيتىسەن، غەزەپ ئەنە شۇنداق بولىدۇ! ئۇنىڭ قىلغان ھەممە «ياخشىلىقلىرى» مېنىڭ تولۇق ئېسىمدە بار: ئۇنىڭ ھەر بىر «غەمخورلۇقى» مەن ئۈچۈن بىر ھاقارەت بولغان ئىدى. مەن تاغاڭدىن ئەنە شۇ قىلمىشلىرى ئۈچۈن ئۆچ ئالدىم. مانا ئەمدى، سەندىنمۇ ئۆچ ئالىمەن! قېنى، ئېيتقىنچۇ، سېنىڭچە، مەن مۇلات بولغانلىقىم ئۈچۈن، قىزنىقچى چاكار بولغانلىقىم ۋە پەتەك بولغانلىقىم ئۈچۈن ئادەم ھېسابلانمايمەنمۇ؟ ياق، مەندە قەلب بار، بەلكى سېنىڭ چۈشكۈن، نىمجان قەلبىڭدىنمۇ قۇدرەتلىك قەلب بار! مېنى خۇددى مايمۇنغا ئوخشاش تاغاڭغا سوۋغا قىلىشقان ئىدى، مەن تاغاڭنىڭ ئويۇنچۇقى بولدۇم. ئۇ مېنى مازاقلاپ كۆڭلىنى ئاچاتتى، سەن تاغاڭنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە يېقىن تۇتىدىغانلىقىنى ئېيتىۋاتىسەن،

مېنىڭ تاغاڭ ئالدىدىكى ئورنۇم گويا مايمۇننىڭ ياكى توغاينىڭ ئورنىغا ئوخشايتتى. لېكىن مەن باشقىچە يول تۇتتۇم ۋە ئۆز مەقسىتىمگە خەنجەر ئارقىلىق يەتتىم!

مەن ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن تىترەپ كەتتىم.

ـ بىلىپ قوي، ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى مەسخىرىۋاز، ـ تاغاڭنى مانا مەن ئۆلتۈردۈم، قېنى، ماڭا ئوبدانراق قاراپ باققىنا، لېوپولددىي ئوۋېرنە، سەن مېنى ئاز ھاقارەتلىدىڭمۇ؟ خوش، ئەمدى نىمە دەيسەن؟ سەن تاغاڭنىڭ مېنى ھاقارەتلەپ، خورلاپ، ئۆزىگە قىزىقچى چاكار قىلىۋالغانلىقىنى ئېسىمگە چۈشۈرۈشكە جۈرئەت قىلدىڭ. تاغاڭ بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك ئۆچمەنلىك بارلىقىنى ئەمدى بىلىسەن! ئۇلۇغ تەڭرىمگە ئايانكى، مەن سىلەرنىڭ مېھمانخاناڭلارغا كىرىپ كەلسەم، ھەممىسى مازاقلاپ كۈلۈشەتتى: مېنىڭ پاكار بويۇم، كېلەڭسىز بەستىم، كۆرۈمسىز رەڭگى ـ رويۇم، كۈلكىلىك قىياپىتىم، كىشىلەرنى ئېچىندۇرىدىغان تەبىئىي ئاجىز تەن قۇرۇلۇشۇمغا قاراپ، تاغاڭ ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى مەندىن يىرگىنەتتى، شاڭخو قىلىپ، كەمسىتىپ كۈلۈشەتتى. مەنچۇ؟ بىردەم جىم تۇرۇشقىمۇ ھەقلىق ئەمەس ئىدىم، مەنمۇ ئۇلارغا ئەگىشىپ ئۆز ـ ئۆزۈمدىن كۈلۈشكە مەجبۇر بولاتتىم. بۇ قىلىقلار مېنىڭ غەزىپىمنى كەلتۈرمەيتتىمۇ؟ سەن، ئادەم بالىسى مۇشۇنداق كەمسىتىشكىمۇ تاقەت قىلىش كېرەك، دەپ ھېسابلامسەن؟ سەن باشقا قۇللارنىڭ كۆن بويى قاقاس ئاپتاپتا، بوينى باغلانغان ھالدا، نازارەتچىلەرنىڭ ئىزا ـ ئاھانەتلىرى ئاستىدا ئېغىر ئەمگەك قىلىشى، ئازابلىنىشى ئۇلارنىڭ قەھرى ـ غەزىپىنى قوزغىماسلىقى كېرەك، دەپ ئويلامسەن؟ بۇنى ئاز دەپ يەنە كىشىنىڭ يۈرىكىدە مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدىغان ئۆچمەنلىك قوزغاش ئۈچۈن، شەپقەتسىز ھالدا، مېنىڭ مەيدەمدىكىگە ئوخشاش شەرمەندە تامغىلارنى بېسىپ قويۇش كېرەك، دەپ ئويلامسەن؟ ئۇھ! مەن ئىنتىقام ئېلىشنى قانچىلىك كۈتكەن ـ ھە؟ ئۆچ ئېلىش پۇرستى نىمە دىگەن تېز يېتىپ كەلگەن!

مەن نىمە ئۈچۈن زالىم خوجايىننى ئازاپ ـ ئوقۇبەتنىڭ قاندىق بولىدىغانلىقىنى تېتىپ كۆرۈشكە مەجبۇر قىلالمىدىمكىن! ھاقارەتلىنىشنىڭ چوڭقۇر ئەلىمىنى، نومۇس ۋە شەرمەندىلىك كۆز ياشلىرىنىڭ نەقەدەر ئاچچىق ئىكەنلىكىنى ئۆلۈش ئالدىدا ئۇنىڭغا كۆرسۈتۈپ قويالمىدىمكىن! بۇ كۆز

ياشـلاردىن دائىـم مەسـخىرە قىلىنىشـقا مەھكـۇم قىلىنغـان مېنىـڭ يـۈزۈم كۆيمىگەنمـدى؟! ئـۇھ، ئىنتىقـام ئـېلىش پۇرسـتىنىڭ كېلىشـىنى تاقەتسـىز كۈتۈشكە توغرا كەلدى ۋە ئاخىرى خەنجەرنى بىر شـىلتىش بىلەنـلا پىغانـدىن چىقتىم! ھەتتـا خەنـجەر ئۈرغۈچىنىـڭ كىملىكىنىمـۇ بىلەلمـدى! مەن ئۇنىـڭ ئۆلۈم ئالدىدا خىقىرىغان بوغۇق ئاۋازىنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ، ئۇنىڭ يـۈرىكىگە ناھـايىتى چاققـانلىق بىـلەن خەنـجەر سـالدىمكى، ئـۇ مېنـى تونۇۋېلىشـقا ئۈلگۈرەلمەيلا جان ئۈزدى. غەزىپىم تاشقانلىقتىن، ئۆچ ئېلىش لەززىتىنـى مانـا بۈگۈن ئېتىماقچىمەن! مېنى ئۇبدان كۆرۈپ تۇرىسەنغۇ، ئېھتىمال، سەن مېنـى ئۇبدان بىلەلمىگەن بولۇشۇڭ مۇمكىن، چۈنكى سەن مېنى باشـقىچە شـارائىتتا ئۇچراتقان ئىدىڭ. سەن مېنى دائىم خۇش-چاخچاق، كۈلكىلىـك كىشـى دەپ بىلەتتىـڭ، لـېكىن ھـازىر مەن ئـۆز قەلبىمنـى يوشـۇرۇپ ئولتۇرمـايمەن. مەن ئەمدى ئاۋۋالقى خەببىرا ئەمەس! سەن مېنىڭ پەقەت ئۈستۈمدىكى نىقابىمنىلا كۆرگەن ئىدىڭ، ئەمدى قاراپ باققىنا، مېنىڭ چىرايىم قانداق ئىكەن؟ ئۇ ناھايىتى دەھشەتلىك ئىدى!

-خاتالىشىۋاتىسەن، ئەخمەق، سەن، بەربىر، چاكارلىغىڭچە قالىسـەن!

- دىـدىم مەن ۋارقىـراپ، -سېنىڭ يـاۋۇز كۆڭلـۈڭ، خۇنـۇك رەڭگىـڭ پەقەت چاكارلىق، مەسخىرىۋازلىق ئۈچۈنلا يارىتىلغان!

-ياۋۇز دەپ سېنى ئېيتىدۇ!-دىـدى خەببىـرا زەردە بىـلەن،-تاغاڭنىـڭ ياۋۇزلۇقىنى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

-نومۇسسىز، ساختىپەز!-دىدىم تاقەتسىزلىنىپ،-تاغام زالىملىق قىلغان بولسا، ئۇنىڭغا سەن سەۋەپچى بولغان! سەن بەختسىز ئىگىرلارنىڭ تەقـدىرى ئۈستىدە شۇنچىلىك قايغۇرىدىكەنسەنئۇ، نىمە ئۈچۈن تاغامنىـڭ سـاڭا بولغـان ئىشەنچىسىدىن پايـدىلىنىپ، ئـۆز قېرىنداشـلىرىڭغا يامـانلىق قىلـدىڭ؟ نىمە ئۈچـۈن سـەن بىچـارە ئىگىـرلار ئۈسـتىدىكى زۇلـۇمنى يەڭگىللىتىشـكە بىـرەر قېتىممۇ ئۇرۇنۇپ كۆرمىدىڭ؟

-ياق، بۇنداق قىلىشنى مەن خالىمىدىم، ئاق تەنلىكلەرنىڭ ۋەھشىيانە ھەرىكەتلىرىنـى توسـاپ نـىمە قىلاتـتىم؟ يـاق زىدىـلا بۇنـداق قىلمـايتتىم، ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ ئۆز قـۇللىرى ئۈسـتىدىن ئېخىمـۇ قـاتتىق زۇلـۇم قىلىشـنى ياقلىدىم. چۈنكى شۇنداق قىلغاندا، ئېزىزەك قـوزغىلاڭ كـۆتىرىلگەن بـولاتتى. زۇلۇم قانچىكى ئېغىر بولسا، ئۆچمەنلىـك شـۇنچە كۈچلـۈك بولـدۇ! مەن ئـۆز

قېرىنداشلىرىمغا يامانلىق قىلغانىدەك كۆرۈنگىنىم بىلەن، ئەسلىدە ئۇلارنىڭ ئىسيانى ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم!

ئۇنىڭ بۇ چوڭقۇر مەنىلىك مەككار پىكرى يۈرىكىمنى تىترىتىۋەتتى.

ـ خوش، ئەمدى نېمە دەيسەن؟ ـ دېدى بۇ پەتەك سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ـ مەن ئوبدان، ئۇستاتلىق بىلەن ئىش قىلىپتىمەنمۇ، توغرىمۇ؟ خەبىرانىڭ قانچىلىك قۇۋ ئىكەنلىكىنى بىلىپ قوي! تاغاڭنىڭ چاكىرىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ قوي!

ـ بولدى، بولدى! ئۇستاتلىقىڭ ھەققىدە تولا ۋالاقلاۋەرمە! مېنى ئۆلتۈرىدىغان بولساڭ تېزرەك ئۆلتۈر! ـ دېدىم مەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

خەبىرا ئالقىنىنى ئىشقاپ ئالدى ـ كەينىگە مېڭىشقا باشلىدى.

ـ ئەگەر سېنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىمىسامچۇ؟ ئەگەر سېنى راسا قانغىچە قىينىسامچۇ؟ بىلەمسەن، ئاخىرقى ھۇجۇمدا قولغا چۈشكەن غەنىمەتلەرنىڭ بىر بۆلىكى ماڭا تېگىشلىك ئىدى، لېكىن سېنىڭ ئەسىر ئېلىنغانلىقىڭنى بىلىپ، شۇ ھامان بۇ غەنىمەتلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا بىئاسۇدىن پەقەت سېنىڭ جېنىڭنىلا سورىدىم، ئۇمۇ دەرھال ماقۇل بولدى. ئەمدى سەن مېنىڭ ئىلكىمدە! مەن سېنى ئازاپلاش ئارقىلىق كۆڭلۈمنى كۆتىرىپ پىغانىمدىن چىقماقچىمەن! خاتىرجەم بولغىنكى، بىر ئازدىن كېيىن مانا بۇ شاقىراتما بىلەن چوڭقۇر ھاڭغا دۇمۇلايسەن! لېكىن ھازىرچە مەن ساڭا يەنە بەزىبىر سۆزلەرنى دەۋېلىشىم كېرەك: سېنىڭ ئايالىڭ يوشۇرۇپ قويۇلغان جاينى بىلىۋالدىم ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئورمانلىققا ئوت قويۇش ھەققىدە بىئاسۇغا مەسلىھەت بەردىم، بەلكى ئورمانلىقلار ھازىر كۆيۈۋاتقاندۇ! مانا ئەمدى سېنىڭ پۈتۈن ئائىلەڭ گۇمران بولىدۇ: تاغاڭ خەنجەردە ھالاك بولدى، سەن سۇدا ئۆلىسەن، ئايالىڭ مارى ئوتتا ئۆلىدۇ!

ـ مۇناپىق، ـ دەپ ۋارقىراپ ئۆزەمنى يوقاتقان ھالدا ئۇنىڭغا ئېتىلماقچى بولدۇم.

ـ قېنى، يىگىتلەر، ئۇنى باغلاڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق بەردى خەبىرا نېگىرلارغا، ـ ئۇ ئۆلۈشكە تاقەت قىلالمايدىغان ئوخشايدۇ.

نېگىرلار ئۈندىمەستىن ئارغامچا بىلەن مېنى باغلاشقا كىرىشتى. خۇددى شۇ پەيتتە يېقىن ئەتراپتىن ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن باشتا، سۇنىڭ شاقىرىشى بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم، نېگىرلار مېنى باغلاپ،

چوڭقۇر ھاڭنىڭ گىرۋىكىگە سۆرەشكە باشلىدى. خەببىرا بولسا، قولنى كۆكسىگە گىرەلەشتۈرگىنىچە، تەنتەنىلىك ھالدا بىزگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ راسا خۇشال ئىدى.

مەن ئۇنىڭ خۇنۇك ئەپتى ـ بەشرىسىدىن كۆزۈمنى ئېلىپ، ئاخىرقى قېتىم ئاسماننى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن غار ئۈستىدىكى يوچۇقلارغا قارىدىم. ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى يەنىلا ئاڭلاندى، بۇ ئاۋاز ئەمدى ئېنىق ۋە ئۇنلۇك ئاڭلىناتتى. يوچۇقتىن راسكىنىڭ يوغان بېشى كۆرۈندى، مەن ھاياجانلاندىم. «تېز بولۇڭلار!» دەپ ۋارقىرىدى خەببىرا. ئىگىرلىر ئىتنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالماستىن، مېنى چوڭقۇر ھاڭغا تاشلاش ئۈچۈن يېپىشىپ كېلىشتى....

## 33

ـ بۇرادەرلەر! ـ دېگەن جاراڭلىق ئاۋاز ياڭرىدى. ئىگىرلار كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى، غارنىڭ يۇقۇرىسىدىكى چوڭ يوچۇقنىڭ گىرۋىكىدە بىيۇگ ـ ژارگال كۆرۈندى! ئۇنىڭ بېشىدا قىزىل پەي ئۇقا ۋاللىداپ تۇراتتى.

ـ بۇرادەرلەر، ـ دېدى تەكرارلاپ، ـ توختاڭلار!

ئىگىرلار ئۇنىڭغا قاراپ سەجدە قىلىشتى.

ـ مەن بىيۇگ ـ ژارگال!

ئىگىرلار دەرھال پېشانىلىرىنى يەرگە ئۇرۇپ، چۈشىنىكسىز تىلدا بىر نىملەرنى دەپ ۋارقىرىشىپ كەتتى.

ـ تۇتقۇننى بوشىتىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق بەردى داھىي.

كۈتۈلمىگەندە، بىيۇگ ـ ژارگالنىڭ پەيدا بولۇشى خەببىرانى ھودۇقتۇرۇپ قويدى، ئۇ ئاستا ـ ئاستا ھوشىنى تېپىپ، ئىگىرلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى. ئىگىرلار مېنىڭ پۇت ـ قولۇمنى ئاللىقاچان بوشىتىپ بولۇشقان ئىدى.

خەببىرا ئىگىرلارنى قوپاللىق بىلەن توختاتتى:

ـ بۇ نىمە قىلغىنىڭلار؟ ئۇنى بوشىتىشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوق!ـ دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، ئاندىن بىيۇگ ـ ژارگالغا تىكىلىپ قاراپ، ـ بۇ يەردە نىمە قىلىسىز، «قىزىل تاغ» داھىيىسى؟ ـ دېدى.

ـ مەن ئــۆز قېرىنداشــلىرىمغا بــۇيرۇق بېرەــۋاتىمەن، مەن ئۇلارنىــڭ داھىيىسى، ـ دەپ جاۋاپ بەردى بيۇگ ـ ژارگال.

ـ تــوغرا، شــۇنداق، بۇلارنىــڭ ھەممىســى «قىزىلتــاغ» قوشــۇنىنىڭ جەڭچىلىرى، ـ دېدى چاكار غەزەپتىن ئۆزىنى ئاران تۇتــۇپ، ـ لېكىن سىزنىڭ بۇ تۇتقۇنغا ئارىلىشىدىغان نىمە ھەققىڭىز بار؟

ـ مەن بيۇگ ـ ژارگــال! ـ دېگەن تەكــرار ئــاۋاز ئاڭلانــدى جــاۋاپ ئورنىغا. نىگىرلار يەنە پېشانىسىنى يەرگە ئۇرۇپ سەجدە قىلىشقا باشلىدى.

ـ بيۇگ ـ ژارگال بىئاسۇنىڭ بۇيرۇقىنى رەت قىلالمايدۇ! ـ دېدى خەببىرا، ـ بۇ ئاق تەنلىكنى بىئاسۇ ماڭا بېرىۋەتكەن، مەن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچىمەن، ئــۇ بەربىر، ئۆلىدۇ! نىمىگە قاراپ تۇرىسىلەر، بويرۇقۇمنى ئورۇنلاپ، ئۇنى ھاڭغا تاشلاڭلار!

خەببىرانىــڭ ھۆكــۈمرانلارچە بەرگەن بــۇيرۇقى نىگىرلارنىــى ئورنىــدىن تۇرۇشقا مەجبۇر قىلدى. ئۇلار مېنىڭ ئالىمغا كەلدى. مەن، ئەمدى تۈگەشتىم، دەپ ئويلىدىم.

ـ تۇتقۇنىنى بوشىتىڭلار! ـ دەپ ۋارقىرىدى بيۇگ ـ ژارگال.

شــۇ ھامــانلا مەن يەنە بوشــىتىلدىم. مېنىــڭ ئەجەپلىنىشــىم ســېھرىگەر باخشىنىڭ غەزەپلىنىشىگە سېلىشتۇرما بولــدى، ئــۇ ماڭــا يېپيېشــماقچى بولغــان ئــدى، نىگىــرلار ئــۇنى تۇتۇۋالــدى. باخشــى بولســا ئاچچىقلىنىــپ تىللاشــقا باشلىدى.

ـ ئەبلەخلەر، ئالۋاستىلار، غەزىپىمنى قوزغاپ، دىلىمنــى ئازاپلاشــما! بــۇ نىمە قىلىشقىنىڭ؟ مۇتىھەملەر، سەنلەر مېنىڭ بويرۇقۇمنى رەت قىلىشماقچىمۇ؟ مېنىــڭ ســۆزۈمنى ئاڭلاشمامســەن؟ بــۇ ئەبــلەخ بىــلەن سۆزلىشــىمەن، دەپ نىمىشقىمۇ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغاندىمەن، ئىست! بۇنى دەرھال ھاڭغا تاشلاپ بېلىقلارغا يەم قىلغان بولسامچۇ؟ مەن پىغانىم قانغىچە ئــۆچ ئالمــاقچى ئــدىم. بىــراق ئەمــدى! قولۇمــدىن كېتىــدىغان بولــدى! مېنــى شــەيتان ئــازدۇردى، شــەيتانغا لەنەت! ئەگەر ســەنلەر مېنىــڭ ســۆزۈمنى ئــاڭلاپ، بــۇ ئــپلاس ئــاق تەنلىكنــى شــاقىراتمىغا تاشلاشــمايدىغان بولۇشســاڭ، ھەممىڭنــى قاغــايمەن، چاچلىرىڭ ئاقىرىپ، ھەممىڭنــى پاشــا ـ كۇمۇتىلەر تىرىــك تۇرغــۇزۇپ يەيــدۇ، قول ـ پۇتلىرىڭ قومۇشتەك قۇرۇپ پالەچ بولىدۇ، ھەر بىر تىنىنغىڭ بىر پــارچە ئوتقا ئايلىنىــپ بەدەنلىرىڭنــى كۆيدۈرىــدۇ، ھەممىــڭ ئۆلىســەن، ئۆلگەنــدىن

كېيىن روھلىرىڭ تاغ بىلەن ئاي ئوتتۇرىسىدىكى سوغاق ئالەمدە مەڭگۈ ئازاپ چېكىدۇ!

بۇ مەنزىرىنى كۆرۈپ، مەندە غەلىتە بىر خىل تۇيغۇلار پەيدا بولدى. قاراڭغۇ، زەي ئۆڭكۈر ئىچىدە، قاپ-قارا نېگىرلار ئارىسىدا مېنىڭ يەككە-يالغۇز تۇرۇشۇم، ئاستىمدىكى كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر ھاڭ، يىرگىنىشلىك پەتەك بەتبەشىرە سېھىرگەر خەببىرانىڭ ئۇزۇن قالپىقى، ئالا-چىپار كىيىمى، ھۆرپىيىپ، مېنى ئۆلتۈرىمەن، دەپ دىۋەيلەپ تۇرۇشى ۋە مېنىڭ نىجاتچىم-باتۇر بيۇگ-ژارگالنىڭ ئۈستىمىزدىكى يار يوچۇقى يېنىدا، يوپ-يورۇق ئاسمان تېگىدە مېنى قوغداپ تۇرۇشى-بۇ مەنزىرىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا خۇددى دوزاق بوسۇغۇسىدا تۇرۇپ كۆتۈلگەن ھالاكەتتىن مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن قاتتىق جەڭ بولۇۋاتقاندەك تۇيۇلدى. بۇ يەردە نىجاتلىق پەرىشتىسى بىلەن ئەجەل ئىلاھىسى ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەش بولۇۋاتاتتى. نېگىرلار سېھىرگەر خەببىرانىڭ قاغىشىدىن قورقۇپ تىترەشكە باشلىدى، ئۇلار نىمە قىلىشنى بىلمەي تېڭىرقاپ قېلىشتى، ئۇلارنىڭ بۇ ئەھۋالىدىن پايدىلانغان باخشى يەنە ۋالاقلاپ سۆزلەشكە كىرىشتى:

-مەن ئاق تەنلىكنىڭ ئۆلۈشىنى خالايمەن، مېنىڭ دىگىنىم بويىچە ھەرىكەت قىلىڭلار! بۇ ئاق تەنلىكنى ئۆلتۈرۈڭلار!

-ئۇنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئۇ ياشىشى كېرەك!-دەپ ۋارقىرىدى كەسكىن ھالدا بيۇگ-ژارگال، -مەن-بيۇگ-ژارگال، مېنىڭ دادام كاكونگونىڭ سۇلتانى، ئۇ ئۆز قارىمىقىدا ئادالەت ئورناتقان.

نېگىرلار يەنە چوقۇنۇشقا باشلىدى.

بيۇگ - ژارگال سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

-قېرىنداشلار، تېزدىن بىئاسۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ شۇنى ئېيتىڭلاركى، بۇ تۇتقۇننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئاق تەنلىكلەرگە خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، تاغ چوققىسىغا قارا بايراق قادىمىسۇن! بۇ تۇتقۇن بيۇگ-ژارگالنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان. بيۇگ-ژارگالمۇ ئۇنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇۋېلىشى كېرەك!

نېگىرلار ئورنىدىن قوپۇشتى. بيۇگ-ژارگال ئۇلارغا قىزىل پەي تاشلىدى، ئەترەت باشلىقى ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ تازىم قىلدى-دە، ئاندىن قىزىل پەينى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى. ھەممە نېگىرلار ئۈندىمەستىن ئۇنىڭغا

ئەگىشىپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنلا بۇ قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئىچىدىن باخشى غايىپ بولدى.

جاناپلار، ئۆزەمنىڭ قانداق ئەھۋالدا قالغانلىقىمنى سىلەرگە تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزمەن. كۆزۈم لىققىدە ياشقا تولغان ھالدا پىيىروغا قاراپ ئېتىلدىم. ئۇ ماڭا ئاجايىپ مېھرىبان ۋە مەغرۇر قىياپەتتە قاراپ تۇراتتى.

ــ خۇداغا شۈكرى، ــ دېدى ئۇ ئاخىر، ــ ھەممە ئىش ئامان ــ ئېسەن ھەل بولدى. ئۇكا، سەن كەلگەن يولۇڭ بىلەن بۇ يەردىن چىقىپ كەت، مەن سېنى دالىدا كۈتۈپ تۇرىمەن.

ئۇ ماڭا قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ، كۆزدىن غايىپ بولدى.

## 34

مېنى بۇ بالا ــ قازادىن خالاس قىلغان كىشىنى تېزرەك كۆرۈش ۋە ئۇنىڭ قانداقلارچە بۇ يەرگە ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كېلىپ ماڭا بۇنداق بەختلىك پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، بۇ قورقۇنچلۇق ئۆڭكۈردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدىم. لېكىن يېگى خەۋپ ــ خەتەر مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ: مەن ئۆڭكۈردىن چىقىدىغان يەر ئاستى كارىدورىغا ئەمدىلا قەدەم قويۇشۇم، كىمدۇ بىرى مېنىڭ يولۇمنى توسىدى، بۇ خەبىرا ئىدى.

بۇ بەدنىيەت سېھرىگەرنى مەن نېگىرلار بىلەن بىللە كەتتى، دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن ئۇ خەتەرلىك ھاڭنىڭ يېنىدا يولۇمنى توساپ، مەندىن ئۆچ ئېلىشنىڭ ئەپلىك پەيتىنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن. مانا، ئۇ كۈتكەن ئەپلىك پۇرسەتمۇ كەلدى! خەبىرا بىردىنلا ئالدىمدا پەيدا بولدى ــ دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەن يالغۇز ۋە قورالسىز ئىدىم، ئۇنىڭ قولىدا خەنجەر پارقىراپ تۇراتتى. بۇ خەنجەر ئۇنىڭ كىرىستى قىلىپ ئىشلىتىدىغان ھېلىقى خەنجىرى ئىدى. ئۇنى كۆرۈپلا ئىختىيارسىز توختىدىم.

ــ ھا، ھا، بايۇەچچە! سەن مېنىڭدىن قۇتۇلدۇم دەپ ئويلىغانىغۇ، دەيمەن؟! گالۋاڭ چاكار ساڭا قارىغاندا ئەقىللىقراق بولۇپ چىقتى! مانا قولغا چۈشتۈڭ، ئەمدى سېنىڭ قۇتۇلۇشۇڭ ئۇخلاپ چۈشۈڭ، بۇرادىرىڭ بىيۇگ ــ ژارگالمۇ ئەمدى سېنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ! سەن مانا بۇ شاقىراتمىدا ئېقىپ، توپ ــ توغرا ئۇنىڭ ئالدىغا بارىسەن ۋە دالىدا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشىسەن.

خەببرا شۇ گەپلەرنى قىلدى-دە، خەنجىرنى چىقىرىپ ماڭا ئېتىلدى.

-بەدبەخت! -دەپ ۋارقىرىدىم مەن يار تەرەپكە داجىپ تۇرۇپ، -سەن قاتىل ئىدىڭ، ئەمدى جاللات بولماقچىمۇ؟

-مەن سەندىن ئۆچ ئالىمەن! - دىدى ئۇ چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ.

مەن چوڭقۇر ھاڭنىڭ گىرۋىكىدە تۇراتتىم. خەببىرا ماڭا خەنجەر ئۇرۇش ئۈچۈن قىرغاققا سەكرەپ ئۆتتى، مەن ئۆزەمنى بىر چەتكە قاچۇردۇم، شۇ چاغ ئۇ ئۇششاق تاشلارغا تېيىلىپ يىقىلىپ چۈشتى ۋە شارقىراتما سۇيىدىن سىلىقلىنىپ تېيىلغاق بولۇپ كەتكەن تاش ئۇستىدە ئۆزىنى توختىتالماي ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى! «لەنىتى» دەپ ۋارقىرىدى ئۇ چۈشۈپ كېتىۋېتىپ. ھاڭنىڭ قىرغىقىدا چوڭ بىر تۈپ قاخشال دەرەخنىڭ بارلىقىنى ۋە ئۇنىڭ يوغان يىلتىزلىرى سەل تۋۆەنرەكتە بۆرتۈپ چىقىپ تۇرغانلىقىنى يۇقۇرىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئىدىم. پەتەك باخشى ھاڭغا چۈشۈپ كېتىۋاتقانىدا، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئالا-بۇلىماچ كۆينىكى ھىلىقى يىلتىزغا ئىلىنىپ قالدى-دە، ئۇ جان-جەھلى بىلەن بۇ تاساددىپىي تاياىچقا مەھكەم ئېسىلىۋالدى. قاتىلنىڭ خەنجىرى ۋە قوڭغۇراقلار ئېسىلغان ئۇزۇن قالپىقى قىرغاقتىن قىرغاققا ئۇرۇلۇپ جاراڭلاپ، چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتتى.

كۆز يەتكۈسىز چوڭقۇر ھاڭدا ئېسىلىپ قالغان خەببىرا تېپىرلاپ ئۇستىگە يامىشىپ چىقىۋېلىشقا ئۇرۇناتتى، ئەمما ئۇنىڭ قىسقا قولى قىرغاققا يەتمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ بارلىق كۈچى بىلەن قىرغاققا بۆرتۈپ چىقىپ تۇرغان قىيا تاشلارغا ئېسىلىپ، تۇمشۇقى بىلەن تىرەجەپ يامىشاتتى. ئاخىرقى غۇۋا قاراڭغۇلۇقتا نىمنى تۇتۇۋېلىشنى بىلمەي، قارا تەرگە چۈشۈپ نالە قىلىشقا باشلىدى.

شۇ تاپتا مەن بىرلا تەپسەم، ئۇ ئۆزىنى يەتتە قات جەھەننەمنىڭ تۋۆىدە كۆرگەن بولاتتى، بىراق بۇنداق قىلىشنى مەن ھەتتا ئويلاپمۇ قويمىدىم. چۈنكى، بۇنداق قىلىش نامەرتلىك بولاتتى، مىنىڭ بۇ ئىنسانپلىق خۇي - پەيلىممۇ ئۇنىڭغا بىر ئىبرەت بولۇشى كېرەك ئىدى. كۈتۈلمىگەن بىر تاساددىپىي ئارقىلىق مىنى ئۇنىڭ بىلەن توقۇنۇشتۇرماي، ئامان-ئېسەن قۇتقۇزغانلىقى ئۈچۈن خۇداغا شۈكرى-سانا ئېيتىپ، خەببرانى ئۆز قىسمىتىگە قالدۇرۇپ، بۇ ئۆڭكۈردىن چىقىپ كېتىشكە تەمشىلىپ تۇرغان

ۋاقتىمدا، بىردىنلا ئۈنىڭ زارلىغان، يالۋۇرغان ئاۋازى مېنى توختىتىشقا مەجبۇر قىلدى.

-جانابىي خوجايىن، -دېدى خەببىرا زارلىنىپ، -مۆھتەرەم خوجام! ئۆتۈنۈپ سورايمەن، كەتمەڭ! خۇدا ھەققى، مەندەك بىر ئاسىي بەندىنىڭ تۆۋە قىلماي ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولماڭ! جېنىمنى قۇتقۇزۇڭ! دەرمانىم قۇرىدى، ئېسىلىپ تۇرغان يىلتىزلار ئۈزۈلەي دەپ قالدى، قولۇمدا ماغدىر قالمىدى، شۇ تاپتا چۈشۈپ كېتەي-كېتەي دەپ قالدىم! يىلتىزلار يا قولۇمدىن چىقىپ كېتىدۇ، يا ئۈزۈلىدۇ...ئاھ، مەرھەمەتلىك خوجايىن! ئەنە، ئاستىمدا ھالاكەت گىردابى ماڭا ئاغزىنى ئېچىپ تۇرۇپتۇ، ئۆلۈم ئىسمى ئەزەمنىڭ ھەققى-ھۆرمىتى، ماڭا رەھىم قىلىڭ! مەندەك بىچارە قۇلىڭىزغا رەھىم قىلىڭ! توغرا، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا گۇناھكارمەن، سىز ئاق تەنلىكلەرنىڭ مۇلاتلىرىدىن رەھىمدىل ئىكەنلىكىنى، خوجايىنلارنىڭ قۇللاردىن ئالىيجاناپ ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلاپ كۆرسىتىڭ!

ئۈنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ماڭا تەسىر قىلىشقا باشلىدى. مەن ھاڭنىڭ قىرغىقىغا كەلدىم-دە، يۇقۇرىدىن چۈشۈپ تۇرغان غۇۋا يورۇقلۇقتا ئېسىلىپ، ساڭگىلاپ قالغان خەببىرانىڭ چىرايىغا قارىدىم. بۇ چىرايدا ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن ناتىۋان-مىسكىنلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ماڭا بەكمۇ غەمكىن ۋە مىسكىن قىياپەتتە قارىدى.

-جانابىي لىيوپولددې، -دېدى يالۋۇرۇپ ۋە ئۈنىڭغا ئېچىنىۋاتقانلىقىمغا كۆزى يېتىپ، - ئۆزىگە يېقىن بولغان بىر ئادەمنىڭ مۇشۇنداق خەۋپ خەتەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۈنىڭغا ياردەم قولىنى ئۈزاتماسلىق مۇمكىنمۇ؟ قولىڭىزنى سۇنۇڭ. ھۆرمەتلىك خوجايىن! مېنى قۇتقۇزۇۋېلىش سىز ئۈچۈن ھېچگەپ ئەمەسقۇ، بۇ سىزگە ئاسانلا، مېنىڭ ئەھۋالىم بەك مۇشكۈل، مېنى تارتىۋېلىڭ، ئىلتىجا قىلىمەن. مەن تۆۋە قىلدىم، گۇناھىمدىن كېچىڭ، سىزدىن خوش بولاي!

-بەدبەخت، جىنايەتلىرىڭنى ئېسىمگە سالما! - دېدىم مەن ئۈنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

-قىلمىشلىرىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، خوجايىن، ماڭا قارىغاندا ئالىيجاناپراق بولۇڭ! ئاھ خۇدا، ئۆلۈم پەرۋەردىگار، دەرمانىم قۇرۇۋاتىدۇ، چۈشۈپ كېتەي دەپ قالدىم! ... نېمە دېگەن بەختسىزمەن، قېنى،

قولىڭىزنى بېرىڭا، قولىڭىزنى ئۇزىتىڭا! ئاق سۈت بەرگەن ئانىڭىزنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى!

دەھشەت ۋە چەكسىز ئازاپ ئىچىدە ئېيتىلىۋاتقان بۇ زارلىنىشنىڭ نەقەدەر ئېچىنىشلىق ئىكەنلىكىنى سىلەرگە تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزمەن! مەن ھەممىنى ئۇنتۇدۇم. كۆز ئالدىمدا تۇرغان بۇ ئادەم ماڭا دۈشمەن، خائىن ۋە قاتىل بولۇپ، كۆرۈنمەي، بەلكى بەختسىزلىككە يولۇققان بىر بىچارە بولۇپ كۆرۈندى. ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىش بەكمۇ ئاسان ئىدى. ئۇ ماڭا شۇ قەدەر تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن يالۋۇرۇۋاتاتتى. بۇنداق ئەھۋالدا، ئۇنىڭغا ئاداۋەت تۇتۇش ياكى تاپا-تەنە قىلىش پايدىسىز ۋە كۈلكىلىك بولغان بولاتتى. بىر مىنۇت ۋاقىتنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەسلىك كېرەك ئىدى. مەن قىرغاقتا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، بىر قولۇمدا خەببىرا ئېسىلىۋالغان يىلتىزنى تۇتۇپ ئېڭىشتىم ۋە يەنە بىر قولۇمنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم... ئۇ شۇ ھامانلا ھەر ئىككى قولى بىلەن مېنىڭ قولۇمغا ئېسىلدى. ئەمما، قولۇمغا ئېسىلىپ يۇقۇرىغا كۆتىرىلىش ئورنىغا، ئەكسىچە، پۈتۈن كۈچى بىلەن مېنى تۆۋەنگە تارتىشقا كىرىشتى. ئەگەر ماڭا مۇستەھكەم تايانچ بولۇپ تۇرغان تېرەك بولمىغىنىدا، ئېھتىمال، مەن ئۇنىڭ تارتىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۆۋەن يوق ھاڭغا پۇلاڭلاپ چۈشۈپ كەتكەن بولاتتىم.

- نىمە قىلغىنىڭ بۇ، ۋەھشىي؟ - دىدىم مەن ۋارقىراپ.

- مەن سەندىن ئىنتىقام ئالىمەن! - دىدى ئۇ ماڭا، مانا يەنە قولغا چۈشتۈڭ! سەن ساختىپەز، ئۆز ئايىغىڭ بىلەن قاپقانغا ئىلىندىڭ، ئەمدى سەن مېنىڭ قولۇمدا، بىر مىنۇت ئاۋۋال سەن قۇتۇلۇپ، مەن ھالاك بولغان ئىدىم، ئەمدىچۇ، ئەجەل ئېغىزىغا ئۆز ئايىغىڭ بىلەن كەلدىڭ. مەندىن كەتكىنى پەقەت سېنى تەسىرلەندۈرگەن بىر نەچچە ئېغىز سۆز ۋە كۆز يېشى بولدى، خالاس! مانا ئەمدى ئۆلسەم، ئارمىنىم يوق. مەن سەندىن ئىنتىقام ئېلىش ئۈچۈن ئۆز جېنىمنى قۇربان قىلىمەن! بېلىقلارغا يەم بولۇش سىلەرنىڭ جەمئىيىتىڭدە ياشىغاندىن ياخشىراق!

- ساتقىن، سەن ماڭا شۇنداق رەھمەت دىمەكچىدىڭمۇ؟ - دىدىم ئۇنىڭغا پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تىرەجەپ تۇرۇپ، - مەن سېنى قۇتقۇزۇۋالماقچى بوپتىمەن.

ـ بۇنى بىلىمەن، سەن مېنى قۇتقۇزۇۋېلىشىڭ مۇمكىن ئىدى. ئەمما، مەن سېنى ئۆزەم بىلەن بىللە ئۆلتۈرمەكچىمەن! سېنىڭ ئۆلۈمىڭ مېنىڭ ھاياتىمدىن قىممەتلىك. قېنى، چۈشە بۇ ياققا!

ئۇنىڭ دىقماق، يوغىلۇق قوللىرى ئاجايىپ بىر كۈچ بىلەن مېنى تۆۋەنگە تارتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ، ئاغزى كۆپۈكلىشىپ كەتتى، چەكسىز ئۆچمەنلىك ۋە ئىنتىقام ئېلىش ئۈمىدى ئۇنىڭغا ھەسسىلەپ كۈچ بېغىشلىماقتا ئىدى. بىر مىنۇت بۇرۇن گەرچە ئۇ ھېلى چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىياپەتتە ماڭا شۇنچىلىك يالۋۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئەمدى ئۇ ئىككى پۇتىنى بۆرتۈپ چىقىپ تۇرغان تاشقا تىرەجەپ، مەزمۇت تۇرۇۋېلىپ، ئۆزىنى ساقلاپ قالغان چوڭ يىلتىزنى خۇددى يولۋاستەك لىڭشىتىپ تىپىرلاۋاتاتتى، ئۇ يىلتىزنى قومۇرۇپ تاشلىيالىسا ياكى سۇندۇرالىسا، ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئېغىرلىقى بىلەن مېنى تۆۋەنگە سۆرەپ چۈشۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئۇ جان-جەھلى بىلەن يىلتىزنى چىشلەپ ئۈزۈۋېتىشكە ئۇرۇنۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ غەزەپلىك ئەسەبىي كۈلكىسى يىلتىزنى چىشلىگەندىلا بىردەم توختاپ قالاتتى، ئۇنىڭ كۆرۈمسىز رەڭگى-روھى شۇنداق پۈرلىشىپ سەتلىشىپ كەتكەن ئىدى، خۇددى جەھەننەمدەك قاراڭغۇ كۆڭلى ئۆز قۇربانىنى ھالاك قىلىشقىلا بېغىشلانغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بەختكە يارىشا، مەن بىر تىزىمنى تاشنىڭ كاۋىكىغا قويۇۋېلىپ، بىر قولۇم بىلەن ئۇستۇمدىكى دەرەخ شېخىنى مەزمۇت تۇتۇۋالغان ئىدىم، خەتەرلىك پەيتلەردە ئىنساندا پەيدا بولىدىغان كۈچلۈك قوغدىنىش تۇيغۇسى بىلەن بۇ چاكارغا قاتتىق قارشىلىق كۆرسەتتىم، مەن پات-پات ھالسىراپ نەپەس ئېلىۋاتاتتىم. ئاللىقاچان يىراقلاپ كەتكەن بيۇگ-ژارگالنىڭ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىيالىشىغا تولۇق ئىشىنەلمىسەممۇ، يەنىلا «بيۇگ-ژارگال!» دەپ قاتتىق ۋارقىرايتتىم. شارقىراتمىنىڭ گۈلدۈرلىگەن شاۋقۇنى مېنىڭ ئاۋازىمنى بېسىپ كېتەتتى.

خەببىرا مېنىڭ شۇنچىلىك كەسكىن قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقانلىقىمنى كۆرۈپ، تېخىمۇ كۈچەپ، پۈتۈن قەھرى-غەزىپى بىلەن تۇتۇنغىلى تۇردى. بىزنىڭ كۈرىشىمىز ئانچە ئۇزاق داۋام قىلمىدى، لېكىن بۇ كۈرەش مەنزىرىسىنى سىلەرگە تەسۋىرلەپ بېرىش ئۈچۈن خېلى كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ. ئاخىر مەن ئۆزەمنىڭ ھالسىزلىنىۋاتقانلىقىمنى سېزىشكە باشلىدىم، قوللىرىم دەرمانسىزلىنىپ تىترەشكە باشلىدى، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، قانداقتۇ بىر

ئىمىر-چىمىر نەرسىلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى، «قارس-قۇرس» قىلغان ئاۋاز قۇلىقىمغا كىردى! بۇ يىلتىزنىڭ ئاۋازى ئىدى، چاكار بارلىق كۈچى بىلەن سىلكىپ، تارتىپ تۇرغان يىلتىز سۇنۇپ، ئۈزۈلۈپ كېتىشكە ئاز قالغان ئىدى. چوڭقۇر جەھەننەم ماڭا يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، بۇ كۆرەشتە ئۇتۇپ چىقىش ئۈچۈن ھارغىنلىق ۋە چارچاشنى يېڭىپ، بارلىق كۈچۈمنى توپلاپ، پۈتۈن ئاۋازىم بىلەن «بيۇگ-ژارگال!» دەپ يەنە ۋارقىرىدىم. جاۋاپ ئورنىغا ئىتنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلاندى... مەن راسكىنى ئاۋازىدىن تونۇدۇم ۋە بۇرۇلۇم قارىدىم. بيۇگ-ژارگال ئىت بىلەن بىللە يۇقۇرۇدىكى يوچۇق ئەتراپىدا تۇراتتى، ئۇ مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىدىمۇ ياكى مېنى قۇتقۇزۇش قايغۇسى يەنە قايتىپ كېلىشكە مەجبۇر قىلدىمۇ، بۇنى بىلمىدىم، ئۇ مېنىڭ خەتەرلىك ئەھۋالىمنى كۆرۈپ ۋارقىرىدى:

- چىڭ تۇر!

خەببىرا مېنىڭ يەنە قۇتۇلۇپ كېتىشىم مۇمكىنلىكىدىن ئەنسىرەپ، ئاغزىدىن كۆپۈك قايناتقان ھالدا:

- چۈشە، چۈشە بۇ ياققا!-دەپ ۋارقىراپ تۇرۇپ غەيرىي ئىنسانىي كۈچ بىلەن ئاخىرقى قېتىم مېنى تۆۋەنگە تارتتى. دەرمانسىزلانغان قولۇم دەرەختىن ئاجراپ كەتتى، ئەمدى ئىش تامام بولغان ئىدى! ئەمما دەل شۇ پەيتتە كىمدۇ بىرى مېنى كەينىمدىن تۇتۇۋالدى، بۇ، راسك ئىكەن! بۇ ئىت ئۆز خوجايىنىنىڭ ئىشارىتى بىلەن يۇقۇرىدىكى يوچۇقتىن توپ - توغرا مەن تۇرغان يەرگە سەكرەپ چۈشۈپ، چاپىنىمنىڭ پېشىدىن مەھكەم چىشلەپ تارتىپ، مېنى ھاڭغا چۈشۈپ كېتىشتىن ساقلاپ قالدى. بۇ كۈتۈلمىگەن ياردەم مېنى ھالاكەتتىن قۇتقازدى. خەببىرانىڭ ئاخىرقى غەزەپلىك ئۈرۈنۈشى بىكارغا كەتتى، ئۇ ھالسىزلانغان ئىدى، مەن پۈتۈن كۈچۈمنى توپلاپ غەيرەتكە كەلدىم - دە، چىڭ تۇرۇۋالدىم. ئۇنىڭ كۆيۈشكەن بارماقلىرى بەرداشلىق بېرەلمەستىن، يىلتىزدىن ئاجراپ كەتتى - دە، سالماق بىلەن قاراسلاپ سۇنغان يىلتىز بىچارە چاكارنى جەھەننەمگە ئېلىپ كەتتى. ئۇ، چۈشۈپ كېتىۋېتىپ مېنى بىر نىمىلەرنى دەپ قاغىدى. مەن ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلىيالمىدىم، بۇ چاغدا راسك مېنى قىرغاققا تارتىپ چىقىرىپ بولغان ئىدى. خەببىرانىڭ ئاۋازى يەتتە قات جەھەننەمدەك چوڭقۇر ھاڭنىڭ تېگىدە

شاقىراپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلۇپ، بىراقلا تىندى، ئۇ سۇغا غەرق بولۇپ ئۇجۇقتى، تاغامنىڭ چاكىرى ئۆز هاياتىنى ئەنە شۇنداق تاماملىدى.

## 35

ئۆگكۇردىكى بۇ ئاجايىپ دەهشەتلىك هادىسە، غەزەپلىك كۈرەش ۋە ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋىتى مېنى پۈتۈنلەي هالىدىن كەتكۈزگەن ئىدى. مەن دەرمانسىزلىقتىن ئېسىمنى يوقىتىپ، ئۆزەمنى يەرگە تاشلاپ ياتتىم. بيۇگ- ژارگالنىڭ ئاۋازى مېنى سەگەكلەشتۈردى.

- ئۇكا!- دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، - بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كەت! يېرىم سائەتتىن كېيىن كۈن ئولتۇرىدۇ. مەن سېنى دالىدا كۈتىمەن، راسىكا ئەگىشىپ مېڭىۋەر.

ئۇنىڭ بۇ دوستانە خىتابى ماڭا ئىشەنچ، كۈچ ۋە تىمەنلىك بېغىشلىدى. مەن ئورنۇمدىن قوپتۇم، راسك بىردەمدىلا يەر ئاستى كارىدورىغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدىم. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ماڭا تەرەپنى كۆرسىتىپ بەردى. بىر نەچچە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن ئالدىمىزدا يورۇقلۇق كۆرۈندى، بىر ئازدىن كېيىن بىز غارنىڭ ئېغىزىغا يېتىپ كەلدۇق. پەقەت شۇ يەردىلا مەن ئەركىن نەپەس ئالدىم. بۇ زۇلمەت، زەي يەر ئاستى ئۆگكۇردىن چىقىپ بولغىنىمدا، خەبىرانىڭ «بۇ يەردىن پەقەت ئىككىمىزنىڭ بىرىلا ئامان چىقالايمىز» دىگەن سۆزى ئېسىمگە چۈشتى. ئۇنىڭ كارامىتى ئەمەلدە كۆرۈندى، لېكىن ئۇ ئاززۇ قىلغاندەك بولمىدى.

## 36

تۈزلەڭگە چۈشكەندىن كېيىن، مەن بيۇگ- ژارگالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ- تىنسىز ئۇنىڭ قوينىغا ئۆزەمنى ئاتتىم، قەلبىمدە مىڭلىغان سۇئاللار قايناپ- تاشماقتا ئىدى، لېكىن هاياجانلىنىپ هېچنەرسە دىيەلمىدىم.

- قۇلاق سال،- دىدى ماڭا بيۇگ- ژارگال، سېنىڭ ئايالىڭ، يەنى مېنىڭ سىڭلىم ئامان- ئېسەن. مەن ئۇنى ئاقلار لاگىرىغا ئاپىرىپ كۆزەتچى قىسمىنىڭ باشلىقىغا تاپشۇرۇپ بەردىم، ئۇ كىشى سېنىڭ قېرىندىشىڭ ئىكەن. مەن

ئۆچۈن گۆرۈگە تۇتۇپ تۇرۇلغان ئۇن نەپەر يولدىشىمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن مەن ئەسىرلىك ئورنۇمغا قايتماقچى ئىدىم. سىپنىڭ ھېلىقى قېرىندىشىڭ تېزدىن بېرىپ سېنى قۇتقۇزۇپ كېلىشىمنى تاپشۇردى، ئەگەر بىئاسۇ سېنى ئۆلتۈرسە ۋە ئۆلگەنلىكىڭنى ئاقلارغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن بەلگە قىلىنغان قارا بايراقنى ئېگىز چوققىغا قادىسا، ئۇ ھالدا، ئۇن نەپەر نېگىرنىڭ جەزمەن ئۆلتۈرۈلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ مەن بۇ ياققا چاپتىم، راسك ماڭا يول كۆرسەتتى. مانا، خۇدانىڭ رەھمىتى بىلەن مەن ئۆز ۋاقتىدا يېتىپ كەپتىمەن! ئەمدى سەنمۇ ھايات قالىسەن، مەنمۇ ھايات قالىمەن.

ئۇ قولىنى ئۇزىتىپ تۇرۇپ يەنە شۇنداق دېدى:

ـ ئەمدى رازى بولدۇڭمۇ، ئۇكا؟

مەن ئۇنى تېخىمۇ مەھكەم قۇچاقلىدىم ۋە بۇندىن كېيىن مېنى زادىلا تاشلىۋەتمەسلىكىنى ۋە ئاقلار ئارىسىدا قېلىشىنى ئۆتۈنۈپ سورىدىم. مۇستەملىكە ئارمىيىسى تەركىبىدە ھەربىي مەنسەپ ئېلىپ بېرىشىنى ۋەدە قىلدىم. لېكىن ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى جىددىي رەت قىلدى.

ـ ئۇكا، مەن سېنى قارا تەنلىكلەر سېپىدە قالغىن، دەپ دەۋەت قىلغانمىدىم؟ ـ دېدى ئۇ.

مەن بۇ سۆزنىڭ ھەققانىي ئېيتىلغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈندىمىدىم.

ـ يۇر، رەپىقەڭنىڭ ئالدىغا تېزرەك بارايلى، ـ دېدى ئۇ خۇشاللىق بىلەن، ـ سەن ئۇنى خاتىرجەم قىلىشىڭ كېرەك!

مەنمۇ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن مارىنىڭ ئالدىغا تېزرەك بېرىشقا تەقەززا ئىدىم. بۇ بەخت بىلەن مەن مەس ئىدىم. بىز يولغا راۋان بولدۇق. بىيۇگ ـ ژارگال يولنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن ئالدىمىدا ماڭدى. راسك كەينىمىزدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى....

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە، دې ئوۋېرنە جىم بولۇپ قالدى ـ دە، ئەتراپىدىكىلەرگە غەمكىن نەزەر تاشلىدى. ئۇنىڭ ماڭلىيىدىن مۇنچاقتەك تەر ئېقىپ چۈشتى. ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالدى. راسك بولسا گويا بىئارام بولۇپ ئۇنىڭغا مۆلدۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

ـ ئاھ، راسك! ئاشۇ ۋاقىتتىمۇ سەن ماڭا خۇددى مۇشۇنداق تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئىدىڭ!... ـ دېدى كاپىتان تىترەك ئاۋاز بىلەن.

قاتتىق ھاياجان ئىچىدە كاپىتان ئورنىدىن تۇرۇپ چىپدىردىن چىقىپ كەتتى، سىرژانت بىلەن ئىتمۇ ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى.

## 37

ـ بەسلىشمەنكى، ئەمدى بىز بولىدىغان پاجىئەلىك ھادىسىنى بىلىمىز!
ـ دېدى ئانرى خىتاپ قىلىپ، ـ ئەگەر بىۋگ ـ ژارگال بىرەر پالاكەتكە ئۇچراپ قالىدىغان بولسا، ھەقىقەتەنمۇ ئېچىنىشلىق بولىدۇ. ئاجايىپ ئالىيجاناپ يىگىت ئىكەن ئۇ!

پاسكال قولىدىكى چايدىنىنى يەرگە قويۇپ دېدى:

ـ ئۇ نىگېر ھاراق ئىچكەن ھېلىقى رومكىنى يەنى كوكس ياڭىقى شاكىلىنى بىر كۆرۈش ئۈچۈن مەن ئۇنىلغان بوتۇلكا ئالىي ھاراقنى تىككەن بولاتتىم!

قولىدىكى گىتارنى ھەۋەس بىلەن ئوينىغاچ چوڭقۇر خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ئالفرېد گىتتار سىملىرىنى چېكىشنى توختىتىپ، لېيتېنانت ئانرىددىن مېدال پۆپۈكلىرىنى تۈزىتىپ قويۇشنى ئۆتۈندى.

ـ بۇ نېگىر مەندە ھەقىقەتەن چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى، ـ دېدى ئۇ،
ـ قىزىق، ئۇ «گۈزەل پادىلىيە» دېگەن گۈزەل ئىسپانىيە كۈيىنى بىلەتتىمىكىن، بۇنى ئوۋېرنەددىن سوراشقا پېتىنالمىدىم.

ـ ئەمما، مەن بىئاسۇغا ھەممىدىنمۇ بەكرەك قىزىقتىم، ـ دېدى پاسكال، ـ ئۇنىڭ ئىچكەن پىچەتلىك ۋىنولىرى، ئېھتىمال، ئەرزىمەس ھاراقلاردۇر، لېكىن ئۇنىڭ فرانسۇزلارنى ياخشى بىلىشى ئاجايىپ ئىكەن! ئەگەر مەن ئۇنىڭغا ئەسىر چۈشكەن بولسا بۇرۇتۇمنى تولغان يۇرۇۋەرگەن بولاتتىم. ئۇ بىردىنلا ماڭا نۇرغۇن سوما مۇكاپات بەرگەن بولاتتى! گوئا شەھرىدە بىر پورتۇگالىيىلىك كاپىتان ئاشۇنداق قىلغان ئىكەن، شۇنى ئېيتىمەنكى، ماڭا ھەق تۆلەۋاتقانلار بىئاسۇغا قارىغاندا تازىمۇ خەسىس ـ تە!

ـ جايىدا گەپ قىلدىڭىز، كاپىتان. مانا، مەن سىزگە تۆلەيدىغان تۆت سومنى ئېلىڭ! ـ دېدى ئانرى پۇلنى تەڭلەپ.

پاسكال ئۆز بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالمىغان بۇ ئىنساپلىق قەرزدارغا ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى.

ـ خوش، جاناپلار، ـ دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئانرى، ـ دې ئۇۋېرنە سۆزلەپ بەرگەن بۇ ھېكايىگە سىلەر قانداق قارايسىلەر؟

ـ ئوچۇقىنى ئېيتسام، مەن بۇ ھېكايىگە ئانچىمۇ زەڭ قويمىدىم، ـ دېدى ئالفرېد، ـ مەن بۇ خىيالچان ئۇۋېرنە تازىمۇ قىزىق نەرسىلەرنى سۆزلەپ بېرىدۇ، دەپ كۈتكەن ئىدىم. ھەقىقەتەنمىغۇ شۇنداق بولدى، ئۇنىڭ ھېكايىسى شېئىر بىلەن، ياق، نەسىر بىلەن يېزىلغان مۇھەببەت داستانى ئىكەن! بىراق مەن نەسرى داستانلارنى ياقتۇرمايمەن، چۈنكى، ئۇنى ئاھاڭغا سالغىلى بولمايدۇ. قىسقىسى، بيۇگ ـ ژارگال ھەققىدىكى بۇ تارىخ مېنى زېرىكتۈردى. ئۇ تولىمۇ ئۇزۇن ئىكەن.

ـ توغرا ئېيتتىڭىز، ـ دېدى ئادىيۇتانت پاسكال ئالفرېدنى ياقلاپ، ـ بۇ ھىكايە بەكمۇ ئۇزۇن ئىكەن، ئەگەر چېلىم بىلەن چايدىنىم بولمىغان بولسا، بۇگۈنكى كېچە مەن ئۈچۈن تولىمۇ زېرىكىشلىك بولغان بولاتتى. سىلەر سەزدىڭلارمۇ؟ بۇ ھېكايىدە بىمەنە گەپلەر جىق، مەسىلەن ئالايلى، ھېلىقى باخشى، ئۇنىڭ ئىسمى نىمىدا؟ كابى براتمىدا؟ ياق، كابىبرا.... دۈشمىنىنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن ئۆزىمۇ ئۆلۈشكە رازى بولغانمىش!...

ـ ھەئە، ئۆزىنى سۇغا تاشلاپ ئۆلۈشكە، دەڭا، شۇنداقمۇ، كاپىتان پاسكال؟ ـ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى ئانرى كۈلۈپ، ـ لېكىن ئۇۋېرنە ھېكايە سۆزلەۋېتىپ بيۇگ ـ ژارگالنىڭ نامىنى ئاتىغاندا، توكۇر ئىتنىڭ بېشىنى كۆتىرىپ قاراشلىرى مېنى ھەممىدىنمۇ بەك قىزىقتۇردى.

ـ ئىستىقامەتتە ئولتۇرغان بۇۋىم ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نامى تىلغا ئېلىنسا بېشىنى تۆۋەنگە ئېگىدۇ. ئەمما بۇ ئىت ئەكسىچە، بيۇگ ـ ژارگالنىڭ نامىنى ئاڭلىسا بېشىنى كۆتىرىدىكەن، ـ دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى پاسكال، ـ چېركاۋدا مەن تولا كۆرگەن: ئىبادەتخانىلاردا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ نامىنى ئاتىغاندا، ھەممىسى بېشىنى ئېگىدۇ.

شۇ پەيتتە ئوفىتسېرلار پوستا تۇرغان جەڭچىنىڭ مىلتىقىنى شاراقلاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قېلىشتى. دېمەك، ئۇۋېرنە كىرىۋاتاتتى، ھەممىسى جىم بولۇشتى، دې ئۇۋېرنە قولىنى كۆكسىگە گىرەلەشتۈرۈپ، چېدىر ئىچىدە بىردەم مېڭىپ يۈردى. قېرى جەڭچى تادې ئۆزىنى ھاياجىنىنى كاپىتاندىن يوشۇرۇش ئۈچۈن بىر بۇلۇڭدا راسكىنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ ئولتۇرۇپ، يەر تېگىدىن كاپىتانغا قاراپ قويدى.

ئاخىرى، دې ئۇۋېرنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

## 38

شۇنداق قىلىپ، راسىك كەينىمىزدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. كۈن پېتىشقا باشلىدى. كۈننىڭ ئاخىرقى نۇرى دالىنى قاپلاپ تۇرغان ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىلىرىدىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىردىن ئېگىز چوققىدا قانداقتۇ بىر نەرسە پىلدىرلاپ كۆرۈنگەندەك بولدى-دە، كېيىن يوقاپ كەتتى. بىيۇگ-ژارگالنى تىترەك باستى.

-ئاڭلىدىڭمۇ؟-دېدى ئۇ قولۇمنى چىڭ تۇتۇپ.

پۈتۈن دالىنى ياڭرىتىپ خۇددى زەمبىرەكتەك گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇنىڭ ئەكس ساداسى تىنىشى بىلەن تەڭ بىيۇگ-ژارگال غەمكىن بولۇپ قالدى:

-بۇ-سىگنال، ئۇلار زەمبىرەكتىن ئوق ئۈزدى، ئەتىمالىم!

مەن ئۇندىمەي بېشىمنى قىمىرلاتتىم.

بىيۇگ - ژارگال ئىككى سەكرەپلا ئېگىز چوققىغا چىقتى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتىم. ئۇ قولىنى كۆكسىگە گىرەلەشتۇرۇپ ئەتراپقا قارىدى - دە، مېيىقىدا مەيۈس كۈلۈپ قويدى.

-كۆرۈۋاتامسەن؟ - دەپ سورىدى ئۇ.

مەن ئۇ قاراۋاتقان تەرەپكە كۆز تىككىنىم ۋە بۇگۈن ماڭا كۆرسىتىپ قويغان ھېلىقى ئېگىز چوققىنى كۆردۈم. پېتىۋاتقان كۈننىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇرى چوققىنى خىرە يورۇتۇپ تۇراتتى، چوققىدا لەپىلدەپ تۇرغان چوڭ قارا بايراقنى كۆردۈم.

دې ئۇۋېرنە جىم بولۇپ قالدى.

-كېيىن بىلىشىمچە، - دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ بىر ئاز توختىۋالغاندىن كېيىن، - بىئاسۇ كۆچۈشكە ئالدىرىغانلىقتىن ۋە مېنى ئاللىقاچان ئۆلتۈرۈلدى، دەپ ھېسابلىغانلىقتىن، قەتىل قىلغۇچى ئەترەتنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتمەيلا چوققىغا قارا بايراقنى قاداشقا بۇيرۇق بەرگەن ئىكەن.

بىيۇگ ـ ژارگال قولنى گىرەلەشتۈرگەن پېتى قىمىرلىماي ئورنىدا تۇرۇپ، بۇ لەنتى قارا بايراقتا كۆز تىكتى ـ دە، ئاندىن ناھايىتى چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن قوزغىلىپ، خۇددى ھولۇققانىدەك تۆۋەنگە قاراپ چوڭ ـ چوڭ قەدەم تاشلىدى.

ـ ئاھ، خۇدا، مېنىڭ بەختسىز يولداشلىرىم قۇربان بولىدىغان بولدى!

ـ دەپ ئالدىمغا كەلدى ۋە سورىدى، ـ زەمبىرەك ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟

مەن جاۋاب بەرمىدىم.

بۇ ـ ئىشارەت! ئۇكا، ئەمدى ئۇلارنى ئىزتىشقا ئېلىپ چىقىدۇ... ـ دېدى ۋە بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ، ماڭا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ دېدى، ـ ئايالىڭنىڭ ئالدىغا بارغىن، ئۇكا! راسىك ساڭا يول كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئۇ قانداقتۇ بىر ئافرىقا مۇھەببەت ناخشىسىنى غىڭشىپ ئېيتتى. ئىت بولسا، يولغا چىقىشقا ئالدىرىغاندەك قۇيرۇقىنى شىپاڭلىتىپ تۇراتتى.

بىيۇگ ـ ژارگال مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇپ، كۆلۈمسىرەشكە ئۇرۇندى، بىراق ئۇنىڭ لەۋلىرى تىترەيتتى. ئاندىن «خەير!» دەپ مەن بىلەن خوشلاشتى ـ دە، ئەتراپىمىزدىكى قويۇق ئورمانلىققا كىرىپ غايىپ بولدى.

مەن گاراڭ ھالەتتە ئىدىم، نىمە بولغانلىقىنى زادىلا بىلەلمەي قالدىم. ھە دېگەندە يۈرۈكۈم بىرەر پالاكەتنى سەزگەندەك ئەنسىز تېپىشكە باشلىدى.

خوجايىنىنىڭ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن راسىك قىيا چوققا گىرۋىكىگە يۈگۈرۈپ چىقىپ، بېشىنى كۆتىرىپ غىڭشىپ قويدى ـ دە، ئاندىن مېنىڭ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ چۈشۈپ قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتقان ھالدا كۆزۈمگە تەلمۈرۈپ قاراپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆزى پەرىشان چاقناپ تۇراتتى. بىردەم شۇنداق تۇرغاندىن كېيىن، بىيۇگ ـ ژارگال تۇرغان يەرگە بېرىپ قاتتىق قاۋاشقا باشلىدى. مەن ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى چۈشەندىم. ھەر ئىككىمىزنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قايغۇ ئوخشاش ئىدى. مەن راسكىنىڭ يېنىغا كەلدىم، ئۇ دەرھال بىيۇگ ـ ژارگالنىڭ ئىزىدىن ئوقتەك يۈگۈردى. ئەگەر ئۇ پات ـ پات توختاپ مېنى كۈتمىگەندە ئىدى، قانچە تېز يۈگۈرسەممۇ، بەربىر ئۇنىڭغا يېتىشەلمەي، يولدىن ئادىشىپ كېتىشىم مۇمكىن ئىدى. شۇ يوسۇندا بىر نەچچە جىلغىنى بېسىپ ئۆتۈپ، بىر نەچچە بەل ـ داۋاندىن ئاشتۇق.

ئاخىرى....»

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە، كاپىتاننىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايىدا چوڭقۇر قايغۇ ـ ھەسرەت ئەكس ئەتتى:

«ئاخىرىنى سەن سۆزلە، تادىي» دېدى ئۇ ئارانلا ئۇن چىقىرىپ، ـ دەرمانىم قۇرىدى، سۆزلەشكە ماجالىم قالمىدى.

قېرى سېرژانت كاپىتاندىنمۇ بەكرەك ھاياجانلانغان ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە ئىتائەت قىلىپ سۆز باشلىدى:

«رۇخسىتىڭىز بويىچە سۆزلەي، جانابىي كاپىتان... شۇنداق قىلىپ، مەن سىلەرگە داۋامىنى سۆزلەپ بېرەي، جانابىي ئوفىتسېرلار، شۇنى ئېيتىشىم كېرەككى، بىز يىپىرو دەپ ئاتىغان ئاشۇ بىۋگ ـ ژارگال ئاجايىپ ئالىيجاناپ، ئاقكۆڭۈل، كۆچلۈك ۋە مەرد يىگىت ئىدى، يەر يۈزىدە ئەڭ ياخشى باتۇر ئىدى. ئەپسۇسكى، سىزدىن كېيىن، جانابىي كاپىتان. مەن ئۇنىڭغا ئۇنتۇلغۇسىز يامانلىق قىلدىم. گەرچە سىز مېنىڭ بۇ قىلمىشىمنى ئەپۇ قىلغان بولسىڭىزمۇ، ئەمما مەن ئۆزەمنىڭ بۇ گۇناھىنى ھېچقاچان ئەپۇ قىلمايمەن! خەير، سۆزنىڭ ئۆزىگە كېلەي، مەن سىزنىڭ ئەتىسى كەچقۇرۇنلۇقى قەتلى قىلىنىدىغانلىقىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ بىچارە نېگىرغا تازىمۇ غەزەپلەندىم، ئۇنى شۇنچىلىك قوپال دۆشكەنلىدىمكى، بۇنى ھازىر سۆز بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكە ئاجىزمەن. قىسقىسى، مەن ئۇنىڭغا ئەگەر سىز قەتلى قىلىنسىڭىز، دەرھال ئۇنىڭمۇ جەھەننەمگە ئەۋەتىلىدىغانلىقىنى، ئەگەر قېچىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىغا ئۇن نەپەر نېگىرنىڭ ئېتىلىدىغانلىقىنى قەھرى ـ غەزەپ بىلەن ئۇقتۇردۇم. بۇ گەپلەردىن ئۇ ئانچىمۇ چۆچۈپ كەتمىدى. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ، بۇ سۆز ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان بولسا كېرەك، بىر سائەتتىن كېيىن قېچىپ كەتتى...

دې ئۇۋېرنە تاقەتسىزلىنىپ قىمىرلىماي قويىدى.

تادىي سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

ـ خەير، بۇ گەپلەر تۇرۇپ تۇرسۇن، بىز ئىگىز تاغ چوققىسىدا چوڭ قارا بايراقنى كۆرگەندە، نېگىرنى قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ھېچ ئويلىمىغان ئىدۇق، شۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ ئىككىلەنمەستىن زەمبىرەكتىن ئوق ئۈزۈپ سىگنال بەردۇق، سىگنالدىن كېيىن ئون نەپەر نېگىرنى ئېتىش ئورنىغا ئېلىپ چىقىش ھەققىدە ماڭا بۇيرۇق بېرىلدى. ئېتىش ئورنى «شەيتان غار» دەپ ئاتىلىدىغان چوققىدا بولۇپ، لاگېردىن خېلى يىراق ئىدى. بۇ ئارىلىقنى

ھېسابلاپ ئۆلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، جانابىي ئوفىتسېرلار! بىز بۇ يەرگە يېتىپ كەلدۇق. بۇ يەرگە كېلىشتىن مەقسەت، تۇتقۇنلارنى قويۇۋېتىش ئەمەس ئىدى، ئەلۋەتتە! شۇڭا مەن ئۇلارنى باغلاپ، قاتار تۇرغۇزۇشنى بۇيرۇدۇم ۋە ئەسكەرلەرنى چاپراس تۇرغۇزدۇم. شۇ چاغدا بىردىنلا ئورمانلىقتىن ئېگىز نېگىرنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدۇق. مەن لاسسىدە بوشاپ كەتتىم. نېگىر يۈگۈرگەن پېتى مېنىڭ ئالدىمغا كەلدى ـ دە، ھاسىراپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى:

ـ خۇداغا شۈكرى، مەن كېچىكمەپتىمەن، سالام، تادىي!

ئۇ شۇنداق دەپلا يولداشلىرىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ قوللىرىنى يېشىشكە كىرىشتى، مەن داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدىم. جانابىي كاپىتان، بۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مېھرىبانلارچە تالاش ـ تارتىش بولۇۋاتاتتى، بۇ تالاش ـ تارتىش ئۇزاققا سوزۇلغان بولسىچۇ، كاشكى!.. ئامال يوق، ئۇنى مەن نابۇت قىلدىم، ھەممىگە مەن ئەيىپلىك! ئاخىرى، پىيېرو ئۇ نېگىرلارنىڭ ئورنىغا كېلىپ تۇردى... خۇددى شۇ پەيتتە ئۇنىڭ ئىتى بىچارە راسىك ئورماندىن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ تۈپ ـ تۈز مېنىڭ كېكىرتىكىمگە ئېسىلدى، ئىسىت، يەنە بىردەم ماڭا ئېسىلىپ تۇرغان بولسىچۇ! شۇ چاغدا پىيېرو ئۇنىڭغا ئىشارەت قىلىۋىدى، ئىت مېنى قويۇۋېتىپ، ئۆز خوجايىنىنىڭ ئايىغىغا كېلىپ ياتتى. بيۇگ ـ ژارگال قانچە قىلسىمۇ ئۇنى ھەيدىۋېتەلمىدى... شۇنىڭ بىلەن ھېلىقى ئەھۋال يۈز بەردى. جانابىي كاپىتان، مەن سىزنى ئۆلتۈرۈۋېتىشتى، دەپ ئويلىغان ئىدىم.... غەزەپتىن ئۆزەمنى تۇتالماي، ئېتىڭلار! ـ دەپ بۇيرۇق بېرىپ سالدىم....

سېرژانت تادىي قولىنى كۆتىرىپ كاپىتانغا قارىدى ـ دە، تەقدىرگە پۈتۈلگەن قازا ھەققىدە ئوچۇق سۆزلەشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

ـ بيۇگ ـ ژارگال يىقىلدى. بىر ئوق كېلىپ ئىتنىڭ پۇتىغا تەگدى... ئەنە شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ، جانابىي ئوفىتسېرلار، ئىت توكۇر بولۇپ قالدى، ـ دېدى سېرژانت ئېچىنغان ھالدا بېشىنى چايقاپ، ـ تۇيۇقسىز، يېنىمىزدىكى ئورمانلىقتىن ئادەمنىڭ ئىڭرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، بېرىپ قارىسام، سىز ئىكەنسىز، جانابىي كاپىتان، سىز ئۇ ئالىيجاناپ نېگىرنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقىنىڭىزدا، بىر ئاتقان ئوق سىزگە تېگىپ يارىلانغان

ئىكەنسىز. سىز ئاغرىق ئازابىدىن ئەمەس، بەلكى قايغۇ-ئەلەم ئازابىدىن ئىڭراۋاتاتتىڭىز، جانابىي كاپىتان! بيۇگ-ژارگال ئاللىقاچان ئۆلگەن ئىدى!

بىز سىزنى لاگىرغا ئېلىپ كەلدۇق. سىزنىڭ يارىڭىز بيۇگ - ژارگالنىڭكىدەك خەتەرلىك ئەمەس ئىدى، مارى خېنىم قاراپ سىزنى ساقايتتى»

سېرژانت جىم بولدى.

«بيۇگ-ژارگال ئۆلگەن ئىدى، -دەپ تەكرارلىدى دې ئوۋېرنە چوڭقۇر ھەسرەت ۋە تەنتەنە بىلەن»

«لېكىن، ئۇ مېنىڭ قېنىمدىن كەچكەن بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، مەن... مەن ئۇنى ئۆلتۈردۈم! - دېدى تادې بېشىنى تۆۋەن ئېگىپ»

1826 - يىل

# خاتىمە

كۆپلىگەن كىتاپخانلار روماندا ئۆزلىرىنى قىزىقتۇرغان شەخسلەرنىڭ ئاخىرقى تەقدىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلىشنى قەتئىي تەلەپ قىلغانلىقتىن، بىز ئۇلارنىڭ بۇ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بەزى تەكشۈرۈشلەرنى ئېلىپ باردۇق، سۈرۈشتۈردۇق، ئاخىرى كاپىتان دې ئوۋېرنە، ئۇنىڭ سېرژانتى ۋە ئۇنىڭ ئىتىنىڭ ئاخىرقى تەقدىرى ھەققىدىكى ئەھۋالنى ئېنىقلىدۇق. كاپىتاننىڭ غەمكىن بولۇپ يۈرۈشىدە ئىككى سەۋەپ بارلىقى، ئېھتىمال، كىتاپخاننىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بىرى - بيۇگ - ژارگالنىڭ، يەنى پىيرونىڭ ئۆلۈمى بولسا، يەنە بىرى - ياخشى كۆرگەن مەھبۇبى مارىدىن جۇدا بولۇشى ئىدى. مەلۇمكى، مارى كاپىتىكى بىرىنچى قېتىملىق يانغىن مەزگىلىدە پىيرو تەرىپىدىن قۇتقۇزۇۋېلىنغان ئىدى.

كاپىتاننىڭ ئاخىرقى تەقدىرى قانداق بولدى، بۇ ھەقتە بىزنىڭ بىلگىنىمىز تۆۋەندىكىچە:

باش قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان دېۋىزىيە گېنېرالى M فرانسىيە جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسى ياۋروپا بىرلەشمە ئارمىيىسى ئۈستىدىن غەلىبە قىلغان چوڭ جەڭ تاماملانغان كۈننىڭ ئەتىسى ئۆز چېدىرىدا ئولتۇرۇپ، شتاب باشلىقىنىڭ ھەمكارلىقىدا ئالدىنقى كۈندىكى جەڭدە غەلىبە قازىنىش مۇناسىۋىتى بىلەن مىللىي كېڭەشكە يوللىنىدىغان دوكلاتنى تەييارلاۋېتىپتىكەن. ئادىيۇتانت كىرىپ، خەلق ۋەكىلى كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىششنى خالايدىغانلىقىنى گېنېرالغا خەۋەر قىلىپتۇ.

گورو تەرىپىدىن ئارمىيە تەركىبىنى تەكشۈرۈش ۋە بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇش مەقسىتىدە ھەربىي قوشۇنغا ئەۋەتىلگەن بۇ قىزىل قالپاقلىق ئەلچىلەرنى گېنېرال زادىلا ياقتۇرمايدىكەن. سەۋەبى ئۇلار جاللاتلارنىڭ ئايغاقچىلىرى بولۇپ، ئىشپىيونلۇق قىلىشنى ئۆزلىرى ئۈچۈن شەرەپ ھېسابلايدىكەن. لېكىن ئۇلارنىڭ قوبۇل قىلماسلىق، بولۇپمۇ غەلىبە قازانغاندىن كېيىن قوبۇل قىلماسلىق خەتەرلىك ئىكەن. چۈنكى، ئۇ زاماننىڭ قانخور يوسۇنى قۇربانلىق قىلىشنى ياخشى كۆرۈش بىلەن داڭ چىقارغان ئىكەن.... شۇنداق قىلىپ، گېنېرال ئۇ ۋەكىلنى باشلاپ كىرىشنى بۇيرۇپتۇ.

جۇمھۇرىيەت ئارمىيىسى تەرىپىدىن قازىنىلغان غەلىبىنى تەبرىكلەپ بىر نەچچە ئېغىز قىسقا، تومتاق سۆز قىلغاندىن كېيىن ۋەكىل گېنېرالنىڭ قېشىغا كېلىپتۇ ـ دە، پەس ئاۋاز بىلەن شۇنداق دەپتۇ:

ـ بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس، ھۆرمەتلىك گېنېرال، تاشقى دۈشمەنلەر ئۈستىدىن غەلىبە قازىنىش بىلەنلا قانائەتلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ، ئىچكى دۈشمەنلەرنىمۇ يوقىتىش كېرەك.

ـ سىز نېمە دېمەكچى، ھۆرمەتلىك ۋەكىل؟ ـ دەپ سوراپتۇ گېنېرال ئۇنىڭ سۆزىگە ھەيران بولۇپ.

ـ سىزنىڭ ئارمىيىڭىز ئىچىدە لېوپولددې ئۇۋېرنە ئىسىملىك قانداقتۇ بىر كاپىتان بار ئىكەن، ـ دەپتۇ كېڭەش ۋەكىلى مەنىلىك ھالدا، ـ ئۇ ئوتتۇز ئىككىنچى دالا بىرىگادىسىدا خىزمەت قىلىدىكەن. بۇنى بىلەمسىز، گېنېرال؟

ـ بىلمەيچۇ، بىلىمەن، ئەلۋەتتە، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ گېنېرال، ـ ئوتتۇز ئىككىنچى دالا بىرىگادىسى كوماندىرىنىڭ ئەۋەتكەن دوكلاتىنى مەن يېڭىلا ئوقۇپ چىقتىم. دوكلاتتا ئۇۋېرنە توغرىلىق يېزىلغان. ئۇ ئاجايىپ ياخشى كاپىتان!

ـ نىمە دەۋاتىسىز، ھۆرمەتلىك گېنېرال! ـ دەپتۇ ۋەكىل تەكەببۇرلۇق بىلەن، ـ ئۇنىڭ خىزمەت دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ قويمىغانسىز؟

ـ سىز ئېيتقاندەك قىلماقچىمۇ ئىدىم، ھۆرمەتلىك ۋەكىل، ھەقىقەتەنمۇ ئۇنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش نىيىتىممۇ بار ئىدى....

ۋەكىل ھۆكۈمرانلارچە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ شۇنداق دەپتۇ:

ـ غەلىبە سىزنى گاڭگىرىتىپ قويۇپتۇ، گېنېرال! سۆز ـ ھەرىكىتىڭىزدە ئېھتىياتلىقراق بولۇشىڭىز كېرەك! ئەگەر يىلاننى ـ بۇ خەلق دۈشمىنىنى قوينىڭىزدا ساقلىسىڭىز، خەلق سىزنى ئۇنىڭ بىلەن بىللە يەنچىپ تاشلايدۇ، پەخەس بولۇڭ! لېوپولددى ئوۋېرنە دىگەن بۇ ئادەم ـ ئاقسۆڭەك، ئەكسىلئىنقىلابچى، پادىشاھ تەرەپدارى ۋە ئىككى يۈزلىمچى، خەلق سوتى ئۇنى جاۋابكارلىققا تارتىشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ، سىز دەرھال ئۇنى ماڭا تاپشۇرۇشىڭىز كېرەك!

گېنېرال سوغاق قانلىق بىلەن شۇنداق جاۋاپ بېرىدۇ:

ـ ئۇنى سىزگە تاپشۇرۇپ بېرەلمەيمەن.

ـ تاپشۇرۇپ بېرەلمەيمەن، دىگىنىڭىز نىمىسى؟ ـ دەپتۇ ۋەكىل غەزەپتىن تاتىرىپ، ـ مېنىڭ بۇ يەردە چەكسىز چوققۇقا ئىگە ئىكەنلىكىمنى تېخىچە بىلمەمسىز؟ جۇمھۇرىيەت سىزگە بۇيرۇق قىلىۋاتسا، سىز ئۇنى رەت قىلماقچىمۇ؟ قۇلاق سىلىڭ، سىزنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىڭىزنى مۇكاپاتلاش ئورنىغا ئوۋېرنە توغرىلىق چىقىرىلغان ئاخباراتنى سىزگە ئوقۇپ بېرىمەن. مەن ئوۋېرنە قاتارلىق كىشىلەرنى خەلق سوتىنىڭ ئەيىپلىشىگە ئەۋەتىشىم كېرەك. ئويلايمەنكى، سىز ئاخباراتنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاشقا تاقەت قىلالماسلىقىڭىز مۇمكىن. شۇڭا ئەيىپنامىنىڭ ۋە ئىسىملىكنىڭ بىر قىسمىنىلا سىزگە ئوقۇپ بېرىمەن: «لېوپولدئوۋېرنە (ئەسلى لېوپولېددي ئوۋېرنە) ئوتتۇز ئىككىنچى دالا بېرىگادىسىنىڭ كاپىتانى بولۇپ، شۇنىڭدا ئەيىپلىنىدۇكى، ئۇ سۈيىقەستچىلەر سورۇنىدا تەڭلىك ۋە ئازاتلىق پرىنسىپلىرىنى تەشۋىق قىلىش باھانىسى بىلەن قانداقتۇ بىر ئەكسىلئىنقىلاۋىي تارىخنى سۆزلەپ، پادىشاھ زامانىسىدىكى بىدئەت ۋە مۇتەئەسسىپلىكنى تىكلەشكە ئۇرۇنغان. ئۇنىڭ جىنايىتى شۇكى، ئۇ بەزى مەشھۇر ئۆتمۈش ھادىسىلىرىنى، مەسىلەن، سابىق سان ـ دومىنگودىكى قۇللارنىڭ ئازاتلىق ھەرىكەتلىرىنى سۆزلەپ بېرىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، ئادىل ئەپكار ئاما تەرىپىدىن ئاللىقاچان ئىنكار

قىلىنغان «جاناپلار» دېگەن ئىبارىنى كۆپلەپ قوللىنىپ، «ھۆرمەتلىك كىشى» دېگەن يېڭى ئىبارىنى بىر قېتىممۇ ئىشلەتمەي باقمىغان، نەتىجىدە، ئۇ يۇقۇرىدىكى ھېكايىسى ئارقىلىق، مۇخالىپەتچىلەر ئىچىدە جۇمھۇرىيەتكە قارشى سۈيىقەست ئۇيۇشتۇرماقچى بولغان. شۇڭا ئۇ ئۆلۈم جازاسىغا لايىق، خوش، بۇنىڭغا نىمە دەيسىز، گېنېرال؟ بۇ خائىننى يەنە قوغدىماقچى بولامسىز؟ ئۆز ۋەتىنىگە دۈشمەنلىك قىلغان بۇ خائىننى سوتقا تاپشۇرۇشقا يەنە ئىككىلىنىپ تۇرامسىز؟

-سىز ئېيتقان بۇ «ۋەتەن دۈشمىنى» ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن جېنىنى قۇربان قىلدى، - دەپتۇ گېنېرال پەخىرلىنىپ، - سىزنىڭ دوكلاتىڭىزنىڭ بۇ ئۆزۈندىسىگە مەنمۇ ئۆز دوكلاتىمنىڭ مۇنۇ ئۆزۈندىسى بىلەن جاۋاپ بەرمەكچىمەن، مېنىڭ دوكلاتىمنى ئاڭلاپ بېقىڭ:

«ئوتتۇز ئىككىنچى دالا بېرىگادىسىنىڭ كاپىتانى لېوپولددې ئوۋېرنەنىڭ قەھرىمانلىقى تۈپەيلىدىن بىزنىڭ ئارمىيىمىز يېڭى غەلبىلەرگە ئېرىشتى. بىرلەشمە ئارمىيە پۇختا ئىستىھكام قۇرۇۋالغان بولۇپ، بۇنى ئېلىش غەلىبىنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. بىز ئۇنى چوقۇم ئېلىشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇنىڭغا كىم بىرىنچى بولۇپ ھۇجۇم قىلسا، ئۇ چوقۇم ھالاك بولاتتى. شۇنداق بولۇشقا قارىماي، كاپىتان لېوپولددې ئوۋېرنە ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىپ، ئۇنى ئالدى، نەتىجىدە بىز غەلىبە قازاندۇق. كېيىنچە ئىستىھكامنىڭ خارابىسى ئاستىدىن كاپىتاننىڭ جەسىتى بىلەن بىللە ئوتتۇز ئىككىنچى دالا بېرىگادىسىنىڭ سىرژانتى تادېنىڭ ۋە بىر ئىتنىڭمۇ جەسىتى تېپىلدى. بىز مىللىي كېڭەشتىن كاپىتان لېوپولددې ئوۋېرنەنىڭ ۋەتەن ئالدىدا كۆرسەتكەن بۇ چوڭ خىزمىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ قارار چىقىرىشنى تەكلىپ قىلىمىز.

-ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ دەپتۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ گېنېرال، - بىزنىڭ پىكىرلىرىمىز بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىكەن، ھەرقايسىمىز مىللىي كېڭەشكە ئۆز پىكىرلىرىمىزنى يوللايلى، ھەر ئىككىلا دوكلات پەقەت بىرلا ئوۋېرنەنىڭ مەسىلىسىنى بايان قىلىدۇ. سىز ئۇنى خائىن دەپ ھېسابلاۋاتىسىز، مەن بولسام، ئۇنى قەھرىمان دەپ ھېسابلايمەن: سىز ئۇنى شەرمەندە قىلماقچى بولىسىز، مەن ئۇنى شان-شەرەپكە ئىگە قىلماقچى بولۇۋاتىمەن؛ سىز ئۇ دوكلاتىڭىز ئارقىلىق ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى، مەن بولسام، ئۇنىڭغا تەنتەنىلىك ھالدا ھەيكەل تىكلىمەكچىمەن. ھەر ئىككىمىزنىڭ

دوكلاتى ئۆز رولىنى كۆرسىتىۋەرسۇن. لېكىن بۇ جەڭدە ئۇ قۇربان بولدى، سىزنىڭ جازايىڭىزدىن قۇتۇلدى، شۇنىڭ ئۆزى بىر بەخت، خۇداغا شۈكرى! سىز ئۆلتۈرمەكچى بولغان ئادەم ئاللىقاچان ئۆلۈپ بولدى، ئۇ سىزدىن چاققانراق كەلدى.

ۋەكىل خۇددى تاۋۇزى قولتۇقىدىن چۈشۈپ كەتكەندەك تاتىرىپ، ھەسرەت چېكىپ، پىچىرلاپ شۇنداق دەپتۇ:

ـ ئۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ ـ دە، ئىسىت!

گېنېرال ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ قاپتۇ ۋە ھەيران بولغان ھالدا شۇنداق دەپتۇ:

ـ سىزگە يەنە بىر ئىمكانىيەت بار، ھۆرمەتلىك خەلق ۋەكىلى، ئىستىھكام خارابىسىغا بېرىپ ئىزلەپ بېقىڭ، كىم بىلىدۇ، دۈشمەن ئوقى ئۇنىڭ بېشىنى سىزنىڭ كاللا كېسەر جادۇگىز ئۈچۈن ئاياپ قويغاندۇ، بەلكىم!

1826 ـ يىل

**ئوكيان توردىن تۇران ئېلكىتابقا ئايلاندۇردى.**